
ئادىل تۇنىياز ئەسەرلىرى(1)



# چۈمبەلدىكى كۆز

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئادىل تۇنىياز


# چۈمبەلدىكى كۆز

(شېئىرلار توپلىمى)


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

شېئىر — مەدەنىيلىشىش جەريانىدا يوقىتىپ قويغان ھېسسىياتىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ، قولدىن كەتكەن ۋە جەزمەن ئېرىشىدىغان نەرسىلىرىمىزدىن بېشارەت بېرىدۇ.

— ئادىل



www.uyghurkitap.com



ئادىل تۇنىياز

ئادىل تۇنىياز 1970- يىلى قەشقەر قاغىلىقتا تۇغۇلغان. ئۇ تىنچ سەھرا مەنزىرىسى بىلەن دۆۋە-دۆۋە كىتابلار ئارىسىدا بالىلىقىنى ئۆتكۈزگەن. ئادىلنىڭ دادىسى ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ناھايىتى كىچىك چاغلىرىدىلا ئۇنى شېئىر يېزىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى «سۆزۈك سۇ» 1982- يىلى «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان. تۇنجى شېئىرلار توپلىمى «سۆيۈپ قالسام سېنى ناۋادا» 1992- يىلى، ئىككىنچى توپلىمى «بويتاق شائىرنىڭ مەخپىيىتى» 1998- يىلى نەشر قىلىنغان. بۇ يىل «پەيغەمبەر دىيارىدا كېچىلەر» ناملىق ماقالە-ئوبزورلار توپلىمى بىلەن «چۈمبەلدىكى كۆز» ناملىق بۇ شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى.

ئادىل ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان شائىر. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغىنىڭىزدا ئىنسانىيەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ مەركىزي ئاسىيادىكى قەدىمي ئاۋازىنى ئاڭلىيالايسىز. قۇم بىلەن ئادەملەر، بوستانلىق بىلەن شەھەرلەر ئارىسىدىكى رىتىملىق سادانى تىڭشىيالايسىز. شۇنداقلا ئۇنىڭ مىسرالىرىدىن بىر قەدىمكى مەدەنىيەت ئۇيۇقىدا كۆتۈرۈلگەن ھايات ۋە ماماتنىڭ يېڭى شولىلىرىنى كۆرەلەيسىز.

www.uyghurkitap.com

图书在版编目（CIP）数据
隐形的眼睛/阿迪力·吐尼亚孜著　　乌鲁木齐：新疆人民出版社，2003. 11
ISBN 7 — 228 — 08255 — 9

Ⅰ. 隐… Ⅱ. 阿…Ⅲ. 诗歌—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族与信）　Ⅳ. 1227
中国版本图书管 CIP 数据核字 （2003）第 075250 号

责任编制：艾则孜·吐尔迪
责任校对：组来哈·艾则孜
封面设计：穆拉丁·阿比提
[illegible]：艾木都拉·阿布力孜

# 隐形的眼睛　（维吾尔文）

阿迪力·吐尼牙孜　著

新疆人民出版社出版发行
（乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮编：830001）
新疆新华书店发行
乌鲁木齐隆益达印务有限公司印刷
850X1168 毫米 32 开本 16 印张 4 插页
2003 年 11 月第 1 次印刷 2003 年 11 月第 1 版
印数：1　　3500

ISBN 7 — 228 — 08255 — 9 定价：23.00 元

# شېئىر — مەنا سەپىرى

(ماقالە)

بالا چاغلىرىمدا ساپ ھاۋاسى يېشىل باغلاردىن، ئەركەك سۇلىرى ئاپتاپلىق تاغلاردىن كېلىدىغان پاكىز يۇرت قاغىلىقىنىڭ توپىسىدا ئېغىناپ، سۇيىدە ئېغىزلاندىم. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ناخشا ـ قوشاق ۋە چۆچەكلىرى قاينام بولاقتەك بولدۇقلاپ تۇرىدىغان بۇ مۇھىت ھاياجانلىق بىر سەھرا بالىسىدا شېئىر ئىشتىياقى ئويغاتتى. ئۆيىمىز تىزناپ دەرياسىغا يېقىنلا يەردە ئىدى. ياز ئاخشاملىرى تال ـ باراڭلىق ئايۋانغا ئاڭلىنىپ تۇرغان دەريانىڭ يېقىملىق شارقىراشلىرىدىن ئۇيقۇمىز قېچىپ ھاياجانغا چۆمۈلەتتۇق. گۆدەك قەلبىمدە شېئىرىي رىتىم پەيدا قىلغان سېھىرلىك دەريا شاۋقۇنى ھازىرمۇ پات ـ پات قۇلاق تۈۋىمدە ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

ئاق تاش، كۆك تاش
دەريادىكى سۈزۈك تاش.
سېنىڭ بىلەن مەن ئاداش
ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟

مانا بۇ مەھەللىمىزدىكى بالىلارنىڭ ئاق تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان توپىلىق يولغا چىقىشىپ، ئايدىڭ كېچىلىرى بىر ـ بىرىنى ئويۇنغا چاقىرىشى، سۆز، مەنە، رىتىمدىن تۈزۈلگەن تىل ئويۇنىنىڭ ئادىل دېگەن بالىنى چاقىرىشى ئىدى. مەن شۇ چىقىپ كەتكەنچە قايتىپ كىرمىدىم. مەن ھەممىنى ئۇنتۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن بۇ ئاجايىپ ئويۇنغا بېرىلىپ كەتتىم. سۇ سۈزۈك بولىدۇ، لېكىن دۇنيادا سۈزۈك تاش يوق. بىراق بىز بالىلىق دۇنياسىدا دەريادىكى تاشنىمۇ سۇغا ئوخشاش سۈزۈك، دەپ ئاتىۋالغانىدۇق. يىگىرمە يىلدىن بېرى مانا شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان سۆز-

لەرنىڭ سېھرى ئىچىدە ياشاۋاتىمەن. مەن بىلەن تەڭتۇش باللار ھەر يىلى چېچەكلەرنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ ئاستا ـ ئاستا چوڭ ئادەملەرگە ئايلىنىپ كەتتى. مەن بولسام 33 ياشقا كىرىپمۇ باللىقتىن، باللىقتىكى ئۇ گۈزەل ئويۇندىن ۋاز كېچەلمەي، شائىرلىق كوچىسىدا تەمتىرەپ يۈرۈپتىمەن.

شائىر دەپ ئاتالغان تۇرمۇشتىكى باللىغا ئەقىل ۋە پۇل ھەممە بوشلۇقلارنى ئىگىلىگەن ھازىرقى زامان تۇرمۇشىدا ئۇنچە كۆپ ئىمكانىيەتلەر يوق. كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە بېرىلمەي مەنىسىز سۆزلەردىن مەنە ئىزدەيدىغان بۇ ئىش ئەخمەقانىلىق، رېئاللىققا كىرمەي ئىنسانىيەت قەلبىگە ئىچكىرىلەپ كىرىش بىھۇدە ئاۋارىچىلىق. ھېسسىيات ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋېتىلگەن بۇ مېخانىك دۇنيادا شائىر ئادەملەرنىڭ ماشىنا ئەمەسلىكىنى ئاگاھلاندۇرغۇچى ئاخىرقى ئادەم. مەن شېئىر يېزىشتەك بۇ ئۇلۇغۋار ئاۋارىچىلىقنى كىچىك چاغلىرىمدىن باشلاپلا ئۆزۈمنىڭ شان ـ شەرەپلىك بۇرچى دەپ كەلدىم. بىراق مەن شېئىر يازالىغىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى باشقىلاردىن ئالاھىدە دەپ قارىمايمەن. بەلكىم مىندە بار بولغىنى ناۋاي ياكى يانچۇقچىنىڭ ھۈنىرىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان نەرسىلەردۇر. بىز ئۆزىمىزنى ئىزدەپ تاپالمايدىغان ئاۋات شەھەرلەرنىڭ مەركىزىدە، ھەيۋەت بىنالارنىڭ يېنىدىكى قىسىلچاق دۇكانلاردا سېتىلىۋاتقان ئۇيغۇر نانلىرى بىر قەدىمي مىللەتنىڭ ھاياتي كۈچىنى نامايان قىلىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ بۇ كۆرۈش نۇقتىسىدا مېنىڭ روھي ئىزدىنىشلىرىم بىلەن ناۋاي ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق يوق. يەر شارىنىڭ نوپۇس دەپتىرىدىكى ھەر بىر جان ۋە ھەر بىر مىللەت ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىركىشىۋاتقان بۇ كەسكىن دەۋردە، شېئىر مېنىڭ ئاجىزلىقلىرىمنى تولۇق يۆگەشكە قادىر ئەمەس. خۇددى روسىيە شائىرى سېرگي يېسېنىن ئۆزىنىڭ بىر شېئىرىدا ئېيتقىنىدەك: «شائىر بولۇپ قالمىغان بولسام، بەلكىم ئوغرى بولار ئىدىم. . .» ئۇرۇمچىنىڭ قىستاڭ ئاپتوبۇسلىرىدا ئىشسىزلىق ۋە ئامالسىزلىقتىن تاسادىپي يانچۇقۇمنى كولاۋاتقان قېرىنداشلىرىمنىڭ قولى يۈرىكىمدىكى ئاشۇ قۇپقۇرۇق بوشلۇققا تەگكەندە شۇنداق ئويلاپ قالىمەن: «شېئىرمۇ بىر تۇرلۇك ئامالسىزلىق. ماددي جەھەتتىكى

ئەمەس، روھىي جەھەتتىكى ئامالسىزلىق».

قاقاس تەكلىماكان بويلىرىدا كۆكلەۋاتقان شەھەرلىرىمىز بىزگە مەدەنىيەت تەنھالىقىنى كۈنسېرى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرماقتا. بىز يۈزلىنىۋاتقان بۇ تەنھالىق دۇنيا بىلەن ئۆزىمىز، زامانىۋىلىك بىلەن قەدىمىيلىك ۋە ئەنئەنىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن ئەنئەنىنى يوقىتىش ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت كرىزىسى.

ئىنتېرنېت تورىغا ئوخشاش يەرشارىنىڭ ھەممىلا بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىغا تۇتاشقان ئەقلىي سىستېما ۋە ھەيران قالارلىق سۈرئەتتە ئىشلەپ چىقىرىلغان سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىنسانىيەت بىلەن بىر قاتاردا بىزنى ھاياتلىق بوشلۇقىدىن ئۆزلۈكسىز سىقىپ چىقارماقتا. ئىنسانلارغا ، شۇنداقلا ئۆز خەلقىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ھەر بىر ۋىجدان ئىگىسى بۇنىڭغا جىم تۇرىۋەرمەسلىكى كېرەك. بولۇپمۇ ئۇلۇغ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان قەلەم ئەھلى پىداكارلىق بىلەن زۆرۈر تەنھالىقنى تاللىشى ، توپقا قېتىلىپ جان باقتىلاردىن بولۇۋالماسلىقى لازىم. چۈنكى بۇ ئىستېمال توپى خاسلىقى بار ئادەمنى ۋە ئادەمگەرچىلىكنى، ئۇلۇغۋار نەرسىلەرنى ۋە بارلىق ئۇلۇغ ئىدىيىلەرنى يەۋېتىدۇ. زامانىمىزنىڭ پاراغەت ئەھلى ھەمىشە تەقۋادارلاردىن ھېچقانداق شەرت كەتمەيدىغان ئاسان ئېتىقاد يولىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى، دانىشمەنلەردىن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە پۇل تېپىشنىڭ ئېپى ھەققىدىكى قۇلاققا خۇشياقىدىغان تەلىملەرنى ئاڭلاشنى، شائىرلاردىن بىر يالماپلا« يېگىلى» بولىدىغان شېئىرلارنى يېزىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مانا شۇنداق ئىستېمالدىن باشقا مەقسەت بولمىغان روھى قۇرۇق دەۋرلەردە شائىرلارنىڭ تەنھالىقى بىر بۈيۈك ئېھتىياج. شائىر تەنھالىقتىن ئايرىلغاندا شېئىر ھەۋىسى زېمىندىكى ئادەتتىكى نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شېئىرنىڭ سەلتەنىتى پارچە ـ پۇرات تۇرمۇش ۋە چوپرەندە رېئاللىق ئىچىدە مۇقەددەسلىكىنى يوقىتىپ غايىب بولىدۇ. شېئىرىيەت پەرىشتىسى كۆپىنچە تەنھا دەقىقىلەردە شائىرنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. شۇڭا شائىر ھەددىدىن زىيادە ئىجتىمائىيلىقنىڭ قولى بولۇپ كەتمەي، كىشىلەر توپىدا خىلۋەت ياشىشى كېرەك.

ئەدەبىيات سېھىرگىرى، دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ئارگېنتىنا يازغۇچىسى جورجى لوئىس بورگىس «ئەينەك ۋە نىقاب» دېگەن ھېكايىسىدا مۇنداق يازىدۇ:

شانۇ ـ شەۋكەتلىك بىر پادىشاھ شائىرنى ئوردىغا چاقىرىپ كەپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— تىللاردا داستان بولغۇدەك تۆھپىمۇ يېزىق بىلەن پۈتۈلمىسە كۈنلەردىن بىر كۈن شولىسى ئۆچىدۇ. سەن مېنىڭ نۇسرەتلىرىمنى كۈيلە، مېنى مەدھىيىلە، ئاشۇ ئاجايىپ قەسىدەڭنىڭ شاراپىتىدە ھەر ئىككىمىزنىڭ نامى مەڭگۈ يادلانغۇسى، سەن بۇنى بەجا كەلتۈرەلەمسەن؟

— باش ئۈستىگە ئالىيلىرى، — دەپتۇ شائىر، — مەن بىر ھاپىزمەن. شېئىر ـ غەزەلگە پەيۋەندە بولۇپ كېلىۋاتقىنىمغا 20 يىل بوپتۇ. شېئىرنىڭ 360 خىل قائىدە ئاساسلىرىنى سۇدەك ئىگىلىگەنمەن. سازىمنىڭ بىرلا تارىنى تىرىڭگىدە چېكىپ قويسام ئۇنىڭدىن تۈگىمەس داستانلار تۆكۈلىدۇ. ئىچىم جاۋاھىرات كانى، ئۇنىڭدا ئەڭ قەدىمكى سۆزلەر، مەنىسى ئەڭ چوڭقۇر ئوخشىتىشلار خۇددى تەۋرۈك ئۆي بىساتىدەك تولۇق تۇرۇپتۇ. مەن بۇ ئىلىمنىڭ سىر ئەسرارلىرىغا، ھېكمەت چوڭقۇرلىرىغا يەتكەنمەن. مەن ئىشق ـ پىراقنى، بۇلاڭ ـ تالاڭنى، دېڭىز سەپەرلىرى ۋە جەڭ ـ يېغىلىقلارنى ھەق دادىغا يەتكۈزۈپ يازالايمەن. بارچە شاھلارنىڭ قىسسە، رىۋايەتلەردەك ئاجايىپ شەجەرىسىدىن خەۋەردارمەن. دورىلىق ئوت ـ چۆپلەرنىڭ شىپا رېتسىپلىرىدىن تارتىپ مۇنەججىملەرنىڭ يۇلتۇز ئىلمىغىچە، ھېسابتىن تارتىپ شەرىئەت ئەھكاملىرىغىچە تولۇق بىلگۈچىمەن. ھازىرغىچە بۇ جەھەتتە مەندىن ئېشىپ كېتىدىغان بىرەرسى يوق. ھەجۋىي شېئىرلارغا ئۇستىلىقىمدىن ھەتتا تېرە كېسەللىكىنىڭ تەمرەتكىسىنىمۇ قوزغىۋېتەلەيمەن. مېنىڭ قەلەمدىلا ئەمەس، ئەلەمدىمۇ قانداق يېتىشكەنلىكىم جەڭلەردە ئالىيلىرىغىمۇ ئاياندۇر. مەن بىلمەيدىغان بىرلا نەرسە بار. ئۇ بولسىمۇ شاھىمىزنىڭ شەپقىتىگە قانداق جاۋاب قايتۇرۇش...

پادىشاھ ناھايىتى تاقەتسىزلىك بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپتۇ. ئۇ گېپىنى تۈگىتىشكە يەڭگىل بىر نەپەس ئېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ ئىشلىرىڭ پېقىرغا ئايان. ئاڭلىسام ھازىر بۇلبۇللار باشقا يۇرتلاردا سايراپ يۈرگىدەك. قار - يامغۇر پەسلى ئۆتۈپ بۇلبۇللار دىيارىمىزغا قايتىپ كەلگەندە، سەنمۇ ئوردىغا قايتىپ جىمى شائىرلار ئالدىدا قەسىدەڭنى ئوقۇغايسەن. مەن ساڭا بىر يىل مۆھلەت بېرىمەن. بىرەر مىسرا، بىرەر ھەرپكىمۇ بىخەستەلىك قىلمىغايسەن. شاھىمىزنىڭ تەبىئىتى ساڭا ئايان، ئەجرىڭگە توشلۇق ئالىسەن ئىنئام، بولسا ناباپ قالمايسەن ئامان.

— ئالىيلىرى مېنى قوبۇل قىلغانلىقلىرىنىڭ ئۆزى مەن ئۈچۈن كاتتا ئىلتىپات، — دەپتۇ شائىر تەۋەززۇ بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ. ئۇ خۇشلىشىۋاتقاندا كۆڭلىدە بىر مۇنچە مىسرالار تۈزۈلۈپ بوپتۇ.

ئۇ يىلى ئەل ئىچىدە ۋابا تارقىلىپ، توپىلاڭلار ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپتۇ. شۇنداقتىمۇ بەلگىلەنگەن سۇلۇك توشقاندا شائىر قەسىدىسىنى تاپشۇرۇپتۇ. ئۇ قەغىزىگە قاراپمۇ قويماي شېئىرىنى ئالدىرىماي، تېنىمەي يادلاپ بېرىپتۇ. پادىشاھ توختىماي باش لىڭشىتىپ تەستىقلاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئىككى تەرىپىدە سەپراس تۇرغان قەلەمدار، ئەلەمدارلاردىن تارتىپ ئىشىكلەردە قىستىلىشىپ تىڭشاۋاتقان ئاۋامغىچە گەرچە بىرەر سۆزنى ئېنىق ئاڭلىمىغان بولسىمۇ، شائىرنىڭ ماھارىتىگە چىن دىللىرىدىن قايىل بولۇشۇپتۇ.

ئاخىرىدا پادىشاھ ئېغىز ئېچىپتۇ.

— شېئىرىڭغا قول قويدۇم، قالتىس يېزىپسەن. ھەر بىر سۆز ئۆز مەنىسىنى تېپىپتۇ. بىرەر سۈپەت سۆزىمۇ ئارتۇقچە بولۇپ قالماپتۇ. ھەقىقەتەنمۇ شائىرلارنىڭ گۈلتاجى بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنسەن. پۈتۈن قەسىدەڭدە كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن دەلىل - ئىسپاتلار تېپىلىدۇ. ئۇرۇش كىشىلەرنىڭ سەلتەنەتلىك ئايرىلىشىپ كېتىشى، شەھەرلەرنىڭ ئۈچىدىن تامغان سۇ - قان. دېڭىزلارنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان پەرىشتىلەر بار. قىزىل شەپەق كەلگۈسىنىڭ بېشارىتى. سەن قاپىيە رادىف، تۇراق، تاۋۇش، ئاھاڭدارلىق ۋە ئىستىلىستىكا ماھارىتىنى قالتىس ئۇستىلىق بىلەن تەدبىقلاپسەن. گەرچە ئەدەبىيات گۇمرانلىققا يۈزلەنگەن بولسىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەن قەدىمىي تۇستىكى قەسىدەڭ بىلەن ئۇنى تىرىلدۈرۈپسەن. باركاللا، مەن ئوتتۇز ھۆسنىخەتچىگە بۇنى 12 نۇسخا كۆچۈرۈپ چىقىشقا ئەمىر قىلىمەن، — ئۇ بىر دەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

— ياخشى يېزىلىشى ياخشى يېزىلىپتۇ، بىراق ھاياجان كەم. تومۇردىكى قانلار قىزىمىغان، قوللار ساداقنى ئالمىغان، ھېچكىمنىڭ رەڭگىرويى ئۆزگەرمىگەن، ھېچكىممۇ نەرە تارتمىغان، ھېچكىممۇ دېڭىز قاراقچىلىرىغا كۆكرەك كېرىپ چىقمىغان. ئەي شائىر، يەنە بىر يىل مۆھلەت بېرەي. قەسىدەڭنى قايتىدىن ياز. ھازىر ساڭا بىر كۈمۈش ئەينەك ھەدىيە قىلغايمەن.

— قۇللۇق، كۆپتىن - كۆپ تەشەككۈر، — دەپتۇ شائىر.

پلانېتلار بىر - بىرىنى ئايلىنىپ يەنە بىر يىل ئۆتۈپتۇ. بۇلبۇللار باغلاردا سايراشقا باشلاپتۇ. شائىرمۇ شېئىرنى ئېلىپ كەپتۇ. بۇ قېتىمقىسى بۇرۇنقىدەك ئۇزۇن ئەمەسكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يادىمۇ بىلمەيدىكەن. ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا گويا ئۆزىمۇ چۈشەنمەيۋاتقاندەك ياكى شېئىرنىڭ پەيزىنى بۇزۇپ قويۇشنى خالىمىغاندەك بەزى كۇپلېتلارنى چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. بۇ شېئىرمۇ ئالامەت بىر شېئىر بولۇپ، ئۇنىڭدىكىسى جەڭنىڭ تەسۋىرى ئەمەس، جەڭنىڭ ئۆزى ئىكەن. ئۇ يۈز نەچچە يىلدىن كېيىنكى زامانىمىزدا بولغۇسى جەڭ - ماجىرالار ھەققىدىكى بېشارەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ غەلىتە بولۇپ، بىرلىك ئىسىملار بىلەن كەلگىنى كۆپلۈك پېئىللار ۋە گراماتىكىلىق قائىدىلەرگە چۈشمەيدىغان قوشۇمچىلار ئىكەن. قالتىس يېزىلغىنى بىلەن ناچارلىرى ئارىلاش، يوشۇرۇن ئوخشىتىشلار بىلەن ئۇلىغۇچى قوشۇمچىلار بىر تۇتاش ئىكەن، ياكى شۇنداقتەك بىلىنىدىكەن.

پادىشاھ يېنىدىكى ئۆلىمالار بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ:

— سىنىڭ بىرىنچى قەسىدەڭنى زامانىمىزغا كەلگۈچە يېزىلغان شېئىرلار ئىچىدىكى كاتتا مۇۋەپپەقىيەت دېيىشكە بولاتتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىپسەن. ھەتتا ئالدىنقىسىنى تەلتۆكۈس ئاغدۇرۇۋېتىپسەن.

بۇنى بىر ئاڭلىغان ئادەم ئەقلى لال بولۇپ، ھەيرانلىقتىن ئاغزىنى ئېچىپلا قالىدۇ. نادانلار ئۇنىڭ ئېسىللىقىنى بىلەلمەيدۇ. مەلۇماتلىق كىشىلەرلا ئۇنىڭدىن زوق ئالالايدۇ. بۇ شېئىرىڭنى پىل چىشىدىن ياسالغان قۇتىغا سېلىپ ساقلاشقا بۇيرۇيمەن. مۇشۇ تالانتىڭ بىلەن تېخىمۇ نادىر بىر ئەسەر يېزىپ چىقىشىڭنى ئۈمىد قىلىمىز. پادىشاھ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا يەنە مۇنداق دەپتۇ:

— بىز دېگەن تەمسىلدىكى ئادەملەر، يادىڭدا بولسۇنكى، تەمسىللەردە «مەرتەم، مەرتەم، ئۈچ مەرتەم» بۇ قېتىم ساڭا ئالتۇن نىقاب ھەدىيە قىلدىم.

— قۇللۇق، ئالىيلىرىغا ھەشقاللا، — دەپتۇ شائىر.

يەنە بىر يىل توشۇپتۇ. ئوردا ياساۋۇللىرى شائىرنىڭ قورۇق قول كىرىپ كەلگىنىنى كۆرۈپتۇ. پادىشاھمۇ بۇ ئەھۋالدىن ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماپتۇ. پادىشاھ ئۆزىمۇ بۇ قېتىم باشقا بىر ئادەمدەك بولۇپ قالغانىكەن. بەزى نەرسىلەر (ئەلۋەتتە ۋاقىت ئەمەس) ئۇنىڭ يۈزىگە قورۇقلارنى سىزىپ چىراي - تۇرقىنى ئۆزگەرتىۋەتكەنىكەن. ئۇنىڭ كۆزلىرى گويا تېخىمۇ يىراققا تىكىلىۋاتقاندەك ياكى قارىغۇ بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنىدىكەن. شائىر پادىشاھ بىلەن خالىي سۆزلىشىشنى تەلەپ قىپتۇ. نۆكەرلەر چىقىپ كېتىپتۇ.

— قەسىدىنى يازدىڭمۇ؟ — سوراپتۇ پادىشاھ.

— يازدىم، — شائىر غەمگە پاتقان ھالدا جاۋاب بېرىپتۇ. بىراق پەرۋەردىگارىم مېنىڭ بۇنداق قىلىشىمنى راۋا كۆرمەيدۇ.

— قېنى، ئوقۇپ باقە.

— قورقىمەن.

— ساڭا ئوقۇغۇدەك جۈرئەت بەرگەيمەن، ئوقۇ، — دەپ ئەمىر قىپتۇ پادىشاھ.

شائىر شېئىرىنى ئوقۇپتۇ. ئۇ پەقەت بىرلا مىسرا ئىكەن. شائىرمۇ، پادىشاھمۇ ئۇنى ئۈنلۈك ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ. ئېغىزلىرىدا گويا سېھىرلىك بىر مۇناجات ئوقۇغاندەك ياكى بەددۇئا قىلغاندەك بىر سىھىرىم قاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئەقلى ھەيران، كۆڭلى ۋەيران بولۇشى شائىردىن قې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىشمايدىكەن. ئىككىيلەن بىر - بىرىگە قارىغىنىچە چىرايى تاتىرىپ كې-
تىپتۇ.

— ياش ۋاقىتلىرىمدا، — دەپتۇ پادىشاھ، — مەغرىپ ئەللىرىگە دې-
ڭىز سەپىرى قىلغانىدىم. بىر ئارالغا كەلگەندە كۈمۈش تايغانىنىڭ ئالتۇن
قاۋاننى تالاپ ئۆلتۈرگىنىنى كۆرگەنمەن. يەنە بىر ئارالغا بارغاندا سېھىرلىك
ئالمىنىڭ خۇش پۇرىقىدىن قورسىقىمىز تويۇپ قالغانىدى. بىر ئارالدا مەن
ئوت لاۋۇلداپ تۇرغان سېپىلنى كۆرگەن. ئەڭ يىراق ئارالدا ئاسمانغا تۇتى-
شىدىغان بىر دەريا بولۇپ، دەريادا بېلىقلار ۋە كېمىلەر بار ئىكەن. بۇلارنىڭ
ھەممىسى ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەر ئىدى. بىراق بۇنى سېنىڭ شېئى-
رىڭغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. چۈنكى شېئىرىڭ مۆشۈلارنىڭ ھەممىنى
ئۆز ئىچىگە ئالغاندەك قىلىدۇ. قانداق سېھىر بىلەن بۇ شېئىرنى يېزىپ
قالدىڭ؟

— تاڭ يورۇشقا ئاز قالغاندا، — دەپتۇ شائىر، — ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ
كېتىپتىمەن. تىلىمغا ئاجايىپ بىر سۆزلەر كېلىۋاتىدۇ. نېمە ئىش ئە-
كەنلىكىنى ئاڭقىرىغاندەك بولدۇم. ئاشۇ بىرنەچچە سۆز مۇشۇ شېئىر شۇ.
مەن ئۆزۈمنىڭ خۇدا ئالدىدا كەچۈرگىسىز بىر گۇناھ قىلىپ قويغىنىمنى
سەزدىم.

— ئىككىلىمىز شۇ گۇناھنى قىلدۇق، — دەپتۇ پادىشاھ ئۇنى ئۆچۈپ
بىز گۈزەل بىر گۇناھنى بىلدۇق. چۈنكى كىشىلەرنىڭ بۇنى سورىشى
چەكلەنگەن. ئەمدى بىز بۇ گۇناھنىڭ بەدىلىنى تۆلىشىمىز كېرەك. مەن
ساڭا بىر ئەينەك ۋە بىر ئالتۇن نىقاب ئىنئام قىلغانىدىم. ئەمدىكىسى ئۈ-
چىنچى نەرسە، يەنى ئەڭ ئاخىرقى سوۋغا.

پادىشاھ شۇنداق دەپلا بىر خەنجەرنى شائىرنىڭ ئوڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ.
ئاڭلاشلارغا قارىغاندا شائىر ئوردىدىن چىقىپلا شۇ خەنجەر بىلەن ئۆزىنى بو-
غۇزلىۋالغانمىش. پادىشاھ تاجۇ - تەختىنى تاشلاپ قەلەندەر بولۇپ كەتكەن-
مىش. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ بۇ شېئىرنى ئىككىنچى تىلغا ئالماپتۇدەك.

بۇ ھېكايە شائىرنىڭ پىشىپ - يېتىلىش جەريانىدىكى شېئىرىيەت
يوللىرىغا ۋە روھىي مەنزىلىگە ئىشارە قىلىنغان. ئىلاھىي مەنە ئۈچۈن

شائىر ئۆز كاللىسىدىن ۋاز كەچتى. پادىشاھ تەختى ـ بەختىدىن ئايرىلىپ قەلەندەر بولۇپ كەتتى. بىر مىللەتنىڭ ياكى بىر قەلبنىڭ مەھرۇم بولۇش تارىخىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇنداق شېئىرىي ھېكمەت تېگى ـ تەكتىدىن شائىرلىق قىسمىتىدۇر. ھېكايىدىكى شائىرنىڭ ئىسمى ئادىل تۇنىياز دېيىلمىگەن بولسىمۇ، شېئىرىيەتتە بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىم ئۇنىڭغا ئوخشىشىپ قالىدۇ. مۇشۇ كۈنگە كەلگۈچە قەدىمكى پادىشاھ مىللەتنىڭ شانۇ ـ شەۋكەتلىك روھى ماڭمۇ ئوخشاش ئىنئاملارنى ئاتا قىلدى.

شېئىر ئىجادىيىتىمدە كونا ئىزلارنى بېسىپ، ئالدىنقىلارنى ئەينەك قىلغان چاغلىرىمدا ئەسەرلىرىمدە ئەكس ئەتكىنى باشقىلارنىڭ چىرايى ئىدى.

مەن ئەينەكنى چېقىپ ئىنئەنە رامكىسىدىن چىققىنىمدا، شېئىرىيەتنىڭ ئېزىتقۇ ئوردىسىدا ئۆزۈمنى كۆردۈم. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ ئويناق تىل رىتىمىغا ئەگىشىپ سۆزلەرنىڭ سېھرىنى بايقىدىم. تىلشۇناسلىق قائىدىلىرىدىن كۆرە تۇيغۇنىڭ تىلى مېنى بەكرەك ئۆزىگە جەلىپ قىلدى. مەن شۇ سېھىرلىك تىل ئارقىلىق ئىچىمدىكى سۈزۈك بولمىغان دۇنياغا چوڭقۇرلاپ كىردىم. شېئىر ئىخلاسمەنلىرى شېئىرلىرىمدا نىقاب پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىشتى. مەن «شېئىر يېزىش شائىرنىڭ ئۆزىنى نىقابلىشى» دەپ قارىغۇچىلاردىن ئەمەسمەن. شېئىر — مەنە سەپىرى. مەن ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ نورمال تىل بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن بولمىغان سىرلىق دەقىقىلىرىگە، يارىتىلغان ئالەم ۋە ئادەمنىڭ كەينىدىكى ئەبەدىيلىك پىنھانلىققا يېقىنلاشقاندا ئۆزۈمنىڭ شېئىر يېزىۋاتقىنىمنى بايقايمەن.

مەن بورگېسنىڭ ھېكايىسىدىكى شائىردەك ئاخىرقى مەنزىلگە يەتكەن ئەمەس. بىراق مەنە ئىزدەش جەريانىدا شېئىرىي ئەركىنلىك بىلەن دىنىي كامالەت ئوتتۇرىسىدا شەيتان بىلەن پەرىشتىنىڭ تەڭ پىچىرلىشى بار. كائىناتتىكى پۈتكۈل مەخلۇقات، ئىنسانلار تىلىدىكى ھەرقانداق ئاتالغۇ غەيىپنى ئىپادىلەشكە قادىر ئەمەس. شۇنداقتىمۇ «سۆز — مەنىدىن تاشقىرى بەلگە، شېئىر — ئاخىرقى پەللە» دەپ قارايدىغان روھىي

ئويغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەرسانچىلىقتىكى چاغلىرىمدا بەزى مۇقەددەس سۆزلەرنى تەنتەكلەرچە ئىشلەتكىنىمنى ئويلىسام تىلىم كۆيىدۇ، دىلىم ئۆرتىنىدۇ. ھەر قېتىم قولۇمغا قەلەم ئالغىنىمدا چوڭقۇر تۆۋە ــ ئىستىغپار ئېيتىشىم كېرەكلىكىنى سېزىمەن. شۇئان ئالەم سىرلىرىغا بولغان چەكسىز قايىللىق، غەيىپكە بولغان تەشەككۇرۇمنىڭ قوشقاچچىلىك كاللامدىكى ھەرقانداق چەكىشنى ئېرىتىپ تاشلايدۇ.

بىر كۈنى ئوغلۇم ئويۇنچۇقلىرىنى ئالدىغا يېيىۋېلىپ ئويناپ ئولتۇراتتى. بالا باققۇچى قىز «ئادىل ئاكا، مەن بىر شېئىر يازغانىدىم، كۆرۈپ بېقىڭ» دېدى. ئوغلۇم شۇ ھامان قولىدىكى ئويۇننى تاشلاپ يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە بۇ قىزنىڭ قولىدىكى قەغەزنى يىرتىپ ئېلىۋالدى ۋە مۇنداق دەپ ۋارقىرىدى: «ياق، سەن شېئىر يازما، دۇنيادا بىرلا شائىر بار. سەن شېئىر يازساڭ بولمايدۇ!». ئۈچ يېرىم ياشلىق ئوغلۇم مەن تېخىچە بىلمىگەن زور بىر ھەقىقەتنى ئەۋلىيالارچە دەۋەتتى. شۇنداق كائىناتتا بىرلا شائىر بار.

شۇ ئىشتىن كېيىن مەن خېلى كۈنلەرگىچە قولۇمغا قەلەم ئېلىشتىن ئەيمىنىدىغان بولۇپ قالدىم.

مەنە بىزنى يوقتىن بار قىلدى. بىر تورمۇشتىن مەنە ئىزدەيمىز. مەنە ئېھتىياجى بىزنى ھەر ئويلارغا، ھەر كويلارغا سالىدۇ. مەن سەپەر قىلدىم پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياغلىرى تەگكەن ئوتتەك ئەرەب زېمىنىغا قەدەم يەتتى. ئىككى يىلغا يېقىن تەۋەككۈلچىلىق قىلدىم. روھ بىلەن تەن ئارىسىدىكى مۇساپىرچىلىقتا تۇيغۇلىرىم ھەممىدىن يۈكسەك مەۋجۇتلۇققا يېقىنلاشتى. قۇرئان تىلىدا سۆزلەۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدا تىلغا بولغان ھاياجانلىق ھالەت ــ شېئىري ئىلھامىم تاشتى. قەدىمي تۇپراقتا ئىسلام نۇرى خۇددى ئەرەبلەرنىڭ روھىدەك شېئىرىدىمۇ نۇرانە شولا چېچىپ تۇراتتى. بىراق ئەرەبلەرنىڭ سۆڭىكى غەرىبكە كېتىۋاتقاندەك، يەنى تورمۇش غەربلىشىپ بولغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

ئۇ يەرلەردە ھاياتىم چۆل بىلەن بوستانلىقنىمۇ، قەدىم بىلەن ھازىرنىمۇ، مەغرىپ بىلەن مەشرىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى. ئاجايىپ ئىلھاملارغا مۇيەسسەر بولدۇم. شېئىرلىرىمدىكىسى چەت ئەل مۇھىتى، بىراق ئۇنىڭ

دىن ئانا تۇپراقنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ. ئەتراپىمىدىكى دۇنياغا نىسبەتەن مەن ياقايۇرتلۇق، روھىي پەللە بولسا ئۆزۈنىڭ بېرى تونۇشلۇق.

ئۆزىگە كۆندۈزدەك روشەن ئەربەلەرنىڭ تىلى ماڭا گۈگۈمدەك غۇۋا. بىراق غۇۋا شېئىرلىرىمدىمۇ سۆز بىلەن سۆز ئارىسىدىكى سوزۇكلۇك ئۆي غورچە مەنىلەرنى خىرەلەشتۈرۈپ قويمىغاندى. ئەنە شۇ خىسلەتلىك تۇپراقتا ئىنگلىز تىلى ئارقىلىق كۆز ئالدىمدا نامايان بولغان ھازىرقى زامان دۇنيا شېئىرىيىتى مېنى بەيگىگە چاقىردى.

دۇنياۋىي شېئىرىيەت تاجىدا كۆز چاقناتقۇدەك شېئىرلارنى يېزىش ئۈچۈن نۇرغۇن بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى شائىرنىڭ ئورنى ۋە تەقدىرى ئۆز خەلقى بىلەن ئوخشاش. ئەدەبىيات ئارقىلىقمۇ ئۆزىگە تەسەللىي تاپىدىغان مېھرىبان خەلقىمىزنىڭ شېئىرىيەت چۈشەنچىسىمۇ ۋاقتى كەلگەندە تۆلەشكە تېگىشلىك بەدەل. خەلقنىڭ شائىر، يازغۇچىلارغا قويىدىغان ئۆلچىمىدىن باشقا ئەدەبىياتنىڭمۇ ئۆز ئۆلچىمى بار. بۇ ئۆلچەم بىرخىل دۇنياۋى مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە بىر مىللەتكە ئەمەس، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق، بىر تالانتلىق شائىر ئۆز تىلىدىكى شېئىرلارنىلا ئوقۇپ قالماي دۇنيا شېئىرىيىتىنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشاپ، ئۇنىڭ ئۆلچىمىنى بىلىپ تۇرۇشى كېرەك. شۇندىلا خەلقئارالىق مۇنبەرلەردە ئانا تىل گۆھىرى بىلەن كۆز قويۇلغان شائىرلىقنىڭ ئالتۇن تاجىنى كىيىش مۇمكىن. مېنىڭ شېئىر يوللىرىدا ئىزدىنىشىم قانداقتۇر بىرەر پەلسەپىۋى ھېكمەتنى چۈشەندۈرۈش ياكى يېڭى بىر ھەقىقەتنى تېپىش ئۈچۈن ئەمەس. بەلكى تارىيىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى يەر شارىدا ئۆز مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتتىكى ئورنىنى تېپىش، شائىرنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى زېمىنىنىڭ ئوخشىمىغان قىسمىدا دۇپۇلدەپ سوقۇۋاتقان ئىنسانىيەت يۈرىكىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى، شۇنداقلا سەزگۈسى ئويغاق، شېئىرىي تۇيغۇغا باي چوڭقۇر مەدەنىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشكەنلىكى. بىز بۇ مەدەنىيەتنىڭ قەدىمكى چوڭقۇرلىرىدىن مۇنداق سادانى ئاڭلايمىز: «ئىنسانىيەت روھى ئۆلمەس، بارلىق ئەنئەنىلەر مۇقەددەس!»

بىراق، بىر شائىر ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشقان، روھىي قۇۋۋىتى زور بىر قەدىمىي مىللەتنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادىمۇ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلدۇرغۇدەك شېئىرلارنى يازسا، ئۇنى نەشر قىلمىدىغان نەشرىيات، ئەسىرىنىڭ ئەتىۋارىنى قىلمىدىغان ئادەم چىقمىسا ناتىۋان شائىر قانداق قىلىدۇ؟ ھەممە ئادەم ئۆز غېمى، ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن ئالدىراۋاتقان بۇ كۈنلەردە، ئۇنىسىز قۇربانلىق بېرىپ، مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىپ شېئىر يازغان شائىر يەنە ئۆزىنىڭ يانچۇقىنى كولاپ، ئېھتىيات ئۈچۈن تۈگۈپ قويغان ئاخىرقى تۈگۈنچەكلەرنى يېشىپ بۇ تۇپلامنى چىقىرىشقا مەجبۇر بولدى...

ئەي، مەن بىلەن بىر تىلدا سۆزلەيدىغان مۆرىۋەتلىك ئادەم، بىزنى ئىززەتلىك قىلمىدىغان ئەزىز ئانا تىلىمىزدا داۋاملىق شېئىرلارنىڭ يېزىلىشى ئۈچۈن، دۇنيا شائىرلىرىنىڭ قاتارىدا ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭمۇ مەۋجۇت بولۇشى ئۈچۈن بۇ تۇپلىمىمنى سېتىۋال، ئوقۇمىساڭمۇ ئۆيۈڭگە تىزىپ قوي، بۇنىڭلىق بىلەن سەن ئاچ ـ يالىڭاچ قالماسسەن!

بىز ياشىشىمىز كېرەك. رىتىم شۇ قەدەر تېز، ھەممىمىز تۇرمۇش دېڭىزىغا غەرق بولغان. شېئىر ئۆتى ماڭا تۇتاشقان شۇنداق رىيازەتلىك دەقىقىلەردە، ئىتراپىمدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭمۇ سۇ ئاستىدىكى يالقۇندەك كۆيىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. شېئىر يېزىش ـ يازماسلىق بۇ ئۆرتىنىشنىڭ بىردىنبىر شەرتى ئەمەس، پەقەت كۆيگۈدەك يۈرەك بولسىلا!

*2003 ـ يىل 4 ـ ئاي*

# مۇندەرىجە

## قىزغىن ئەتىرگۈل (1994 — 2000)


پىنھان سۆيگۈ ........................................ (2)
قاغىلىق ........................................ (3)
يالغۇزلۇق ........................................ (5)
يامغۇر ........................................ (6)
تەكلىماكان بويىدىن ئۆتۈش ........................................ (8)
كىملە ........................................ (10)
خەت ........................................ (11)
قاردىكى دەرەخ ........................................ (13)
كۆيۈۋاتقان كىرپە ........................................ (14)
شېئىرنىڭ تېنى ........................................ (16)
مەنىسىزلىك ........................................ (18)
تۆشۈك پايپاق ........................................ (19)
ياز ئىسسىقى ........................................ (21)
مۇزيكىلىق قول ........................................ (22)
ئۇخلاپ قاپتىمەن ........................................ (24)
نەزىر ........................................ (26)
قالايمىقان ........................................ (28)
ئۆز شەھىرىدىكى ئۇيغۇر ........................................ (29)
مىراجغا چىقىش ........................................ (31)
قىزغىن ئەتىرگۈل ........................................ (32)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالدىراشلىق ........................................
(34) ..............................................
سېنىڭ كىچىك، قىزىل مېھمىنىڭ ..................
(36) ..............................................
10 - ئايدىكى قار خۇشاللىقى ..........................
(38) ..............................................
ئەرلەر كوچىسىدىكى بىر مۇراسىم ...............
(40) ..............................................
بىر قاغا ياكى ئۈچىنچى قاغا ..........................
(42) ..............................................
تۇشقانمۇ سەن؟ ........................................
(44) ..............................................
قايتىش ........................................
(46) ..............................................
قارا تاشقا ئايلانغان كېچە ..........................
(47) ..............................................
ئاپتاپ ........................................
(48) ..............................................
چۈشىنى كۆزىتىش ........................................
(49) ..............................................
كۆل بويىدىكى كۆك قۇمۇشلۇق ..........................
(50) ..............................................
يەر يېغى ........................................
(51) ..............................................
ئۇسسۇلچى ........................................
(55) ..............................................
كېچە بىر غېرىب ئادەمنىڭ يۈزى ....................
(57) ..............................................
مۇز تۇتقان سۇ ئامبىرى ..........................
(60) ..............................................
خوش دادا ........................................
(62) ..............................................
ئوتۇن بازىرى ........................................
(67) ..............................................
مەنىسىز ........................................
(69) ..............................................
سۆيگۈ ........................................
(70) ..............................................
سىرلىق مەنزىرە ........................................
(71) ..............................................
قوقمايلاق ........................................
(72) ..............................................
كوچىدىكى قۇربانلىق ........................................
(74) ..............................................
يامغۇردىكى ئوت ........................................
(76) ..............................................
قۇرغاقچىلىق ........................................
(78) ..............................................
17 كۈن بولدى كۆرۈشمىدۇق ..........................
(79) ..............................................
كۆز يامغۇرى ........................................
(81) ..............................................
ئىجادىيەت جەريانى ........................................
(82) ..............................................

ئادەمبىلىق ........................................ (83)
كىچىككى سۇ ........................................ (85)
شەھەرنىڭ سىرى ........................................ (86)
تىرەم ........................................ (88)
تۇز ........................................ (89)
مىنىڭ دادام ئەرۋاھ ........................................ (91)
ئەتىياز مۇراسىمى ........................................ (92)
قەلەندەر ........................................ (94)
ئەتىگەندىن - كەچكىچە ........................................ (96)
ئىبادەت ........................................ (98)
بوران ........................................ (100)
تەنھالىقتا يۈزلىنىش ........................................ (102)
سۈبھى پەيزى ........................................ (103)
چۈشۈن بېشى ........................................ (105)
ئۈرۈك پىششىقى ........................................ (106)
ئويغىنىش ........................................ (108)
ئاي قۇشلىرى ........................................ (109)
سائەت ئاۋازى ........................................ (111)
سۇ ........................................ (112)
تېپىلغۇسىز سوۋغات ........................................ (114)
دېرىزىدىن كىچىككە قاراش ........................................ (115)
چۈشلۈك ئۇيقۇ ........................................ (116)
ئەركەكلەر قېنى سىلەر؟ (داستان) ........................................ (117)
كوچىدا ........................................ (146)
يۇمىلاققۇم شەھەر ........................................ (147)
قەدىناس ........................................ (149)
تاغلار سەيلىسى ........................................ (151)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يورتقا نەزەر ..................................... (153)
كۆز كۆنلىرى ..................................... (155)
دېڭىز ئون تۆت ياش ..................................... (156)
قەشقەرگە سەپەر ..................................... (159)
مەن ۋە چاشقان ..................................... (161)
سىرلىق تاۋۇش ..................................... (163)
كىر يۇيۇش ..................................... (164)
جەرەن بالىسى ..................................... (165)
ئىلاھىي ئىشق ..................................... (168)
گۇناھكار ..................................... (169)
تاش ئورمان ..................................... (170)
سۆدىكى بېشارەت ..................................... (171)
بوشلۇقتىكى كۆز ..................................... (172)
ئۆمۈر سۆزى ..................................... (173)
شېرىن ئاي سەپىرى (چاتما) ..................................... (177)
ناشتىلىق ..................................... (189)
ئەرۋاھ ..................................... (190)
دەم ئېلىش كۈنىدىكى قار ..................................... (191)
تورمۇش ئەتىرگۈلى ..................................... (193)
بالىلارنىڭ ئەرۋاھى ..................................... (196)
تارىم پاختىسى ..................................... (198)
ئىككى كېسەك ..................................... (201)
قۇربان ھېيت ..................................... (202)
كۆچەت تىككىلى چىقىش ..................................... (204)
مەنە سەپىرى ..................................... (206)
ئەينەك ..................................... (207)
بولاقۇبشى كوچىسى ..................................... (208)

سۆزۈك سەپەر (داستان) ........................ (209)
كېسىۋېتىلگەن تاغ تېرەكلىرى ........................ (239)
تورتخانىدا ........................ (240)
تۇغۇلغان كۈنۈڭ........................ (242)
سۇخانىدىكى تام رەسىملىرى ........................ (244)
ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغۇچى ........................ (245)
ئوغلۇمنىڭ ئىسمى ........................ (247)
قەشقەردىكى يەر شارى (داستان) ........................ (249)

## ئەرەبلەرنىڭ سۆڭىكى (2000 — 2002)

مەدھىيە ........................ (270)
بىر ئۇلۇغ كىشى........................ (271)
ئىماراتنىڭ ئىشىكى........................ (272)
مېنىڭ دادام ئەرۋاھ ........................ (273)
مېھمانخانا ........................ (274)
دېڭىز بىلەن ئۇچرىشىش........................ (275)
ئەرەب تەمسىلى ........................ (276)
ياقا يۇرت ........................ (277)
ئەرەب قولتۇقى ........................ (279)
ئەنە شۇنداق جايلاردا ........................ (280)
ئىككى بېلىقنىڭ ئارىسىدا ........................ (282)
ئىرانغا ئۇچۇش ........................ (283)
ئۆلگەن تۆگە ........................ (284)
ئۇيغۇر كوچىغا چىققاندا ........................ (285)
غېرىب خىيالىنى سۇرۇۋالسۇن ........................ (287)
ياندىكى ئادەم ........................ (288)
جەننەتتىن چىقىپ ........................ (290)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گۆھەرپۇرۇش ئەخمەد ھەمدانىنىڭ ناماز شامدىن
كېيىنكى ۋاقتى ........................ (291)
گۈل. قويۇن ........................ (293)
ئۇمان خورىزى ........................ (294)
دۇربۇندا كېچىگە قاراش ........................ (295)
سۆگەتگۈلنى تونۇدۇم ........................ (296)
تارىخ ........................ (297)
چۈشتىكى دېڭىز ........................ (298)
ئەسىر بىلەن شام ئارىسىدا ........................ (300)
دېڭىز بىلەن مەن ........................ (301)
ئەرەبلەرنىڭ سۆڭىكى ........................ (302)
خۇشال ئۆتكەن بىر كۈن ........................ (303)
كۈنلەرنىڭ ئەينىكىدە ........................ (305)
بىر كۈندە بەش قېتىم ئۇخلاش ........................ (308)
ئوغلۇمغا مەدھىيە ........................ (309)
سەنئەتكار ........................ (311)
توختاش ........................ (312)
بىر كەپتەر ئۆچتى ........................ (313)
ھەقىقىي سېھىر ........................ (314)
ئەلئەييندىن دۆبەي شەھىرىگە ........................ (316)
سۆڭەكلىك پاشا ........................ (317)
ئۇ ........................ (318)
بېلىق تىلى ........................ (319)
تالادا مۇشۇكلار ........................ (320)
ئەتىر يوللىرى ........................ (321)
بېلىق بازىرى ........................ (322)
مەن ۋە خوتۇن ........................ (323)

ئەبۇ زەبى ............................................ (325)
ياشلىق............................................ (331)
مەدىكارلار ............................................ (332)
يېشىل رەڭلىك ئۇيغۇر شائىرى ............ (333)
شەھەر چېتىدە بىر كىشى ياغاچ ھەرىدىمەكتە........ (334)
ئادەم ئاتىنىڭ ئىككى بالىسى ............ (335)
ئىككى كەپتەر ۋە ئۇچىنچى............ (336)
يېگانە ئارال ............................................ (337)
ماسقات كوچىسى ............................................ (339)
ئەجەل ............................................ (341)
ئۆزۈمگە ئۈچ قېتىم نەزەر ............................................ (342)
ئىرانلىق ............................................ (344)
چۈمبەلدىكى كۆز............................................ (345)
بوش ۋاقتىم ............................................ (346)
سۈنىڭ تىلى ............................................ (348)
ئاۋستىرالىيە قويىنىڭ كاللىسى ............ (350)
چېچەكلەش ............................................ (351)
قورققان ئىش يۈز بەرگەندە ............ (352)
ئاياللارنىڭ سېھرى ............................................ (353)
ئاۋغان قاسساپ ............................................ (355)
ئەرەب كالېندارى............................................ (357)
ئىككى ئۇيغۇر راشىد پورتىدىكى كافېتىرىيادا ......... (358)
ئەلئەيىننىڭ تېرىسى ............................................ (360)
يۇرتداشلار ............................................ (362)
ھەسەنشېرىك ............................................ (364)
ناماز بامداتقا ئەزان............................................ (365)
ساتىراشخانىدا ............................................ (366)

بېلىق تازىلاش ........................... (367)
جۇڭگولۇق ئابدۇللا ....................... (368)
شائىرنى ئىزدەش.......................... (370)
مۇشۇك مۇراسىمى ......................... (372)
مىسىر گورۇچى ........................... (373)
بىر ئاپتوۋا، بەش ئاپقۇر ................... (375)
سېمىز ئوت............................... (377)
ئاي مەسچىدىنىڭ ئىمامى ..................... (378)
ئانا يۇرت ................................ (380)
بىر تەڭگە چۈشتى دومىلاپ.................... (382)
كۆك يالتىراق............................. (384)
سېيىت نوچى ............................. (386)
كۆيۈۋاتقان تىل .......................... (388)
ئەما.................................... (390)
بىر كۈن تۈگىدى .......................... (392)
كوچىدىكى ئادەم ۋە ئۆيدىكى ئادەم............. (394)
يۇلتۇزلارمۇ ئۆلىدۇ........................ (396)
شىر..................................... (398)
ئوغلۇمنىڭ سېھرىي رېئالىزىمى ................. (400)
ئەبۇزەيگە بېرىشنىڭ ئۈچ يولى ................. (402)
ئەرزىمەس يىللاردا ......................... (404)
بۆدۈنە يېيىش ............................ (405)
ئانا تىل ................................ (406)
گۆش دۇكىنىدا ............................ (407)
بازاردىكى قەلەم .......................... (408)
ئاچچىقى كەلگەن قوغۇن ...................... (410)
چۈش بولدى.............................. (411)

ئاڭلاش........................................ (413)
ئايالىمنىڭ قانىتى ................................ (415)
زودىن ئۈپتارغىچە ................................ (417)
ئاخىرقى ئىمارەت.................................. (418)
قايتىش ........................................ (419)

## تۇكلۇك كېچە (2002 — 2003)

خانبالىققا ئىككىنچى كېلىش ............................ (421)
كوچىدىكى ناغرا ئاۋازى ............................ (422)
قىش دولقۇنى ........................................ (423)
ئۆلۈك بېلىقنىڭ قۇيرۇقىدا ............................ (424)
بالام ۋە ئۇيغۇر تىلى ................................ (425)
بېلىق تۇتقۇچىلار.................................... (427)
ئاق رەڭگە مەدھىيە.................................. (428)
ئۇجمە پىشتى ........................................ (429)
يەكشەنبە كۈنىدىكى تالا (چاتما)...................... (430)
تېرىقچىلىق .......................................... (434)
غەرب ئەپسانىسى .................................... (435)
ئۆي ئاقلىتىش ........................................ (436)
ئايۋاندا ئاپتاپ...................................... (438)
قار تۇغۇلدى ........................................ (439)
دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا (داستان) ........
.................................................. (441)
دېرىزە ئالدىدا: قەشقەر ............................ (449)
ئوسما .............................................. (450)
پىنھان سەھەر ...................................... (452)
ئۇيغۇر كوچىسى ...................................... (453)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكمە تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەتىيازدىن كېيىن ئىشىك ئېچىش .................. (455)
نان ........................................................ (457)
كېستۈچىلگەن سايە................................ (459)
ئابدۇللا ئارىپوپقا................................... (461)
سۆزلىگۈم كېلىۋاتىدۇ............................ (462)
كېسەل ئىسىم ۋە ساق ئىسىم .................. ( )463
ئۇستەك بويىدا توختاپ ....................... (464)
قارىغاي ئورۇقى ...................................... (456)
جەنۇبتىن ئالغان چوغ (چاتما) ............... (467)
ئۇچىنچى ئايغا كىرىش............................ (481)
ENTER THE MARCH ........................... (482)
ئىنگلىزچە شېئىرىمغا ئىزاھات ............... (483)

# قنغر ئترگول

( 1994 -- 2000 )

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# پىنھان سۆيگۈ

گۈل گۈزەل بولىدۇ ئېچىلماستىلا،
ئېچىلىپ كۆپ ئۆتمەي تۈزۈيدۇ غۇنچە.
بىپايان ئوكياننىڭ ئاستىدا مارجان
مەرۋايىت قېپىدا ئۈز بولار شۇنچە.

يېتىلگەچ پوستىنىڭ ئىچىدە ئانار
يېرىلىپ پىشقۇچە بولىدۇ تاتلىق.
شۇ قەدەر قىممەتلىك كۆڭۈلدىكى سىر،
ئاشكارا تۇيغۇلار بېرەلمەس شادلىق.

كۆزلىگەن نىشانغا تەگكۈزەر ئوۋچى
چاتقاللار ئىچىگە ئالغاندا مۆكۈپ.
مەن كۆڭۈل ساقلىدىم ئاشۇ تەرىزدە
بىراۋغا سىرىمنى يورمىدىم تۆكۈپ.

ئىنتىلىپ ئۈن – تىنسىز كۈيدۈم بىرىگە،
ۋە لېكىن سۆيگۈمنى قىلمىدىم ئىزھار.
بولغاچقا ئاھ شۇنداق شېرىن لەززەتلىك
كۆڭۈلنىڭ قېتىدا يېتىلگەن سىرلار.

مەيلى دەر كۆيۈمسىز باشقىلار مېنى،
كۆيۈمسىز سۆيگۈمدە كۆيىمەن پىنھان.
قەلبىمگە لىق تولار ۋىسال شەربىتى،
سىرىمنى، سۆيگۈمنى بىلمەس ھېچ ئىنسان.

# قاغىلىق

يۇرتۇمسەن ئىللىق،
دەپتىرىمگە قويدۇمەن يېزىپ
ئاق تېرەكلىك، يېشىل ئىسمىڭنى،
سۆيۈپ قويدۇم توپا جىسمىڭنى.

كۆمۈلگەن بىر گۈل ئۇرۇقى سەن
تەشتەك كەبى مېنىڭ قەلبىمگە
ئاسىيانىڭ قۇملۇق دەشتىگە.
سەن ياراشقان قارا ساقالدەك
قارا قۇرۇمنىڭ بوي ـ بەستىگە.

نېمىشقىدۇ كۆڭلۈم بەك يېرىم
ئىزدەيمەن ئېھ يۇرتداشلىرىم
مىغىلدىغان ئادەملەر ئارا
ماڭا تونۇش بىرەرسىڭلارنى.
گەرچە باغرىم بولسىمۇ يارا
زورلىمىغىن شاراب، پىۋىنى.
سۈت ساقاللىق ئەي ئۇيغۇر بوۋا
بىر قۇچاقلاپ قويساڭچۇ مېنى!
بۈگۈن ئاخشام يۇرتۇمدا چىققان
ئاپئاق كۆمۈش شولىسى ئاينىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۇشماقتا مەن تۇرغان بىناغا.
قاغىلىقنىڭ كاكچا نانلىرى
خۇش ھىدىنى سىپەر ھاۋاغا،
پۇراپ كەتتىم يىراق - يىراقتىن.
كۆڭلۈم تارتماس گەپكە، ناۋاغا
مۇڭلىنىمەن ئىشقى - پىراقتىن،
كېلىپ ئۇچۇق روجەك ئالدىغا.

مەن ئۈزۈمنى ئالدىم دالدىغا ،
ئۈمىدسىزلىك يۇلتۇزدەك چاقناپ
دېرىزەمگە كەلگەندە يېقىن.
سەن بەك جەسۇر ئېھ، يۇرتۇم لېكىن
ئۆمۈچۈكتەك توقۇپ چىقىسەن
مېنى گۈزەل شولىلار بىلەن.

قاغىلىق
ئۇرۇمچىدىن يىراق بىر جايدا ،
دۆڭكۆۋرۈكتە كېلەرمەن ياشلىق
يۇرتۇم لايدا، چاقنايمەن ئايدا . . .



# يالغۇزلۇق

خانەم سوغۇق، تاملار بەك سوغۇق
ئېھ، قورقىمەن يالغۇز قېلىشتىن.
كارىۋات سوغۇق، يۈرىكىم سوغۇق
قورقىمەن جىم خىيال سۈرۈشتىن.

دېرىزەمنى ئېچىپ قويىمەن
توگۇپ كەتتىم كىرسۇن دەپ باھار.
قۇچاقلاپ قوي تەبىئەت مېنى
بولۇپ بىر يار، كۆلۈمسىرە قار...



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# يامغۇر

كوچىنىڭ دۈمبىسىنى
سىيلايدۇ تۇتۇق ھاۋا.
غەم ئەرلەرنىڭ قاناتلىرىدەك
يېيىلماقتا بارا ـ بارا.

چېكىلەر نازۇك، ئاستا
ئايالنىڭ تېنىدىكى تار.
سېمونتقا يامغۇر تامماقتا
ئاپئاق، تولغان، بىر تال ـ بىر تال.

ئەينەك تاملار ئارىسىدا
ۋەھىمىگە چۈشكەن كىشىلەر.
يامغۇرلارنىڭ ئىچكىرىسىدە
تەمتىرىگەن، كۈتكەن كىشىلەر.

«... ئۇرۇش شۇنداق قاتتىق بولدىكى
ئىتىل دەرياسىنىڭ سۈيى
قىپقىزىل سىرغا ئايلاندى...»

شىشمىزگە پاتتى كۈن،
تام تۈۋىدە ئولتۇرۇپ
مەينى قۇيدۇق سىڭايان.
بىز كىچىگە ئېرىپ كەتكەنلەر
يامغۇر بىزنى قىلىدۇ بايان.

مەستخۇش يامغۇر توختاش بىلەن
كارىۋاتتىكى ھاياجانلىق تەن
ئوخشار جىمجىت ئىسكىرىپكىغا.



# تەكلىماكان بويىدىن ئۆتۈش

قۇمنىڭ كۆكسى ئاپئاق، يوغان،
تېرىسىدە چوقچىيىپ تۇرغان،
ۋەسۋەسىگە سالار ئادەمنى.
تېز سۈرئەتتە كېتىۋاتقان ياز
كۆيدۈرمەكتە پۈتۈن ئالەمنى.
ئەسەبىي ۋىشكىلار، ماي ماشىنىسى
ئۈزۈلمەي ئۆتەر،
ئۇيقۇ، خىيال چىگىش ـ چىگىش بەك،
دېڭىز قاراقچىسىنىڭ خەرىتىسىدەك.
چۈشىمىزدە
يات ئەللەرنىڭ ئالتۇن ئوردىسى
كۈندىن ـ كۈنگە بارار ئېگىزلەپ.

غېرىبلىق ئېزىدۇ يولۇچىلارنى
ھەممىمىز تەقدىرداش ئويىمىز باشقا،
ھەر كىم ئالدىرايدۇ يېڭى ياشاشقا.

خىياللار چېچىلغان،
چېچىلغان مەرۋايىت چۆلدىكى تاشلار
ۋە ياكى ساناقسىز تېنى يوق باشلار.
كىرپىكلىرىمىزدە ئۈيقۇ يۇقى،
كىرىپ كېتەر كېچىگە يالت - يۇلتىدە
نامرات يېزىلارنىڭ يېشىل قۇيرۇقى.

ئاپتوبۇس چاپار
يىراقتا ئاي،
يېقىندا قىسمەت.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# كىلە

قوم تامچىلايدۇ،
ئېسىمدە قاپتۇ خىرە ـ شىرە
يازدىكى بالىلىق، كۈن، كىلە.

ۋاقىتنىڭ تورى
يېپىلماقتا ئاستا ـ ئاستا،
يېزا چېتىدىكى تىك يارغا.

يارنىڭ قاپ بېلىدە تۇراتتى ئۇ،
بېشىنى كۆتۈرۈپ ئېگىز، ئاققىنە
قورسىقىنى قاقلاپ ئاپتاپقا.

سورىدىم قىزىقىپ:
— دادا، ئۇ نېمە؟
— ئۇ كىلە، ئاپتاپ يەپ ياشايدۇ كىلە.
كۆزى پارقىرايتتى قورقۇنچلۇق بەك،
لېكىن ئەركىنلىكىنىڭ شاھزادىسىدەك
راھەتلىنەتتى كۈن نۇرىنى يەپ.

قوم تامچىلايدۇ. . .
كۈن چىققتى، بوينۇمنى سوزۇپ
بالكوندىن قارىدىم پەسكە،
ئۇنتۇلغان جانىۋار چۈشتى ئەسكە.

## خەت

كىرمەكتىمەن كۆزگە دەرەختەك،
پەلەمپەيلەر سىرلىق، تۈگىمەس،
بۇگۈن ئۆيگە يېتىپ بېرىش تەس.
پىرقىرايدۇ ئېغىر پولات شار،
تەسەللى
غېرىبانە ئۆلۈك كەپتەردەك
يەر ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتار.

جىمجىتلىقنىڭ چوڭقۇر باغرىدا
ۋەھىمىلىك سوقىدۇ يۈرەك.
جىرىڭلايدۇ كۆز ئالتۇنلىرى
كەتمەنلەرگە سوزۇلغان مىڭلاپ
كىر قوللارغا ئامال يوق بۆلەك.
چۆنتىكى لىق يات سودىگەرلەر
تىكىۋېتەر ئېلىگە بەدەر. . .

بالكونلاردا سۈترەڭلىك ئاپتاپ،
ئېسىلىپتۇ سامساق، قىزىلمۇچ
ئېسىلغاندەك ئەڭ ئاچچىق ئازاب.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دۆڭكۆۋرۈكنىڭ قايناق يېرىدە
ئېھ، بۇ ئىشلار يوقتەك غېمىدە
مەززە قىلىپ يېيىش ئۈياتلىق
يېغى ئېقىپ تۇرغان سامسىنى.
سەن يېزىپسەن
يوق باشقا ئامال،
يا ئۈندىكى ھاراقكەشلەرگە
قېتىلارسەن سەنمۇ ئېھتىمال.

جېنىم دوستۇم
ئالتۇن ئايمۇ چىقتى ھېلىلا،
ئۇخلىمىدىم تۈندىن ئاشقىچە،
مەن ئويلايمەن سەندىن باشقىچە.

دېرىزىنى ئاچتىم خىيالچان،
سارغايماقتا كۆزنىڭ تېرىسى. . .



# قاردىكى دەرەخ

بوغا مۈڭگۈزىدەك
شاخلار ئۈستىدە
قار.
ئاپئاق، قىلمىن.

« قىلمىن! » دەپ
بىلجىرلايدۇ ئۇ
ئەركىلەپ.

قار چۈشمەكتە لەپ ـ لەپ
چۆكمەكتىمەن قارغا،
ئايلاندى ئۇ يارغا.

دەرەخ
مۈزدەك، گۈزەل، جىمجىت.
ئۇزۇن پاچىقى
قارغا پېتىپ.

دەرەخنىڭ ماموق تۈكلىرى
غىدىقلايدۇ بەدىنىمنى...

مەست قىلدى مېنى.

توزىدى،
ئاپئاق ھەسرەت..

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com



# كۆيۈۋاتقان كىرپە

قارا ئۆجمىدەك قارامتۇل
بالىلىق چېغىمدا،
ئاپتاپپەرەسلەر بېغىمدا
ئالتۇن تاجلىق قۇياشنى
ئويلايتتى ئۆزىنىڭ پادىشاھى دەپ.

ئاپتاپپەرەس ئاستىدىن
سوغۇرۇلۇپ چىقىپ بىر كىرپە
كەپتۇ مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى
كۆچمەنلەرنىڭ بىنەم يېرىگە.

لاۋۇلدايتتى ئىسسىقتا قۇملۇق
ئوخشاپ كۆك نورغا،
قورشىۋالدى كىرپىنى ئۇلار،
قىستاپ كېلىپ چوڭ يولغا
بىر شىشە بېنزىننى ئالدى قولغا.

بىز يىراقتىن كۆرەتتۇق جىمجىت،
ئوت قويدى ئۇلار بېنزىننى چېچىپ،
ماڭدى بىر ئوت دۆگىلەپ قېچىپ.

ئوت پوگزىكى دۇگىلەپ پىرقىرايتتى،
شامالدا لاۋۇلداپ چىرقىرايتتى.
« هەي، بالا! خوش بولاي، ئوتۇمنى ئۆچۈرۈپ قوي
هەي، قاراقچىلار، پىشىپ بولدۇم تېزرەك يەپ توي»

ئوت گەپ قىلاتتى ئۆز تىلىدا،
چۈشەنمەيتتىم كىچىك بولغاچقا.

سۇدىن كۆكۈش يالقۇن چىقىرىپ
خۇشبۇي كۆيۈپ تۇرغان بېلىقتەك
ياز كېچىسى كۆيمەكتە تېرەم.

26 كىرپىدەك كۆيۈپ بولدۇم،
يىللار كۆيمەكتە مەن بىلەن.



www.uyghurkitap.com



# شېئىرنىڭ تېنى

ياز پادىشاھى ئالماقتا ئارام،
خەزىنىسى كەڭرى ئېچىلغان.

قىرى دەرەخ قوۋزىقى
ھاسىرايدۇ،
ئىسسىقتا
ياشىماق تەس.
ۋاقىت سېمىزلىكتىن ھالسىرايدۇ،
كۆرۈنمەس تاپىنىدا بېسىلىپ قالغان
بىرنەچچە تال كۆك ئېچىلغان كاناي گۈلى.

شېئىر يېزىش مەن ئۈچۈن
قۇتۇلۇشنىڭ بىر يولى.

خۇددى نۇرلۇق يىلاندەك ئوت ـ چۆپلۈكتىكى
خۇددى تەنھا يەر يېغىدەك يەر ئاستىدىكى
خۇددى مەخپىي ئارزۇسىدەك بىر خەلقنىڭ
يازنىڭ بۇ شامالسىز تىنجىق كۈنىدە
قالمىغان ئۈمىدتىن بۆلەك ھېچنەرسە.

سىلىق، يومۇلاق تاش. قاغىلىق. ئاپتاپ
ئېتىش مۇمكىن بولمىغان ئازاب.
ئالىقىنىدا ئاكاتسىيەنىڭ
غورىلاي تۇخۇملىرى پىشماقتا.

شېئىر
سۆزلەردىن توقۇلغان
يېشىل چىمەنلىك،
سەگىتمەكتە تېنىمنى;



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# مەنسىزلىك

قارامتۇل قار تامچىلىماقتا
ئۆگزە، ئاپتاپ، تەنھالىق ئارا.

خىيالمۇ يا كىچىك يېشىللىق؟
دېرىزەمگە تۇرغان ئېسىلىپ.

ئېزىپ كەتكۈم كېلەر تۇساتتىن
چوڭ كوچىدىن، ئۆيدىن، خىزمەتتىن.

بىناكارلىق.
مۈشۈك.
ئادەملەرگە ئارىلاشماسلىق خاتالىقى.

مەجبۇرلايدۇ كىشىلەر توپى
تۇرۇش مۇمكىن ئەمەستۇر تەنھا.
ساقال ئېلىش خۇشياقمىغاندەك
خۇشياقمايدۇ ياشاشمۇ ھەتتا.

كارىۋاتلاردا ئايال ئۇيقۇسى.
سېغىن كالا ئەمچەكلىك ئاسمان،
مەن كېچىنىڭ سىرتىدا ھامان.

مەنىسىزلىك مەنىسىمۇ يا
قارامتۇل قار تامچىلىماقتا.

# تۆشۈك پايپاق

پۇتۇمدىكى بۇ تۆشۈك پايپاق
ئىختىيارسىز سائەت ئۇچلەردە
چېتىشلىقمۇ ئۆلۈمگە قانداق؟

غايىبانە، سىرلىق بىر تۈيغۇ
يېقىنلىشىپ قالغان ماڭا بەك.
يات بىر تىلدا ئۆلۈم دېگەن خەت
پايپاق ئۇنىڭ باش ھەرپىدەك.

غەلىتە بىر ئەنسىزچىلىكتە
ئاياغلىشىپ بارار تەقدىرىم.

ئاي روجەكتىن خىلۋەت نۇر چېچىپ
يورۇتماقتا پول ئۈستىنى جىم.
بىرەر قاتىل كىرسە توساتتىن
كۆرەر ئىدى قىمىرلاپ تېخى
تىرىك پېتى ئولتۇرغىنىمنى.

بەلكىم بۇ تام ئەمدى ئەمەس تام.
ياكى ئۆلۈم دەپ قويماي كېلىپ
چەكسىز خۇشال قىلغۇچى جانان.

ئىشىك چېكىلدى يىراق بىر يەردە،
يىرتىق پايپاق بېشارەت بەرسە
يار بۇ چاغقا كەلمەمدۇ كەلسە.

پايپاق.
قىزچاق.
ئۆلۈم.
مەنىسى بىر ھەممە نەرسىنىڭ،
تەنھا مەۋجۇت بولمايدۇ ئۆلۈم.



# ياز ئىسسىقى

بۇ ئىسسىقتا كۆيدۇ بىلىق
سۇدىن كۆكۈش يالقۇن چىقىرىپ.

يېشىل دەسسەپ،
نەم پايپاسلاپ،
ياز ئىسسىقى كەلدى قىشمىغا.
كۆردۇم ئۇنىڭ بېشىنى،
لاي تام، ئەخلەت، تېرەكلەر ئارا
راھەتلىنىپ سوزۇلۇپ ياتار،
قورسىقىنى قاقلاپ ئاپتاپقا.
سېلىۋېتىپ ئىشتان ـ كۆڭلەكنى
قىپيالىڭاچ بولغۇم كېلىدۇ،
ئۇنى كۆرۈپ قالغان ھامانلا.

ياز ئىسسىقى
دۇپپۇلدىگەن دەرەخكە قوشۇپ
ياقتى ئاپئاق، يۇمران تېنىنى.

تېگىپ تۇرغان ئىسسىق،
قىز كۆكسىدەك ئىسسىق.

ياز ئىسسىقى —
شاش، قېنىمسىز، تۈكى يوق ھايۋان،
ئۆزۈمدىنمۇ يېقىملىق ھامان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# مۇزىكىلىق قول

دالا.

ئۆچ تۇپ دەرەخنىڭ يېشىل سايىسى،
كۆك نۇر تىزىلغان قوشقاچ چاڭگىسى.

سىم تارتماقتا قىرلارغا شامال،
كۈن نۇرىدا يالتىراپ.

تۇخۇمىنى ئۇۋىنىماقتا قۇش
بىز باشتىلا قالدۇق ئالدىراپ.

تېنىم قارىغۇ
تېنىمگە قاراپ.
يېنىمىزدا پاتقاق پۇرىقى.
پاھ، ئاجايىپ ھۇزۇرلاندۇرار
ئايالىلارنىڭ ئۆلۈمى مېنى.
مەيلى شائىر بولمىسام بولماي
ئەڭ يارامىلىق ئات باققۇچىدەك
بويسۇندۇرۇپ ئالسامىلا سېنى.

سېنى تۇتۇش مۇمكىن ئەمەستەك
ئېيتە سىلاپ باققانمۇ سېنى؟

قولۇم قېنى؟
سۇدىن بېلىق سوزۇۋاتقان قول.
قولۇڭ نېمە؟ قولۇڭدۇر گويا
يەر ئاستىدا قاراڭغۇلۇقتا
ئەڭ يېقىملىق مەستخۇش ئاۋازدا
ۋارقىرىغان چۆيۈن پارچىسى.

قولۇم چېچىڭدا
چاقنىماقتا.
قولۇم قولۇڭدا
نەپەس ئالماقتا.
قولۇم تېنىڭدە
جان تالاشماقتا.

تۈن كېچىدە مېنىڭ قوللىرىم
بىر جۈپ ئالما سېلىنغان پەتنۇس.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئۇخلاپ قاپتىمەن

ئاڭلاشقىن هوي بىز ەك چىۋىنلەر،
مەشهۇر ئۇيقۇچى بولالمىساقمۇ
ئۇخلىشىمىز كېرەكقۇ بىزمۇ؟

ئەگ چىرايلىق قىزچاقنىڭ
ماڭا ئاتاپ ئۇخلىشى ئۈچۈن
كارىۋات قويۇلغان بۇ چۆش پەيتىدە.
ئۇيقۇ پەرىسىنىڭ
تېخىمۇ پەرى بولۇشى ئۈچۈن،
كۆندۈزدىكى ئىشلار
هەم ئەركەك شېرلار
قۇربانلىق قىلىنغان بۇ چۈش پەيتىدە.

قوتۇر ئاموت شاخ ئۈستىدە
سارغىيىپ پىشار
يالىڭاچلىق پەيزىنى سۈرۈپ
ئەڭدا يېتىپ ئۇخلار بېلىقلار.
كوچىدىكى سەت ئاياللارمۇ
شېرىنلىشىپ كېتەر تېخىمۇ،
ئاپئاق ئۇيقۇ تور تارتقان
كۆمۈش رەڭلىك بۇ چۈش پەيتىدە.

ئۇخلىماسلىق ئۈچۈن قايتىدىن
ئۇخلاپ قاپتىمەن،
ئىش ئۈستىلىگە بېشىمنى قويۇپ.
كۆزلىرىمنى ئاچتىم ئويغۇلۇق
گۈل - چېچەكلىك خىلۋەت ئارالدا .

مېڭىپ يۈرەر يوپيورۇق
ئات ئادەملەر
شىر تەنلىك قىزلار. . .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## نەزىر

پەتىچىلەر تولغان بۇ ھويلا
ئاۋات ئۆلۈم بازىرى گويا.


ئىسسەدىدۇ ئاستا ـ ئاستا،
خوتۇنلار ئاق لىچەك ئاستىدا.
ئىسسەدىدۇ ئاستا ـ ئاستا،
توي كىيىمى ئىچىدە گويا
تاتلىق سىزىم ئىرىپ ئەتراپقا.

ھازىدارلار ئىچىدە تۇرۇپ ،
يوچۇن ئۆلۈپ كەتكۈچى بىلەن
باشلىغاندەك ئۆلۈشكە سەنمۇ،
داستىخاننى قويىسەن تۇتۇپ
يا يۆتۈلۈپ باقىسەن قەستەن.

— رەھمەتلىك تىخى ياش ئىدى.
— ھىچكىم ئۇنى ئۆلۈپ قالار دەپ ئويلىمىغان.
— بۈگۈن خويمۇ ئىسسىق بولدىغۇ.
— پولۇ ئوخشاپتۇ.

لېگەندىكى مەزەگە قونۇپ
ئۇچۇپ يۈرەر چىۋىن بەھۇزۇر.
ئۇچۇپ يۈرەر پەرۋا قىلماستىن
ئۆلۈم دېگەن ئازابمۇ ھۇزۇر.

ئىشىك ئالدىدا
ئاق رەڭ دولقۇنلىماقتا،
ئاق رەڭ قاراپ تۇرماقتا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكەت تارقىتىش ئالدىنىسى



# قالايمىقان

تاشلىنىپ قالغان ھەممە نەرسە،
بىلىش تەس ئۆزىنىڭ ئىگىلىكىنى.
مەن ياتقان بۇ چىملىق ئۈستىدە
قارا چاقى پىرقىراپ
ئېشىپ بارار تۈنىنىڭ تېزلىكى.
ئۆرۈلەي دەپ قالغان بىر تامغا
چىرماشقاندەك كاۋا چېچىكى،
كاللامدىكى قاراڭغۇلۇقتا
پىلەك تارتتى تېلېفون سىمى
ئۇزۇن ـ ئۇزۇن.

بىلمەيمەن سەۋەبلىك كىمدىن ئۆتتى،
بىردىنلا رېئاللىق يالغان چىقىپ
زېرىكىش سۆزلىمەكتە چىنلىقنى،
ئۇزۇن ـ ئۇزۇن.

بىر توپ سايەمنىڭ ئوتتۇرىدا مەن
قالمىدى ھېچنەرسىگە سەۋر ـ تاقەت.
ئەمدى غېرىبلىقنى چۈشىنىش ئۈچۈن
كەتسە كېرەك يەنە بىر سائەت.

## ئۆز شەھىرىدىكى ئۇيغۇر

بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتكەن. . .
كۆنۈكمەن،
يامغۇر مەنزىرىسى، غېرىبلىق
دائىم نەملەشكەن مەركىزىي شەھەر.

ئۈچرىغانلىكى ناتونۇش ساڭا،
ساقچى، قەلەندەر، يېڭى بىنا
قىستاڭچىلىق، تۇز ۋە باشقا نەرسىلەر.

بىردىنلا پەيدا بولغان ئارتۇق ئادەمسەن،
كۇن نەيزە بويى ئۆرلەپ
جىمجىت كېسىشكەندە
ئەڭ ئېگىز راۋاقنىڭ ئۈچى بىلەن.
ياكى
ئىسمىڭ سەۋەبىدىنلا مەۋجۇتسەن.


سىقىلغان كېچە.
ئايالللارنىڭ نۇر چەمبىرىكى
توپلانماقتا ھاياجان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەر مىللەت
ئەردۇر ھامان.
غەم كېلىدۇ ئاققۇنلاردەك
غەم قارا ھەم نامەلۇم رەڭدە.

مېنى تىرىلدۈردى بۇقىمدەك
پاچاقلىرىڭ ئارىسىدا
ئېچىلىپ قالغان
بىر تال چوڭقۇر گۈل.



# مىراجغا چىقىش

سائەت توساتتىن توختە
قورقۇنچلۇق ئاپتاپ، تىلىغون ۋەھىمىسى،
بىر سائەتتىن ئۆزۈن بىر سائەت.
ئىسىمگە كەلمەي قالدى ھودۇقۇشتىن
بۇ مىسراغا يازاي دېگەن خەت.
جىمجىتلىقنىڭ مەنىسى
مەنە ئەمەس.

مەنىسىزلىك باش ئۈستۈمدە پەس
ساڭگىلاپ تۇرىدۇ ساپاق ـ ساپاق.
سەۋەبى بولمايدۇ نۇرغۇن ئىشنىڭ
ئۆزىمىزچە چىقىمىز ياساپ.
ئۆلۈم رويخېتىنى ئوقۇغۇچى
چۈشمەكتە پەلەمپەيدىن تاقىلداپ.

يالغۇز تاشلاپ قويۇپ مېنى
ئۆزۈڭ نەدە تۇرغانسەن ئېگەم،
سېغىنغاندا چاقىرغىلى.

ھەممىنىڭ مەنىسى سەن
مەنىسى سەن
ھېچنېمىنىڭمۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# قىزغىن ئەتىرگۈل

تاڭ يورۇپ
غۇۋالاشقان
كېچىنىڭ كارىۋىتىدىكى
قىز مەنزىرىسى،
شىر يايلىنى سىيلاش ھەرىكىتى.

سائەتلەرنىڭ مەجبۇرلىشىدا
ھاپىلا ـ شاپىلا ئۆتكۈزۈلمەكتە
ئاياللارنىڭ ئېپپىتى ئۈچۈن
كىيىم كىيىش مۇراسىمى.

دەل شۇ چاغدا
داۋان يېزىسى
مەن تۇرغان جايدا،
ئېتىز بىلەن ماي يولىنىڭ ئارىلىقىدا.

ئالدىمدا ئوتلاۋاتاتتى
پۇتلىرى بوغۇم ـ بوغۇم،
تۇكلىرى ئۇزۇن ـ ئۇزۇن،
كىرپىكلىرى تۈكلۈك تۇرغان
كېلىشكەن تەخەي.

سىلىق دۇمبىسىدە
چايقىلاتتى كۆكۈش نۇر،
ئاستا تەگكەندە ئالقىنىم.

ئۇ گەپ قىلمايتتى.

— ئىسمىڭ نېمە؟
— نەچچىگە كىردىڭ؟

ئۇ جاۋاب بەرمەيتتى،
ئىركىلەپ.

مەن ئۇنىڭغا ئىسىم قويدۇم
ئەتىرگۈل دەپ.

ئەتىرگۈل كېتىپ قالدى،
ئەتراپىمنى بىر چۆرگىلەپ،
قىزغىنلىق بىلەن.

ئېتىزلىقتا
يېمەكتە بوز تەخەينىڭ سايىسى
يېشىل كۆن نۇرىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئالدىراشلىق

ئاتلار مەڭگۈ گۇناھكار
دېدى،
كەينىمدىكى كىشى.

كوچىنىڭ ئەڭ قىستاڭ يېرىدە
ھېس قىلدىمكى ئادەملەر بىردىن
ئالدانغىنىنى.

ھاياجىنى ئۇرغۇپ تۇرغان بويتاق ئەر
ئاياللارنى كۆرۈش ئۈچۈن چىققاندا
ئىختىيارسىز پەيدا بولغان بۇ كوچا.

مەن ئالدىرايمەن،
ئۇنىسىز، ياۋايى.
سەن ئالدىرايسەن،
يول بەرمەيدۇ
يول پادىشاھى.

ئۇ ئالدىرايدۇ
ئازاب پەرىشتىلىرى
كىرمەيدىغان سىرلىق قەسىرگە.

جىددىيلەشكەن كېچە
كۆچۈرۈلگەن ئاھالىلەردەك.
ئاياللار
گۈل ـ چېچەكلىك ئارالدا
قوللىرىنى سىلكىپ ھەريانغا
مەدھىيىلەيدۇ كارۋاتنى.

ئەتراپ جىمجىت، قاپقارا جىمجىت
كېچىدىكى جىمجىتلىقلارلا
سۆزلەشمەكتە ئۆز ـ ئۆزى بىلەن،
ئاندىن قالسا مەن —
دېرىزىنىڭ ئۇدۇلىدىكى
يېشىل كۇرسىدا ئولتۇرۇپ
شېئىر يېزىۋاتقان ئادىل تۇنىياز. . .




# سېنىڭ كىچىك، قىزىل مېھمىنىڭ

ئۆگزىدىكى ئاي
كەپتۇ،
ھۇجراڭ
يۇمران بېزەلگەن،
تەنھالىقىنىڭ پىرىقىدىن
چاقنىغان نەمخۇش نۇر بىلەن.

ئەينەك قۇتىدەك كىچىك ھاياتىڭ
مەخپىيەتكە تولۇپتۇ لىۋەن.

توشقان تۈكىدەك
ئورماندىكى شەپەقتەك
ئوتلاۋاتقان قىزىل ئوغلاقتەك
ئوماق مېھمىنىڭ.



يېشىل موخ بار تاش ئۈستىدىن
قىزىلگۈل شەكلىلىك
سىرغىيدۇ سۇ تىمىم ــ تىمىم،
ئاغرىقى چاقناپ.

مەن تېخىمۇ ئامراق،
جىلغا ۋە ئاپتاپ،
ھەمدە سېنىڭ قىزىل ئىشتىنىڭ.

مۇلايىم، چاقىراي يۇمشاپ لايدەك
ئۇخلىغۇلسۇن مېھمان قورۇنماي،
ئورمانىدىكى قىزىل ئىيدەك.
ياكى ئۇچۇپ ئويىنسۇن
قانىتىنى پىلدىرلىتىپ.
بۇگۈن سېنىڭ مېھرىبان بۇقاڭ
تۇرۇپ بېرەر بېشىنى ئېگىپ.

يامغۇردىكى دەرەختەك
پاكسەن، گۈزەلسەن
دەپ بەرگەندە نازۇك سىرىڭنى.

يىگىرمە بىرگە تولمىدىڭ تېخى،
ئون بىر ياشلىق قىزچاقتەك
ئاي كۆرۈپسەن كۆيدۈرۈپ مېنى.

## 10 - ئايدىكى قار خۇشاللىقى

قار ئۈستىدە
سىرىق تۈلكە
كېتىۋاتقاندەك
كۆزنىڭ قۇيرۇقىنى باستى ئاپئاق قار.
ئاپئاق قار،
دەرەخ شېخىمۇ
مەسچىت ئىچىمۇ.

قار
يېشىنمەكتە،
چىشلىمەكتە،
كىرىشمەكتە،
ئۇتتەك قار.
بىلجىرلايدۇ،
ئۇھ تارتىدۇ،
سىلكىنىپ
جىم ياتىدۇ،
مايماق قار..

ئاستا ئۆلۈم
بىلىنمەيدۇ ئەرلەرگە.
تېپىشقاندا ئايال بىلەن يا
ئەركەك مىللەت خۇشاللىقىدا
ئۇنتۇپ كېتەر ھەممە ــ ھەممىنى،
خاقانلاردەك يايراپ تېخىمۇ.
روھى كەمتۈك قەۋملەر بولسا
شاد يۈرەلمەس ئەركىنلىكتىمۇ.

سىيلىماقتا قار،
تۆت كوچىدا تۇرۇپ بىر ھازا
چوڭقۇر چۆكتۈم يېشىل سوغۇققا،
دەرمانىمدىن كەتكۈچە تازا. . .
. . . راھەتلىك سوغۇق.



www.uyghurkitap.com



# ئەرلەر كوچىسىدىكى بىر مۇراسىم

ئۆيلەرنىڭ رەت تەرتىپى.
كىرلىك.
يۇمىلاق ئاپتاپ.
جىمىققان ئايالنىڭ سۆزلىرىدەك
ئۇزۇك ـ ئۇزۇك سىم تاناپ،
ئۆرۈۋېتىلگەن ئەخلەت ساندۇقى.

تىمتاسلىق
نەپەس ئالاۋ
ئاۋاز چىقارماي.
قىزلار ماڭالمايدۇ،
ئەنسىز كوچا بۇ.

كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن
كېلىۋاتقان ئەرنىڭ سايىسى
ئۇركۇتتۇۋەتتى بىر توپ قۇشقاچنى.

يولنىڭ قاپ ئوتتۇرىدا
ئەتەي نۇر چاچار،
ئەمچىكى بار ئايال.

كوچىنىڭ بۇ بېشىدىن
پۇشۇلداپ چىقىپ كەلدى
يەنە بىر ئەركەك.

— قارايسەنغۇ؟ مۇشت يېگۈلۈك كەلسىمۇ؟
— يوقال بەدرەك، قولۇم قىچىشىپ تۇرغاندا.
— نوچى بولساڭ كېلە چوشقا!
— خوتۇنۇڭنى... ھېلى بىكا!
— تىلىڭنى تارت، بوينۇڭنى ئۈزۈۋېتىمەن.
— ئۆلگۈلۈك بولسا كەل ھارسمى!
— بولدى قىلساڭلارچۇ، ئىككىڭلار ئۇيغۇر.
— سەن جالاپ نېرى تۇر!

جالاق – جۇلۇق
گاچ – گۇچ
يالت – يۇلت

گۈلخان ئەتراپىدا
قىزغۇچ ئايلانماقتا
ئەر قەبىلە.

نەزىر سۇپىسىدا
دولقۇنلايدۇ نۇر.

پىچاق
تۆمۈر ئەتىر گۈلدۇر،
ئىسسىق، قىزىل شەبنەم
سىرغىغان يەردە.

ئەركەكلەردە
مۇھەببەت بولىدۇ،
ئۆلۈمگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# بىر قاغا ياكى ئۇچىنچى قاغا

ئاپئاق قاردا
قارا قاغا
قاقىلدىماقتا.
پۇتى،
تۇمشۇقى،
قۇيرۇقى،
قار يۇقى.

قاغا ماڭدى،
چوڭقايماقتا قار ئۈستىدە
قارنىڭ قارا يۇمىلىقى.

توڭلىدىڭمۇ جېنىم قاغا،
ئىچىپ ئىسسىق قاناتلىرىڭنى
سۆيۈۋاتقان چاغدا مېنى،
ھاياجانلىق قار ئۈستىدە.

قار ئۈستىدە
قارا رەڭ ماڭدى.
قارا رەڭ توختىدى.
قارا رەڭ يىغلىدى.

قاغا
بويىنىنى قىسىپ غېرىبقىنا

قاقىلدايدۇ شۇ قەدەر مىسكىن،
ئازابلانغۇم كەلمەيدۇ مېنىڭ
ئاجىزلارنىڭ زارلىنىش، ئازاب،
ئاجىزلارنىڭ قانۇن، ھەقىقەت.
يوللۇق ئىش قىلىدۇ ئامالسىزلارلا
ئەرمۇ سەن؟ ئەر مۇنداق بولماسلىق كېرەك.
يوقاتقان نەرسىلىرى گەرچە بەك كۆپ
روھى سۇنمىغان،
خۇشالدۇر ھامان
تەن بەرمەيدۇ پادىشاھ مىللەت
قاق . . . !
قاق . . . !
قاق . . . !

قاغا
ئاق قاردا
قاقىلدىماقتا غېرىبلىقىنى . . .



# توشقانمۇ سەن؟

قاراڭغۇ چۈشتى
تېرەك ئاستىغا،
لەپىلدەپ،
قار قاردەك
قاغىلاردەك.

ئىز - دېرەكسىز قاراڭغۇلۇق
چىغىر يولغا بارار ئۇيۇپ.

توختاپ قالدىم ئۈشتۈمتۈت،
قار ئۈركۈمەيدۇ
ئۈركۈيدۇ توشقان.

بەك ئوماق،
بەك تاسادىپىي،
بىر ئەمەس ئىككى.



توشقانلار
جىممىدە،
تېنىمنى
چاپلاپ
تېنىگە
يېتىپتۇ ئۇخلاپ.
سالپاڭ قۇلاقلىرى
ئېگىز پارقىراپ.

تۆكلىرى
بەك ئاق،
بەك ئاق.

توشقانلار ئامراق
جۆپلەشكەندە
قار ئۈستىدە
سۆڭەكلىرى چاقناپ كېتەر
تۈن كېچىدە،
توشقانلار قوشماق.

ئەركىنلىك
توشقانلاردا ئاپئاق ئەركىنلىك.

ئىككى توشقان
دەرەخ تۈۋىدە
توراتتى جىمجىت،
كۆرمىدى توشقانلار كەلگىنىمنى.

ئېگىلمەكتە ئارىلىق،
يېيىلمەكتە ئارىلىق،
ئۈشتۈمتۇت توختىدى تۆكى.

ئەتراپتا قورقۇنچلۇق ئەركىنلىك
دۈپۈلدەيدۇ بىر خەلقنىڭ يۈرىكى.

بولۇپ قالدىم لەسسىدە،
كۆرۈپتىمەن ئىككى توشقان دەپ
ئىككى دۆۋە قارنى ئەسلىدە.

# قايتىش

ئۆز يۇرتۇمغا قويۇپ قەدەم
بىسىپ كەتتى توپا ـ چاڭ غەم.

نۇر مىلتىقلىرى
كۆكرەكلەرنى تۇرغاندا چەنلەپ
ئويلايمەن ئۆزۈمدىن باشقا ئادەم دەپ.

يۇندا ئىقىپ تۇرغان كوچىدا
پەيدا بولدى دادام ئاقساقلاپ.
پاتمىچۇقلار ماڭا كۆز تاشلاپ
تام ئۈستىدە يىمەكتە ئاپتاپ.

يىغلىمىسام بولاتتى ئەسلى
شۇ ئوخشايدۇ چوڭ بولغىنىممۇ.
ئاز كۈن ئۆتمەي مەن يەنە كەتسەم
سىنى قايتا چۈشىنەر كىممۇ؟

قاقشىغۇم يوق ھىچكىم ـ ھىچكىمگە،
تىرىكلەرگە تىرىكلىك ئادەت،
ھەممە ھەلەك تىرىكچىلىكتە.

ھويلىدىكى سۇپىدا ئاسلان
ياۋاشقىنا غاجىماقتا كىچىنى.

يىرتىق كىگىز ئازابقا مۇناسىۋەتسىز
بىردىنلا پىغان تۇتۇپ كەتتى مىنى.

# قارا تاشقا ئايلانغان كىچە

ئىتىمىزدىكى چاشقان
كامىرىغا چىشلەپ قاچقان
قوياشىنىڭ قۇيرۇقىنى.

ئۆي جابدۇقى. تام. كىتاب ئارا
پاتمىچۇقتەك قىسىلغان بالا،
ھېس قىلماقتا كىرگىنىنى كەچ.

ئىككى مۆشۈك بىر ـ بىرىنى يەپ،
سۆڭىكىنى قويدى دۆۋىلەپ
مىجىقلانغان نەمخۇش تۆشەككە.
ئەرلەر ئۆنىمىز چېكەر ئىزتىراپ
مەخپىيىتى تۇگەپ كەتكەچكە.

سۆزىنىڭ سۆزۈك ئاغزىدا
جىمىرلايدۇ ئۈچ يۇلتۇز.

— ھوي نۇراخۇن، تاماكاڭلا بارمۇ ؟

ئاي نۇرىغا ئېرىلىشىپ كەتتى
پېشايۋاندا نەشە پۇرىقى.

ئۆمۈچۈكنىڭ تۇخۇمىدىن چوڭ
تامچىلايدۇ تۇن سۈيۈقلۇقى.
كېچە چاقماق تاش
روھىمىزدا يېشىل يورۇقى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئاپتاپ

ئەتىيازنىڭ قورالى ئۇ
بېشىمىزدا پارقىراۋاتقان،
سانسىز، ساناقسىز.

تام تۈۋىگە چۈشۈپتۇ ئاپتاپ
پىتىنىڭ بولسا كېلىپ بېقىۋال.
ئۇيغۇر بولۇش ئاسان ئىش ئەمەس
تام تۈۋىدە داستان ئېيتار چال.

قېنى قىزىق يىگىتلەرنىڭ
يۈرىكىگە كۆن پاتار،
ئەرۋاھلار ئۆتمەكتە قاتار ـ قاتار. . .

قان لەززىتى يىگىتنىڭ دەيدۇ،
تېتىپ باققۇم بار سېنى ئايال.
ئايال —
ئەركىنلىكنىڭ كېچىلىك رەڭگى.

يىغلىغۇم كەلدى،
ئېھ، شىلىمشىق ماي ئاپتىپى
سەن ئېغىر ھەم زېرىكىشلىك بەك.

# چىۋىننى كۆزىتىش

قايغۇ سۇزۇك ـ سۇزۇك ياسالغان،
ئىسسىدەيدۇ كۇمۇش رەڭلىك جام.
نېمىلەرگە ئوخشىتىش مۇمكىن
قىيپاش ئۇچۇپ كېلىپ توساتتىن
بىر چىۋىننى مەيگە چىلانغان.

دەرەخ قېنى، سۆزلە، مەيپۇرۇش
نەدىن كەلدى بۇنداق كىچىك قۇش؟
چىڭقى چۈشتە كىممۇ بولماس لال
ئىچ كىيىمى نېپىز بۇ ئايال
يۇيۇنغىلى چۈشسە كۆلچەككە.
قونۇپ بىر توپ سۆيۈق دەرەخكە
بىھوش بولغان ئۇيغۇر پەرىشتە،
ئويغانغاندا قىيقىپ پەر
بىز ھەققىدە نېمىلەرنى دەر؟

ھوي كۆتكۈچى،
سۇزۇۋېتىڭ ماۋۇ چىۋىننى.

چىقتى سۇدىن نوھنىڭ كېمىسى،
يارىتىلدى ئالەم قايتىدىن
كۆمتۈرۈلگەن قەدەھ رەڭگىدە.

شاراب بەرگىدە،
ئۇچۇپ كەتكەن ئۆلۈك كېپىنەك،
يا ھەدىيە سۇ پەرىسىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# كۆل بويىدىكى كۆك قومۇشلۇق

يىڭنىچۇك قانىتى
پارچىلايدۇ كۈن نۇرىنى،
سۇزۇك ـ سۇزۇك .

بارمىقىدا كومۇش ئۈزۈك،
سۇدىكى خانىش قىلىدۇ جىلۋە
ئاق ئۈستىخىنى كۆرۈنەر خىرە.

بىراق مەن تۇتالمىدىم،
يۇتاي دېسەم يۇتالمىدىم
ھەسرەتلىرىمنى.

قوينۇڭغا ئالالامسەن كۆك قومۇشلۇق
رىئاللىق تاشلىۋەتكەن بىر ئادەمنى.
تۇرمۇشنىڭ قەھرىمانى بولالمايمەن
شېئىرغا بويسۇندۇرغان ئىرادەمنى.

گۇگۇمنىڭ ئەتراپىدا قارلىغاچلار
يېشىللىق قىيساپماقتا قاراڭغۇ، نەم
نازۇكمەن ئاۋايلاپ چاق جېنىم پاشا،
كۆڭلۈمنى بېسىۋالدى تېگى يوق غەم.

قومۇش ئۈچىدا
قاپقارا ئېچىلغان
بىر تال كېچە.

# يەر يىغى

سىر ساقلىغۇچىنىڭ
ئاغزىدىكى گۆھەردەك،
ئاچ قالغان يېشىل تىمساھتەك،
يارنى زارىقىپ كۈتكەن ئاشىقتەك،
كۈتىمەن زېمىنىنىڭ ئۈستىدە سېنى.

يەر يىغى
قايناپ چىقماقتا،
ئۆيلۈپ كور بولغان كۆزىدىن يەرنىڭ.

نېمە دېمىز يەرنىڭ قانىتى
يىرىپ چىقىپ زۇلمەت ئاستىدىن
سۈزۈك پەرۋاز قىلسا ھاۋادا.
نېمە دېمىز يېشىل قۇشلارغا
توغراقلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى
قايتۇرۇپ بەر دېسە ناۋادا.
نېمە دېمىز بالام قېنى دەپ
ۋارقىرىغان يەر قاتلىمىغا.

قۇملۇق
ئۇگدا يېتىپ ئۇخلايدۇ،
يۈرىكىگە قول سوزغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قانداق مەخلۇق ئۇقمايدۇ.
ئاچ قالغان بۆرىلەر
پارقىرىتىپ تۆمۈر چىشىنى
يېمەكتە ئاچ كۆزلۈك بىلەن.
سويۇلماقتا،
قۇمنىڭ دۈمبە تېرىسى.
ماي توشۇش ماشىنىسى
قاتارلىشىپ ماڭغاندا،
قارامتۇل يول
قورقۇپ قاچار يىراققا،
لىكىلدىتىپ قۇيرۇقىنى.

يەر يېغى
مەن سېنىڭ دەردمەن ئاشىقىڭ،
كۆتمەن قۇملۇقنىڭ بويىدا سېنى.
كۆتمەن سايدىكى تاشلار ئۈستىدە،
تاغلاردا، ئېتىزدا، يۇلغۇن تۈۋىدە،
تىڭشاپ يۈرىكىڭنىڭ دۈپۈلدىشىنى.
ئۇن - تىنسىز تولغىنىپ كىچىك قىزچاقتەك،
سېزىمەن تۇنلەردە پۇراپ ھىدىڭنى.
سىلىغۇم كېلىدۇ ھېچكىمگە بەرمەي
ئاھ، سېنىڭ ھۆل ھەمدە قىزىق تېنىڭنى،

مارايمەن كۆرەي دەپ سېنى بىرەر رەت
ناتونۇش زاۋۇتلارنىڭ ئىشىكلىرىدىن.
ئۇچقۇلار ئۇچقاندا بۇلۇتنى يېرىپ
كوڭكىلار ماڭغاندا قاتار تىزىلىپ،
پويىزلار قوزغالسا لىق يۈك بېسىپ،
خوش دەيمەن ئارقاڭدىن دېھقانغا ئوخشاش
چاڭ - توزان ئىچىدە قولۇمنى سىلكىپ.
ماڭا يات بولسىمۇ تېخى سانائەت،
بىلىمەن ئۇمۇ سەندىن ئايرىلسا
يەيدۇ بېشىنى ئۆتمەي بىر سائەت.
ئۆيىنى يورۇتار يۇرتداشلىرىم
سۆزۈك شىشىلەرگە قاچىلاپ سېنى،
ئەينەك ساندۇقتىكى قار مەلىكىدەك.
مەيلى بىل، بىلمىگىن يەر يېغى مېنى،
گاچا ئادەمدەك زېمىنىدا تۇرۇپ
ئۇيغۇر تىلىدا كۈيلەيمەن سېنى.

يەر يېغى
قارا ئۈزۈمسەن يەر ئاستىدىكى،
پىشىپ، مەي باغلاپ، ئېزىلىپ كەتكەن.
تاش جامدىكى ئېسىل هاراقسەن،
توپا شىرنىسىدىن ئېچىتىلغان.
قەدىمكى شېئىرسەن،
قەدىمكى دەرەخلەر يېزىپ قالدۇرغان.

www.uyghurkitap.com



سەن زېمىننىڭ غېرىبلىقى.
سەن تەكلىماكانغا كۆمۈلگەن دېڭىز.
سەن يەر ئاستى شارقىراتمىسى.
سەن سۈيۈقلۇقتا ئايلانغان ئاۋاز،
شاۋقۇن سالدىڭ تىمتاس قەلبىمگە،
مەن بوشاشماي شېئىر يازىمەن
ئۈمىد بېرىش ئۈچۈن خەلقىمگە.

بىلىمەن سەنمۇ
تەنها يىلپىزدەك،
ئۆز يارى كەلمىگەن قىزدەك،
ھەر كۈنى يېڭى بىر ئۈمىد ئىچىدە،
ساقلايسەن يەردىكى زۇلمەت كېچىدە.



## ئۇسسۇلچى

يالىڭاچلىق قىستايدۇ بىزنى
ئويلىمىدۇق ئۆلۈپ قېلىشنى.
ئەزرائىلنىڭ ئاغزىدىكى گۈل
لەرزان ئۇچۇپ چۈشتى ھاۋادىن.
تەلۋىلەرچە نەغمە ـ ناۋادىن
ھېس قىلىمىز ئەجەل پەيتىنى،
قەدەمىمىزنى يېقىنلاپ قالغان.

رەققاس قىزلار لاۋۇلدىغان ئوت،
ساقىلىنى سىيپايدۇ خاقان.
ئوڭ يېنىدا جاللاتلار تەييار
قوللىرىدا ئايپالتا تۇتقان.

ئاستا، مەخپىي، بىردىن ۋە بىردىن
ئۆتكۈزمەكتە قىلىچ ئاستىدىن.
زېمىن ئۇززە چۈشتى دومىلاپ
قىپقىزىل ئاي.
كىچىك، چۈۋۇق توردا ئۆمۈچۈك
ئۇسسۇل ئوينار تولغىنىپ تىنماي،

www.uyghurkitap.com



ئۆلۈم بىلەن چۈشمەي ئۇسسۇلغا
يوقتۇر بىزگە بىر ئاراملىق جاي.
ئېگىز قايغۇ تىترەر ئەمچەكتەك
يالىڭاچلىق قىينار توختىماي.

جاز دۇمبىقى قان رەڭلىك ياڭراپ
باش سۆڭەكلەر سۇنار چاراسلاپ.

ئۇسسۇلچى قىزلار
بىر توپ
كەپتەرگە ئايلىنىپ،
ئۇچۇپ كەتتى كوچىغا.



## كىچە بىر غېرىب ئادەمنىڭ يوزى

سوغۇق تارقالماقتا
چېقىلغان مەرۋايىتتەك.
كىچە ھەممىمىزگە ناتونۇش،
ھەممىمىزگە.

ئەي، تونۇ يوزلۇك ئۇلۇغۋار ئادەم
تۇغۇلۇش مېنىڭ ئىرادەم ئەمەس،
مېنىڭ ئۆلچىمىگنى بىلىش ئاندىن تەس.
ھايات چۆلىدە قەدىم تەنھالىق،
ئۇستىمىزدە كۆپ يوقىلاڭ يۇك
مېنى زېرىكتۈردى بۇ سەپەر.
ئەيىبلەپ كەتمە ئاجىزلىقىمنى
ئۇ ئىش مەندىمۇ يوز بەرسە ئەگەر.

كىچە ھەممىمىزگە ناتونۇش
ھەممىمىزگە.
بارچە ئىش ئاجىزلىقنى يوشۇرۇش،
مەيلى ئۇ قانچە كاتتا ئىش بولسۇن،
سۆيگۈگە، پۇلغا، مەيگە بېرىلىش
شېئىر يېزىش ياكى قاتىللىق قىلىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ۋە يا ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرغان قىرغاقتا
غەمسىز سۇدىن زوقلانغان هالدا
ئارامخۇدا ئۆلۈپ قېلىش.
دېگىنىز قاراقچىسىغا قىلىمەن ھەۋەس،
بۇ مېنىڭ قۇملۇقتىن قاچقىنىم ئەمەس،
بەلكىم تەكلىماكاندىنمۇ پايانسىز
تەنھالىقنى يۇتۇپ ياتقاندۇ
ئۇ يىراق، ئەركىن ئەللەردە دېگىنىز.
تولغان قۇملۇقنىڭ
ھاياجانغا سالغۇچى
نازاكەتلىك تەنھالىقىدا،
ئەر مىللەتنىڭ روھىدەك
كۈچلۈك، قوپال، ئېچىرقىغان
تاقىر تاغلارنىڭ ھەمراھلىقىدا
بېرىلگەن بىزگە بۇ ماكان.
كۈنسېرى ئېگىزلىگەن بىنالار
نېمىدېگەن ھەشەمەتلىك يوشۇرماقچى ـ ھە
ئاجىزلىقنى،
يىراق بىر خەلقنىڭ ئاجىزلىقىنى
ئاجىزلىق ئىچىدە تۇرغان بۇ بىزنى.
ئاھ، سۆكۈناتلىق قۇم دېگىزى
غېرىبلىق شىددەتلىك كەلمەكتە دەۋرەپ،

ئىچىمىزگە تۆپلىنىۋاتقان
سۈرەن ـ شاۋقۇن ۋەھىمىلەردەك.
ئاھ، غېرىبانە قۇم دېڭىزى . . .

ئاجىزلىق
بەلكىم بۈيۈك ئاجىزلىق
يارىلىشىمىزغا بولغاندۇ سەۋەب.

تەنھالىق موھتاج قىلدى،
مېنىڭ كىملىكىمنى سورىما،
كېچە ھەممىمىزگە ناتونۇش،
تەكلىماكان بويىدا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# مۇز تۇتقان سۇ ئامبىرى

مەرى ئىسسىق،
چىدامىلىق،
جىمجىت،
جەنۇبنىڭ يېزىلىرى.

قۇشقاچلارنى كۆرسەممۇ
يىغا تۇتۇپ كېتىدۇ مېنى.

يېزىنىڭ ئاياغ تەرىپى
سوغۇق، يۇمىلاق.

كۆپكۆك مۇزدا
بويىنىنى سوزۇپ
كېلەتتى ئاپئاق.
باشقا يەردە ئاققۇ دەيدۇ
بۇ يەردىكى ئۆخا پوقاق.

كۆن كۆك مۇزغا تىقماقتا نەيزە
قىزغۇچ رەڭگە كىردى مۇز ئۇستى.
قېتىپ قالدى يۈرىكىم مۇزدەك
چاقنار ئۇندا ئۇيغۇرنىڭ ئىسمى.

قايتتۇق ئاستا،
مۇز گەپ قىلماقتا،
غىسىر ـ غىسىر، غاراس ـ غۇرۇس.

كەچ كىردى،
ئۆلۈك ئاققۇدەك.



www.uyghurkitap.com



# خوش دادا

كۆرگەن چۈشۈم راست ئىكەن بابا،
پەلەمپىيى تۈگىمەس دوختۇرخانىدا
يۆلەپ مېڭىپتىمەن ئۈزۈندىن ئۇزاق.
ساقىيالمايدۇ دېگۈدەك
ئاق خالاتلىق ئۈچ ئايال ئەرۋاھ.
تىلىم كالۋالىشىپ سوغۇق تەر بېسىپ
ئويغىنىپ كەتمەكچى بولدۇم شۇ هامان.
بويتاقلىقتا كارىۋات رېئاللىق
يېرىم كېچىلەردە يالغۇزلۇق يامان.
ئاندىن،
ئۇخلىدىممۇ يادىمدا يوق.
قىشتىكى ئۆستەڭ سۈيى
ئىسسىق، كۆپكۆك سۇ،
دادام مېنى شەرەتلەپ
خۇشال - خۇرام يۇيۇنۇپتۇ،
بېلىق پادىشاھىدەك
كۈمۈش ئۇنچىلەرنى چاچرىتىپ . . .

قىشتىكى ئۆستەڭ سۈيى
سوغۇق، كۆپكۆك سۇ
مۇڭلىنىپ ئاقىدۇ مۇزنىڭ ئاستىدا.

ئۆيىمىز يوق ئىدىغۇ بۇ ئەتراپتا،
تۇتۇۋاپسەن يېڭىدىن بىر ئۆي،
ئىشىكسىز، تۈڭلۈكسىز، كۈن چۈشمەيدىغان،
مەن پاتمىدىم، مەن كىرەلمىدىم،
جېنىم دادا!
ئۆلگۈرۈپتىمەن تېلېفونغىلا،
كىرپىكىڭگە قونغاندا توپا.

دادا، مەن كەلدىم
دادا، مەن كەلدىم
دادا، مەن كەلدىم. . . !

قوينۇڭنى ئاچساڭچۇ ئەركە ئوغلۇڭغا
سۆيۈپ قوياي ساقاللىرىڭغا.
شېئىر يازغان ئىدىمەن نۇرغۇن،
ئوقۇپ بەرمەپتىمەن بولۇپتۇ ئۇزۇن،
ئوقۇپ بېرەي بۈگۈن بولسىمۇ،
يىغلاپ سالماي ئاڭلىغىن دادا.
يوق يېزىمىزدا ئوتتۇرا مەكتەپ،
ئوغلۇمنى شەھەردە ئوقۇتىمەن دەپ
ماڭغىن قايتا قىش ئەتىگىنى،
سوغۇق بەك كۆپ يېزا يولىدا!
ۋېلىسىپىتكە مىندۈرۈپ مېنى.
ئۆزۈڭ يېپىنغىن جۇۋاڭنى بۇ رەت،
بىلمەپتىكەنمەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئائىلىسى www.uyghurkitap.com



خۇددى سەن تۇغمايدىغاندەك،
قاشلىرىڭ ئاقارسا قىرووۇدا ئاپئاق
قوللىرىڭ قېتىپ قالسا چوكا مۇزدەك.
ئاشخانىغا باشلاپ كىرگەندە
سەن قاراپ ئولتۇرساڭ مەن لەغمەن يەپ،
ئويلاپتىمەن
قورسىقى راست توق ئوخشايدۇ دەپ.
ھېيت ـ ئايەمدە
يېڭىدىن كىيگۈزۈپ ھەربىرىمىزگە
ھېيتلىق كىيمەيدۇ چوڭ ئادەم دېسەڭ،
ئويلاپتىمەن مۇئەللىم دېگەن
يۇرەمدۇ كونا ئۇستۇاش بىلەن.
روھىڭ ئىپلىق
يانچۇقۇڭ قۇرۇق،
جېنىڭنى ئىككەكلەپ
قىلدىڭ يوپيورۇق
قاراڭغۇلۇقتا تۇرغانلارنىڭ
كەتمەن ئاستىغا تۇغۇلغانلارنىڭ
شېئىردەك بۈيۈك تارىخىنى.
تۇشقۇزدۇڭ يېزىپ يۈرەك قېنىڭدا
ئاق قالغان ئەۋلادلار ۋارىقىنى.
خەتلىرىڭدە دەيتتىڭ، ئوغلۇم ئاڭلا:
« نادان خەلق ئوخشايدۇ قويغا،
كېتىۋېرەر باشلاپ قويسا قاياققا،
ئۆگەن مىللەتكە يۈز كېلەلىگۈدەك ».

« بىز بىلىمگە موھتاج
ئازابنى بىلمەسلىك پاجىئە،
بىز ھەم ئازابقا موھتاج »
« كەمبەغەل بولغىن، دېمەيمەن
باي بول ئەمما ۋىجدان غورۇرغا » .
«شېئىر ياز، دۇنياۋى شېئىرلارنى ياز،
لېكىن سېنىڭ ھەربىر يازغىنىڭ
ۋەكىللىك قىلسۇن ئۇيغۇرغا »
« تويۇغنى كۆرگۈدەك ئۆمرۈم بولسا دەيمەن».
«پات ـ پات خەت يېزىپ تۇرغىن، غېرىبسىنىپ قالىدىكەنمەن»
« بالام بۇ يەردە قار ياغدى، قېلىنراق كىي، ئورۇمچى سوغۇق»
« تويۇغنى كۆرگۈدەك ئۆمرۈم بولسا دەيمەن» .

ئەبلەخ كېسەل، كۆزى يوق كېسەل.
ئۇششۇق كېسەل، بۇدۇشقاق كېسەل.
سوغۇق كېسەل، يامغۇرلۇق كۈندەك
ئۇزۇن ئۇزاق بەك ئۇزاق كېسەل.
دادام يالغۇز قالسا سۆيىدا
چىقىۋېلىپ يېنىغا ئاستا
ئەركىلىگەن شوخ، ئوماق كېسەل.
ماڭغىنىدا تايىنىپ ھاسا
بىللە ماڭغان ۋاپادار كېسەل.
قايتقىنىدا مەسچىتتىن قىشتا
دەسسەپ ماڭغان پاكىز قار كېسەل.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەتىيېنى قىچىشىپ چىقسا ئاپتاپقا
پىتلىرىنى باققان يار كېسەل.
ئېتەلمەستىن دادامنى بوزەك
ئاخىر ئۆزى بولغان خار كېسەل.
يالغۇز قېلىپ دۇنيادا جىندەك
ئۆكسۈپ- ئۆكسۈپ يىغلىغان كېسەل . . .

تۇپراق بېشىدا
سۈكۈت ئۇخشايدۇ كۆز يېشىغا،
دۇنيانىڭ تەنھالىقى تامچىلاپ
روھىڭ يېنىمغا كېلەر پارقىراپ.

دادا. . .!



# ئوتتۇن بازىرى

قاغىلارنىڭ بويۇنلىرىدەك
ئاپتوبۇسقا ئۇزاپ كېلەر كەچ،
بىراق خوتەن يىراق ھەم قەيسەر.

ئەزان ئاۋازى
لاي تاملارنىڭ كەينىدە
شىلدىرلىغان بۇلاقتەك
ئېقىپ كىردى سەھەرگە.

غېمىمىزنى تاشلاپ شەھەرگە،
هارۋىكەشكە تۆلەپ بەش تەڭگە،
يولغا چىقتۇق يېزىغا تۇتاش
توپا ئۇچۇپ تۇرغان ئۇ يەرگە.

ئاسمان ـ پەلەك بېسىلغان
ئوتۇن، ئەمگەك، ۋاقىت، ئىدىيە.

دۆۋە ـ دۆۋە
قەدىمكى توغراقلار ۋە
يۇلغۇن يىلتىزلىرى
ئوخشار مۇنداق رەسىمگە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئوردا خارابىسى.
ياۋروپادىكى بىر سەنئەت مۇزېيى.
خوتەن پادىشاھى ئويدۇرغان ياغاچ پۈتۈك،
چاستانى ئىلىگ بەگدىن قورقۇپ كەتكەن جىنلار.
قىزغۇچ كومزەك كۆتەرگەن يالىڭاچ ئوت ئىلاھى.
بىر ئۇيغۇر، ئارىيان ياكى بىر ئىنسان.
ئىگىز - پەس كۆتۈرۈلگەن مىلتىق ئۇچلىرى.
قان يۇقى ئۇستىخان.
مۇڭگۈزىنى دىڭگايتىپ بۇغىلار ياتقان.
سۇزۇك قاشتېشى ئەمەس تۆشۈك ئوتۇن.
ئايال ئوتۇن.
ھەممىسى تىرىك ئوتۇن.

« قورۇق قاقشال بولۇپ قالدۇق
ئوتۇنچى ئاپىرىپ ساتسۇن.
خېرىدارى كېلىپ قالسا
غېرىب بىچارە دەپ ساتسۇن. . . »

سالۋا تەلپەك كەيگەن ئادەملەر
دۆڭدەك ئىگىز كەلگەن ئادەملەر
تراكتوردىن تاشلايدۇ ئوتۇن.

## مەنىسىز

تۆكۈلدى ئالقىنىمغا تىزىق مارجاندەك
تەستە ئۆتتۈۋاتقان كەچكى ۋاقىت،
دۇنيا قۇرۇقدىلىپ قالغان توساتتىن.
تار ياتىقىمدا
ئولتۇرغان بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى ئادىل،
(Tomas transtramer) نىڭ① ئىسمى ئادىل،
19 ـ ئەسىرنىڭ مەلۇم بىر كۈنى
جىمجىت دەرەخزاردا كېتىۋاتقاندا
ئوق تەگكەن ئىندىئاننىڭ ئىسمى ئادىل.
جىمجىتلىقنىڭ سۆزۈك ئۇچىغا
دەستىلەنگەن مەنىسى يوق كىتابلار.
ياتىمەن دېرىزىگە ئۇدۇل كارۋاتتا
ئۆتۈكىمگە توشىماقتا ئاي يورۇقى.
ئاستا ـ ئاستا قېتىپ قالدى تالادا
كېچىنىڭ ئۇزۇن، يېشىل قۇيرۇقى،
مەنىسىز. . .

---

① Tomas Transtramer (1931 ـ) شۋېتسىيە شائىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## سۆيگۈ

يېقىنلايمىز ئەسلى ھاياتقا
كۆڭۈل يېرىم بولغان ۋاقىتتا.

كوچىدا
ئۇچۇپ يۈرەر نۇر يىگىنلىرى،
پەي، يېشىل رەڭ، تەشۈش، يالتىراق،
ئەتىيازنىڭ ئويۇنى شۇنداق.
توپا – توزان ئۇچۇرۇپ بوران
كىرىپ كەتتى كۆزۈڭگە قۇم،
پۈۋلەپ كەتتىم پايپېتەك بولۇپ.
پۈۋلەپ پەرىشتىلەر باغلارنى
ئېچىلماقتا غۇنچىلار تولۇپ.

ئىككىمىز مەست جىمجىت بوراندا.

بىز سۆيگۈگە قاراپ ماڭغاندا
يارىتىمىز ھاياتنى قايتا.

# سىرلىق مەنزىرە

يېشىل سايىلەرنىڭ ئارىسىدا!
تاغىل مۈشۈك ياتىدۇ،
سېرىق چېچەكلەرنى بېسىپ ئاستىغا.
مەن مۈشۈككە قاراپ
مۈشۈك ماڭا قاراپ،
توساتتىن ھېچكىم بىلەن كۆرۈشەلمىدىم
كۆرگىنىم يالماۋۇزنىڭ پال كۆزلىرى.

بۇ كۈنلەرگە ئىشەنمە دوستۇم،
ھەممە پارقىرىغان نەرسە
ھەممە قورقۇنچلۇق نەرسە
ھەممە ئىگىلەنگەن نەرسە
ۋاقىتنىڭ تورىغا چۈشكەن بىر بېلىق.

ئاستا ـ ئاستا چۈشۈۋاتقان قاراڭغۇلۇق
قارا رەڭلىك پەرشتىگە ئايلانماقتا،
مەن، سەن ۋە باشقىلارنىڭ ئارىسىدا!
قۇرۇپ كەتتى ئاپرېلمۇ ئاستا ـ ئاستا ...

ئۆلۈۋاتقانلار يېشىل ئەمەسقۇ؟
بىلەلمىدىم كىمنىڭ روھى ئۇ
ئوت ـ چۆپلۈكتە ئولتۇرغان مۈشۈك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




# قوقمايلاق

خىزمەت بىناسىدىن چىقىشىمغا
كۆزۈم چۈشتى كىچىك قويۇنغا،
كەپتۇ،
توخۇمدىن چىققان سېرىق چۆجىدەك
بالىلىقتا ئۇنتۇلغان قويۇن.
كەڭ دالىدا ئويىنىساق ئويۇن
چاچلىرى چۇۋۇلغان قوقمايلاق
سېۋەتتە ئولتۇرۇپ پىرقىرايتتى،
كۆرۈنمەستىن بوران چىقىرىپ.
ئېيتاتتۇق باللار «قويۇن تاز كەلدى
قېچىڭلار، كوھىقاپقا كېتىدۇ ئېلىپ...»

يىللارنى قېرىتىپ يىگىت بولدۇم،
ئەمدى قورقمايمەن كەلسىمۇ قويۇن.
چاچلىرى پاخپايغان قوقمايلاق
تەلۋە ئايالسەن مەن ساڭا ئامراق.
قۇچىقىمدا قىزغىن هايات
سۇنايلىنىپ ياتقان.
كۆز ئالدىمدا قاتتىق دېڭىزدەك
دولقۇنلىغان تەكلىماكان.

سىيلايمەن ئىسسىق تېنىڭنى،
توختىماستىن
تەقدىر قۇيۇنى قوغلايدۇ مېنى.
ئىچىمدە جىمجىتلىق، سىقىلىش، ئارمان،
ئۈستۈمدە ئەركىن ئۈينايدۇ ئاسمان
پايانسىز، كۆپكۆك ئۈيلايدۇ ئاسمان . . .



www.uyghurkitap.com



# كوچىدىكى قۇربانلىق

ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىسىدە
كۆندۈزنىڭ يېشىل يۈزى
قىلاتتى جىلۋە،
ئولتۇراتتىم كۆز تاشلاپ پەسكە.

پەستە قان رەڭلىك قارا پىكاپ
قارا قاراقچىنىڭ ئوردىسىدەك.

قۇربان ھېيتمۇ جىمىدە ئۆتۈپ كەتتى،
يۆتكىلىپ تورىدۇ قۇشخانا ئالدى
بۈگۈنكىدەك چوڭ كوچىغىمۇ.

بىر ئەبلەخ،
ئىككى ئەبلەخ،
ئۈچ ئەبلەخ،
بىر قوينى، بىر قوينى، بىر قوينى
بوينىدىن، پۇتىدىن، چېچىدىن تۇتۇپ،
سىلكىپ تۇتۇپ مەجبۇرى
قاتلاپ ، موتلاپ باسماقتا
موتورنىڭ كەينىگە.
قوي پۇت ئاتماقتا،
قوي تىركەشمەكتە،
قوي ۋارقىرايدۇ ئىچىدە، تېشىدا
ئىسسىق جان پارقىرايدۇ بېشىدا،

دېرەكسىز يوقالغان باي يەھۇدىينىڭ
كۆلپەتلىك قارا يىللار ئالىقىنىدىن
دومىلاپ چۈشۈۋاتقان مەرۋايىتىدەك.
موتورنىڭ قاپقىقى يېپىلدى،
ھالسىزلانغان ئۇنىڭ يۈزىگە
يېپىلغاندەك قاپقارا كېچە.
كىشىلەر ئۇن ـ تىنسىز ئولىشىۋالغان،
بەزى تاماشالار قىزىق بولمايدۇ،
يىغلىتىدۇ ئادەمنى ھامان.
ھاۋاغا تولدى ئىسسىق قان ھىدى،
چاچلىرىم، يۈرىكىم، جىنىسىم يىغلىدى. . .
مەن بىر شائىر شەرمەندە شائىر،
ئىسمىڭنى سوراشقىمۇ جۈرئەت يوق ھازىر،
خوش، قوي ئاكا!
بەلكىم بۆرۈن ئادەم بولغىيدىڭ،
يا ھازىردىن باشلاپ قويدۇرسەن.
ئۆلۈكلەر ياتىدۇ ئامان ـ ئېسەن،
روھ يۆتكىلىدۇ پەلسەپىدە
بىر نەرسىدىن باشقا نەرسىگە.

مەن ئۇنى قويىمدۇ، دەپ ئويلىدىم،
مەن ئۇنى قوي بولمىسا دەپ
يۈزۈمنى باشقا ياققا بۇرۇۋالدىم،
ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىسىدە.

ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىسىدە
كۆندۈزنىڭ قىزىل يۈزى
ئاقماقتا خىرە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




# يامغۇردىكى ئوت

ئۈچ كۈن بولدى ئىشخانىدا مەن
يالغۇز قويىدى يامغۇر توختىماي.
ھېس قىلىمەن ئوت يالقۇنىنى،
شۇنچە كۈچلۈك ھەم شۇنچە يىراق.
غېرىبلىقتا چىداش تەس بىراق،
قىچقىرىمەن ئوتنىڭ پېرىنى.
ئىسرىق! ئىسرىق!
ئانام ماڭا ئىسرىق سالغىلى
يول چاۋىرى تېرىپ كېلىپ،
قوي يېغى ـ يۇ ئادراسمان بىلەن
ئالما قېقىنى بىر قىلىپ
ئوت ياقىدۇ كەتمەنگە سېلىپ.
ئاندىن
خۇش پۇراق ئىسنى
بېشىمدىن ئۆرۈپ،
دەيدۇ مۇنداق پىچىرلاپ، ھۆرۈپ:
« ئىسرىق، ئىسرىق
كۆزى يامانىنىڭ كۆزىنى ئالدىم،
ئاغزى يامانىنىڭ ئاغزىنى ئالدىم،
يامان كۆزدىن ساقلا ئىلاھىم».

ئەزىز ئوغلۇم ساڭا ئامانەت،
بەختىنى بەر، قىلغىن سالامەت.
ئىسرىق! ئىسرىق!...»
ئۈچ كۈن بولدى سەرسانلىقتا مەن،
ياغار يامغۇر روھىمغا تىنماي،
بۇ غېرىبلىق سوزۇلدى ئۇزۇن.
تەكلىماكان ھۆۋلار ئىچىمدە،
تەكلىماكان يامغۇردىكى ئوت،
سىم ـ سىم يامغۇر ئۈنىڭ ئۈستىدە.
باستى توپان ھەممە نەرسىنى،
كېمە بىزنى ئازدۇرغان كېمە.

يامغۇرلۇق كۈن بىقىپ تالاغا
كۆرمەكتىمەن ئوت يالقۇنىنى.

يامغۇر ئىچىدە
ئۆزۈپ يۈرەر پەرىزات بېلىق،
بەدەنلىرى سۈزۈك، شىلىمشىق.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بەتلىرى
www.uyghurkitap.com



# قورغاقچىلىق

قورۇپ كەتتۇق، قاغجىراپ كەتتۇق
توختاپ قالدى ۋاقىت بەك ئۇزۇن.
پاتمىچۇقلار ھاسىراپ تېز – تېز
كېۋەزلەرنىڭ چۈشكەن غوزىكى.
قارا قومچاق لايغا ئايلىنىپ
قېرىپ كەتتى پەرى كۆلدىكى.
ئېگىز گىنە موما ياغاچقا
ئاق خورازنىڭ، قارا خورازنىڭ
قان قىلىنىپ ئېسىلدى بېشى.

ئوغرىلىقچە ئوينايدۇ يامغۇر
تامار سارغۇچ يوپۇرماققا قان،
تارقىلىدۇ قىزنىڭ ئېگىرىشى.

بىر ئاي بولدى مەسچىتلەر قايناق
پۈتۈن ئەل – يۇرت كېلىپ يىغىلغان.
ئېسىلىپ ئاللانىڭ ئارغامچىسىغا
شامال، يامغۇر تىلەپ يىغلىغان.

تەكلىماكان كۆيمەكتە قورۇپ
دولقۇنلايدۇ ئۈستىدە كۆك نۇر.
چىقماقتىمىز چوڭقۇر شەھۋەتتىن
بۇلۇت ئارا ئوينايدۇ يامغۇر.

## 17 كۈن بولدى كۆرۈشمىدۇق

ئىشىكنى ئىچىپلا زېرىكىپ كەتتىم،
يەتتىنچى ئاي ئۆتمەكتە مۇزدەك.
چىڭقى چۈشتە ئۇخلاپ ئويغىنىش
غېرىبلىقنى ھېس قىلدۇردى بەك.

كەنتلەرنىڭ كۆڭۈلسىز ئەسلىمىسىدە
يېلىنجايدۇ قان تامچىلىرى.
كېڭەيگەنچە شەھەرلەر سىرلىق،
سەرسان بولغان ئۇيغۇر پەرىشتە
پەرۋاز قىلار مەخپىي رەۋىشتە.

17 كۈن بولدى كۆرۈشمىدۇق.

17 باشلىق يالماۋۇز ئۆلدى،
قاراڭغۇ ئورماندەك ۋاقىت ئىچىدە،
نۇر يۈزۈڭنى كۆرۈش ئۈمىدى —
تۇخۇم بېسىپ ياتقان ئاق كەپتەر.

تېلېفون ئادەمنى چۈشكۈنلەشتۈرەر،
ئاۋازىڭغا ئەڭ يېقىن تامدا
غېرىبلىق ئۆرلەيدۇ يالقۇنلاپ ئاستا ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەينەك ئۆلمەكتە قاراڭغۇلۇقتا. . .

ئاندىن ئۆشتۈمتۈت،

ھېچكىم يوق.

يۈرىكىمگە تەگمىدى يا ئوق ،

17 كۈن بولدى كۆرۈشمىدۇق.



# كۆز يامغۇرى

قىستايدۇ بىزنى مەركىزىي شەھەر،
كوچىلار تاش،
ئادەملەر مەرمەر.
لەمپە ئاستىدا،
ئۇخلاپ قالغان مۇساپىر يىگىت
بېشىدا ئالتۇن تاج، قولىدا شەمشەر.
ئوت كەتتى ئارقىدىن باستى سەل كېلىپ
ھاسىراپ سىيلايدۇ سۇنىڭ تېنىنى.

دېرىزىدىن باقتىم يامغۇرغا
يىغا تۇتتى قاراپلا مېنى.

يۈزلىرى ئاپتاپتا كۆيگەن جەنۇپلۇق،
تەر باسقان چاپاندا جەنۇبنىڭ ھىدى.
ئۇ قېچىپ چىققاندا كەتمەن ئاستىدىن
ھەممىنى باشقىچە ئويلىغانىدى.

ھەممىمىز ئۇنىڭدىن نېرى،
كۆلرەڭ ئۇخلاۋاتقان مۇشۇك
يېقىنلاشقان كېچىنىڭ يۈزى.

غېرىبىمۇ ئۇخلىشى كېرەك بۇ كېچە،
لەمپە ئاستىدا مۇساپىر، سوغۇق،
يامغۇر بۇقۇلداپ يىغلايدۇ بوغۇق.

# ئىجادىيەت جەريانى

مەۋجۇتلۇقنىڭ مەنىسى باشقا.
مەن ئۆشتۈمتۈت قەپەستىكى سۇ
تېنىم ئاقار قاراڭغۇلۇقتا.

نۇرلۇق بىر قول كېلەر بوشلۇقتىن.

مەن بىپايان ئورماندا تۇرغان
ئوتقا ئوخشاش ئاچ قالغان ھايۋان.

تور توقۇيدۇ غايىب ئۆمۈچۈك
ۋاقىت ئۇنىڭ كۆرۈنمەس تورى.
گويا قات ـ قات تىل توردا مەن
چاقنىماقتا غېرىبلىق نۇرى.



## ئادەمبېلىق

ئاغزىڭ ئېچىلدى بېلىقنىڭكىدەك
سۆزلىرىڭ گۈل ھاۋادا،
لەيلەپ يۈرۈپ تەگدى بېلىققا.

— توۋا، ما بېلىق ئادەمدەك قارايدىكەن،
— ئانا، ئۇنى يېمەيلىچۇ، مەن باقاي.

شۇنداق قىلىپ،
سىنىڭ بولدى ئاناڭ بازاردىن
ئېلىپ كەلگەن ناتونۇش بېلىق.

ئون ئۈچ ياشتا ئون يىل تۇرغان قىز،
بەك تاتلىقسەن بىزلا بىلىمىز،
(ئادەمبېلىق بىلەن ئىككىمىز)
يېقىن كېلىپ قاراپ ئولتۇرساڭ
بېلىقداندا ئەركىلەر بېلىق
قۇيرۇقىدىن ئۇنچىلەر چېچىپ.
گەپ قىلىدۇ سۆزۈك بىر تىلدا
ماكىلدىتىپ ئاغزىنى ئېچىپ.
غېرىبلىقى، نەم كۆلەڭگىسى
ئاستا ـ ئاستا تۈگەيدۇ ئېرىپ.
جورىسىنى ئويلار بەھۇزۇر
قىلتىرىقى چاقناپ ئاجايىپ.

كەل ئىگەڭمەن دەيسەن مولايىم،
ئۇيالغانچە بىلىق ئۆزىنى
يوشۇرماقچى بولىدۇ دائىم.
سەن ھۇجراڭغا ماڭغاندا ئۇمۇ
ئۇخلاپ قالار كۆزلىرى ئوچۇق،
دېڭىزلاردا چۆشى يوپيورۇق.
كۆردى تەنها بىر بېلىقچىنى
ئورۇن ئالغان ئەرش ئۈستىدە.
دەيمىش مۇنداق: ئەي گۈزەل بېلىق
سەنسىز ماڭا يوقتۇر ھېچ مەنە،
چىقساڭچۇ بىر دېڭىز يۈزىگە.
قاچما مەندىن مەن ساڭا ئامراق،
كۆتمەكتىمەن قولۇمدا قارماق. .

ئاغزىڭ ئېچىلدى بېلىقنىڭكىدەك،
قاراڭغۇلۇق
مۇزدەك قورسىقىنى تەگكۈزۈپ
ئارىمىزدا يۈرمەكتە ئۈزۈپ.

بىز تونۇشتىن مەنە ئىزدەيمىز،
سۆيگۈ نورى چاقنايدۇ ۋىل - ۋىل.
ئۆلۈپ قالسام قاراڭغۇ بىر كۈن
قايغۇرمىغىن يارىم مەن ئۈچۈن،
ئىلىنىپتۇ قارماققا دېپ بىل،
ئىلىنىپتۇ قارماققا دېپ بىل . . .

# كېچىدىكى سۇ

يەر يېغىنىڭ ھەسرىتىدەك
قاراڭغۇ ئازگالدا پارقىرايدۇ
ئاي نۇرى يورۇتقان كېچىدىكى سۇ.
تاشلاپ نېرۇمىزغا ئاچچىق، قارا ئىز
تۇندىكى پويىز ئۆتۈپ كەتتى تېز.

سەۋر قىل بۇ كۆنلەر ئۆتۈپ كېتىدۇ،
ھەممىسى ئۆزۈڭنىڭ،
رەنجىش ھاجەتسىز...

سەپەردىن كەلدىم،
كۆتۈپ تۇرۇپتۇ،
يار، ئۈمىد، چېچەكتىكى سۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# شەھەرنىڭ سىرى

بىرىلمىدى بىزگە ئىزاھات،
سىلىنماقتا رەت ـ رەت ئىمارەت،
ئېگىزلىگەن تەنھالىقىمىز.

ۋاقىت بىر چوڭ شەيتان ئەينىكى،
قېرى مۈشۈك تىكىپ كۆزىنى
كۆرەلمەيدۇ ئۇندا ئۆزىنى.

خالتا كوچا، ئادەم، سامانيول
بۇ شەھەردە كېسىشكەن بىر نۇر.

چېقىلماقتا كونا بىنالار
ئۆز تىلىدا سۆزلەيدۇ ئۇيغۇر.
چاقناپ ئۇچەر توزان ئىچىدە
لوم تۆمۈرلەر، سەرسان يىگىتلەر.
تام ئادەمنى قوغلايدۇ دېيدۇ،
لېكىن قارام تام چاقچاقلىقچىلار
قارامىلىقى قوتۇرىغان بوقا.
بالىياتقۇ ئۆي ئۇلار ئۇچۇن
تىكىشىدۇ جېنىنى دوغا.

بىز گويا ئوت سۇ ئىچىدىكى،
بىز غايىبقا سېلىنغان بىنا.
ئۆرۈلدى بىر بىنا نەم، قىزىل
يىگىتلەر تام چېقىۋاتقاندا،
ۋاقىتتىن قان ئېقىۋاتقاندا. . .

يات بىر تىلدا سۆزلەيدۇ تۇرمۇش
ئۆزگەرمەكتە شەھەرلەر پوزۇر.
يېڭى بىنا پۈتەر ناتونۇش
كونا تامنى چاققۇچى ئۇيغۇر.

ئەي يىگىتلەر، قاراپ بېقىڭلار
شەيتان ئەينەك ئەمەسمۇ شەھەر؟
كۆرۈنمەيمىز قارىساق ئەگەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# تېرەم

موھتاجلىق — يېشىل ئوت،
كۆيمەكتە كۆرۈنمەستىن
تېنىمنىڭ ئەتراپىدا،
ئېچىلغان
جېنىمنىڭ چېچەكىنى
ئۈزمەكتىسەن مۇلايىم سىيلاپ.

تۇرمۇش — مېنىڭ تېرەم،
ئۇنىڭدىن شۇنچە يىراقتا مەن.
تېرىسى يوق ئادەمدەك
لۆمۈلدەپ كەلگەندە تەكلىماكان
يوشۇرۇندۇم تۇرمۇشقا ھامان.
يوشۇرۇناي سېنىڭ تېرەڭگە،
چىڭ قۇچاقلا مېنى، ئېھ جانان.

كوچىلاردا
غېرىبچىلىق،
مەن يىلتىڭلاپ تۇرغان بىر بېلىق،
ئىزدەيمەن كەڭ، يېشىل تېرەمنى.

# تۇز

شىشىدە كۆك سوغۇق
ئۇخلاۋاتقان سىھىرگەردەك.

ئويغىنار تۇز يەر ئاستىدا.

تۇزى ئېغىر شەھەر بۇ،
ياشاپ كەلدىم ئېغىر ئۆيلاردا.
كوچا ـ كويلاردا
ئولتۇراتتى مەيۈس تۇزچىلار،
هارۋىسىغا تاش تۇزنى يېسىپ.
ئۇلار تۇزنى كېلەتتى قېزىپ
نەچچە كۆنلۈك سايدىن، جاڭگالدىن،
ۋارقىرىغاندا قىش سوغۇقى
ئۇستۇۋىشى توپا يۇقى
ھېرىپ ـ ئېچىپ، ئۇسسىز، ئۇيقۇسىز،
قۇشتەك تۇگۇلۇپ.
مەن ئۇلارنى تۇراتتىم كۆرۈپ
ئېشەك هارۋىسىنى غىچىرلىتىپ
ئىسسىق يازدىن كەتكەندە ئۆتۈپ.

ۋاقىت ئايلانماقتا،
غىچىرلىغان ئاۋاز چىقىرىپ
ناتونۇش زاۋۇتلاردىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئالتۇن، رادىي، تۈز كانلاردىن،
يۈرىكى دۈپۈلدەۋاتقان
يەرنىڭ يىرتىقلىرىدىن،
ئۈستىگە لىق يۈك بېسىپ ماڭغان
پويىزلارنىڭ رېلىسلىرىدىن،
سېمىز، ئاپئاق دېڭىز بويىدىن. . .

يوق بىزنىڭ ۋاقتىمىز،
يوق ھەتتا ئۆز ئىدىيىمىز.
غېرىبلىق — قاتتىق غېرىبلىق.
غېرىبلىق — سوزۇك غېرىبلىق.
غېرىبلىق — تۇزلۇق غېرىبلىق.

تۇزى ئېغىر شەھەر بۇ
كەلگەنلەرنىڭ كەلمەس كەتكۈسى،
ئىشىكىمنى چېكىدۇ بىر كىم
ئاچسام ھامان ئاتونۇش كىشى.

سان ـ ساناقسىز يات يۈزلەر ئارا
تۇيۇلىدۇ يۈزۈم نىقابتەك.
دايتەك
كېچە
بۇ شېئىرنى يېزىپ چىقتىم
تاڭ ئاتقۇچە.

بىز ئۇخلايمىز قوتىلاردا
ئويغىنار تۇز يەر ئاستىدا.

# مېنىڭ دادام ئەرۋاھ

مېنىڭ دادام ئەرۋاھ
قىزغۇچ مىس تاۋاقتا
ئۇزۇم يەيدۇ ئاغزى يوق.
هازىرغىچە ساقىيالماپتۇ،
ئاقساق پۇتى ئاپئاق، يوپيورۇق
كىرىپ كەتتى ئىشىكسىز ئۆيگە.

قارا مۇشۇكتەك تۈگۈلۈپ كېچە
كۆزىدە لىق ياش كەلدى قېشىمغا.
كېچە ئالەمنىڭ ئىككىنچى يۈزى
ئايرىلىمىز بارچە شەيئىدىن
بىز دىنمۇ چىن ئۇنىڭ يوقلۇقى.

ئىشقا ماڭدىم ئالدانماقتىمەن،
مەنىسىنى بىلمەيمەن ئەسلا،
ئۇ بىر جىلغا قاقاس، قاپقارا.

دادام ئەرۋاھ تۇرمۇشۇمدا گاھ
ئېقىن سۇدەك بولىدۇ پەيدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئەتىياز مۇراسىمى

يەر تەرلەشكە باشلىدى،
ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ، بوشىشىپ ئاستا.
تامچىلايدۇ ئەما تامچىلار
چوڭقۇر، ئىسسىق قاراڭغۇلۇققا.
قار ئۆزىنى قويدى يوقىتىپ
لەززىتى تارقالدى پۈتۈن ئەتراپقا،
بۇ لەززەتنى سېزىشكە چوڭقۇر
ئىبادەت قىلىمەن جىمجىت ۋە تەنھا.
ئىبادەت قىلىمەن ئايلىنىدۇ نۇر
قەدەھتەك قەلبىمگە قويۇلار مەنە.
ياشىماقتىمەن ھەر بىر مىنۇتنى
شامال، ئاپتاپ، بال ھەرىسىدەك
ئىچ ـ ئىچىمدىن قىلىپ تەنتەنە.

ئەتىياز —
يېشىل جەندە كىيىپ
بىر ئويناۋاتقان پېرىخونىدەك
غالجىرانە ئەخلاقلىق ھايۋان.

ئىبادەت قىلىمەن ياتاقتا تەنها،
ئاستىمدا چىمەنلەر، ئۈستۈمدە ئاسمان
بارچە سۆزلەر سىرلىق تۇس ئالغان.

يەنە بىر كۈن
قارا ـ قارا تامچىلىدى لەمپىدىن
بارا ـ بارا هارغىنلىقى تۆگىدى قىشنىڭ.



# قەلەندەر

ئۈستۈمدە كۈن، ئالدىمدا كوچا
ئېقىۋاتقان ئادەملەر سەلدەك.
ئولاشماقتا سىرلىق بىر يىغا،
ئەتراپىمدا ئالتۇن چەمبىرەك.
ئۇ دىلىمغا باقماقتا ئەنە،
ئۇ تىلىمغا بەرمەكتە مەنە.

ئىشقىم بىلەن كېتىۋاتىمەن،
ئارىلىشىپ ھەر بىر ئادەمگە.
ئىشقىم بىلەن كېتىۋاتىمەن،
گۈزەل، چوڭقۇر، غايىب ئالەمگە.

تام تۈۋىدە قوي كۆزلۈك يىگىت،
تىلەمەكتە ئىككى قولى يوق.
ئىككى قولى جەينەككىچىلا
جەينىكىدىن باشلاپ يوپيورۇق.
بىچارىمەن، ئەي ئەزىزلىرىم
قولۇڭلارنى ساق قىلسۇن ئاللا.
مۇساپىرلىق تاشتىن قاتتىقكەن
مېنى يوقلاپ قويۇڭلار باللا.

قۇش ئۆلسىمۇ بارار جايى شۇ
رىزقىڭلارنى بەرگۈچى ئاللا...

ئايلانماقتا نۇر چەمبىرىكى،
سۇ چىپىلداپ تەشمەكتە مۇزنى.
تام تۇۋىدە كۈن نۇرى مايماق،
سازمۇ؟ سۇمۇ؟ قىزنىڭ جىسمىمۇ؟
ئۇنلىمەكتە يىغىملىق ياڭراق.

پىرقىرايدۇ ئالتۇن چەمبەرلەر
مەن ئاقىمەن كوچىلار پاتقاق.

www.uyghurkitap.com



## ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە

كۆن چىقىش بىلەن
تىلسىماتتەك بىنالاردا بىز
يېنىمىزدا زەنجىربەنت سۇ.

چىرايلار، سۆزلەر، قاسراقلار
ئىدىيىلەر، كىچىك، پىنھان.
تەشۋىشكە تولغان
ئىشخانا ئىچى،
ئۈستەل تومىسلەرنى① ئەسلەتكۈچى
تىمتاسلىقتىن سىرغىپ تۇرار قان.
تىغدەك پارقىرار ۋاقىتنىڭ ئۇچى
كۆلدان، دېرىزە، ئىزاھلىق لۇغەت:

ئاققۇ: پۇتۇن بەدىنى ئاق رەڭلىك قۇش
تۇمشۇقىنىڭ ئۈستى سېرىق، پۇتى قارا.
دېڭىز ساھىلى ياكى كۆل بويىدا ياشايدۇ.
مەھكۇم: باشقىلارنىڭ ئىلكىدىكى،
ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى قارام، بېقىندى.

---

① تومىسە ــ نەزىر ـ چىراغ مۇھىسى

ئەينەك:  قاتتىق ۋە چۈرۈك بولغان
بىر خىل سۈزۈك جىسىم.
ئەينەك تاملىق ۋاقىت قەسرى
ئەرۋاھىمىز ئايلىنىپ ئىتقا
تالىماقتا ئۆز شولىسىنى
بىز پەرۋاسىز بېرىلگەن ئىشقا.
ھەممىمىز ۋىجدانسىز،  توخۇ يۈرەك. . . !
مەستلەر ئۈنىڭ كېيىنگە قاقاقلاپ كۈلۈشتى
مىس رەڭگىگە كىرگەن چاغدا يەر

كرىستال كېچە،  قورشاپ ئالغان
شاخسىمان چىراغ،  سۇ ۋە سېھىرگەر.
قوللار ئېچىلغان قوناقگۈلسىمان
شادلىقىمىز نازۇك،  جىلۋىگەر.
قارلىغاچلار ئۇچۇپ يۈرىدۇ
ئاۋازىمىز دېڭىز ساھىلى،
تەن دولقۇنى كارىۋات ئۈستىدە
غايىب بولار ھېلىدىن ــ ھېلى،
غەم ــ قايغۇنىڭ يۈزىغۇنلىرىدەك.
قوياش بىلەن تەن ئارىسىدا
خىزمەت بىلەن مەن ئارىسىدا
ئاددىي كۆنلەرنىڭ جاراھىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ئىبادەت

مەست قىلماقتا كۈچ مېنى
ئەي ۋۇجۇدۇم سەن نەدە؟
ئىچ - ئىچىمدىن بولاقتەك
يېنىك گۈزەل بىر پەدە
سىرغىپ چىقار جىممىدە.
تاملار ئارا يوق بولدۇم
چوڭقۇر، سىرلىق، لىققىدە.
گىرىلداۋدۇ نەيلامپا،
تېنىم تەگكەش قىلماقتا،
ئالەم چەكسىز، مەن تەنها.

قاردىن ئاپئاق شامالار
مەجنۇنتالغا چىرمىشىپ
تولغىنىدۇ ئۇستەلدە.
يىغلىغۇم بار بوقۇلداپ.
ئۆلۈپ قالغۇم كېلىدۇ،
ھاياجىنىم بولدۇقلاپ
تېشىپ تورغان ھالەتتە.

كاللام پارلاپ توختاۋسىز
ئۆزگەرمەكتە ئالەمگە،
مەن بىر غايىب ئادەمگە.
قولۇم سىيلار كېچىنى،
يوپيورۇق نۇر كەزمەكتە
قورسىقىمنىڭ ئىچىنى.

مەست قىلماقتا ئىبادەت
مەست قىلماقتا كۈچ مېنى

بۇ مۇقەددەس يالغۇزلۇق،
بۇ يېپيېڭى ئېچىرقاش،
بۇ ئۇلۇغۋار، پاك شەھۋەت.
سەنمۇ مەستمۇ ئەي ساقى،
تېشىپ كەتتىم قەدەھتەك.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# بوران

بوران چىقتى،
قارا ـ قارا
قاناتلىرى ئۇچۇپ يۈرەر،
ئۆگزە، ئاپتاپ، كىيىم ئارا.

جىمجىت كۆلبەم،
ئۈزۈن بولدى ئېسىلغانغا
غېرىبلىقنىڭ قوڭغۇرىقى.
ئوماق، كىچىك، يوقلۇقنىلا
باشلاپ كىرەر ئىشىك يوچۇقى.

بوران چىقتى،
ئەتىيازنىڭ غالتىكىگە.
بوران چىقتى،
يورۇق قەسىردىن،
مەجنۇنتالنىڭ چاچلىرىدىن،
لاي پاتقاقتىن، بۇلۇڭ ـ پۇشقاقتىن،
يالتىراقتىن، قەغەز ئاستىدىن،
چوڭ كوچىدىن، خالتا كوچىدىن،
غېرىبسىنىپ قالغان ئۆيلەردىن...
ئويلىمىغان ھەر يەر ـ ھەر يەردە
خۇشال ـ خۇرام كەزمەكتە بوران.

جىرىڭلايدۇ شادىيانە
ئاسمانلارنىڭ قوڭغۇرىقى.

بوران چىقتى قىپيالىڭاچ
سىلىۋېتىپ كىيىمىنى.
شۇنچە ئۇزۇن ئېچىرقىغان
ئەي يىگىتلەر، سىلەر قېنى؟
بىلجىرلايدۇ شۇنچە مەستخۇش،
شۇنچە قاتتىق، شۇنچە چوڭقۇر
چۈشەنمىدۇق ھېچنېمىنى.
بورانمۇ ئۇ يا نېلۇپەر؟
ئېقىۋاتقان سۇ ياكى تەن؟
ياكى دىنني يېزىقمۇ ئۇ؟
بېشارەتلەر خاتىرلەنگەن.

بوران چىقتى سىرلىققىنا،
تەبىئەت شاد قىلار ناۋا
ۋۇجۇدۇمدا كۈچ شاۋقۇنى.
دەل ـ دەرەخلەر ئۇسسۇلدىن مەستە
قېتىلدىم جور بولۇپ ئاستا.
لەپىلدەيدۇ پېشىم، يېڭىم
ئالەم مېنى ئايلانماقتا.

بوران كەتتى كىشنەپ چاپقۇلداپ
توپا ئۆرلەپ تۇياقلىرىدىن،
بوز يايلىدا ۋالىلدار ئاپتاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# تەنھالىقتا يۈزلىنىش

ئېچىلماقتا
جىمجىتلىقنىڭ ئىشكلىرى
تامدا، باغچىدا.
باغچىدىكى چېچەكلەر ئارا
ئۆزىدىن چوڭ چىپار كېپىنەك،
ئۆزۈمدىن چوڭ تەنھالىق ئىنەك.

ئاپرېل ئۇزۇن ئاي، قورۇقدالغان
يوپۇرماقلار مېنىڭدىن تېتىك.
باشقا ئادەم بولغىنىم يالغان،
بۇرۇنقىدەك يالغۇز ۋە كىچىك.

نامازشام ۋاقتى كۆك مونچاقتەك
چىمەنلەرگە چېچىلدى چاقناپ.
كۈندۈز غايىب بولغان يۈز
مەۋجۇتلۇقۇم ئوخشار كېچىگە
يۈزلەنمەكچى بولدۇم ئىچىگە.

تەن ۋە يىراق،
مەسچىتلەردە نۇر.
ياتقىمدا خالىي كۈنلىرى
ئىبادەتنىڭ يىنىك گۈللىرى...

# سۇبھى پەيزى

قۇشلار بىلەن ئويغاندىم،
ئارىمىزدا دېرىزە.
شىلدىر ـ شىلدىر، ۋىچىر ـ ۋىچىر
كارىۋاتتىن دەرەخكىچە.

چوقۇماقتا كېچىنى
تۇمشۇقىدا كۆمۈش دان
ئاق قۇشقاچلار مەستانە.
زوق ـ شوخ بىلەن سايرايدۇ
ئاق قۇشقاچلار مەستانە.

قاراڭغۇ قورسىقىدا
تۇخۇملىرى كىچىك، ئاق
تۇرار سۇبھى پارقىراپ،
سۇبھى جىمجىت ئاققان سۇ
سېمونت يول ئۈستىدە.

ئۈرۈمچىدە ئاسمان يوق.

ئۆيىمىزدە نۇر، قۇرئان،
ئىبادەت ۋە سەھەردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قاراڭغۇلۇق ئاز قالغان
جەينامازدا سۈزۈك مەن،
يېشىل شاختا قۇشقاچلار
ھەممە شەيئى ئاقماقتا.

سەھەر
روشەن
مۆجىزە

كۆتۈۋالدۇق سەھەرنى
كۆننىڭ يورۇق سۆزلىرى
ئويغاتماقتا شەھەرنى.



# چېچەك بېشى

ئۆيىقۇم قاچتى ئۆزۈمدىن ئۆزاق
تۈن ۋە ئۆزۈمگە كەتتىم چوڭقۇرلاپ.
مېنىڭ ئەمەس قولۇم، دۇنيا، ھېچنەرسە،
ئۇ چەكسىزلىكلەردە
پارقىرىغان كىم؟
ئۆمرۈم يېرىملاشتى بىر قەدەم مەيدەك
زۇمرەت كېچىمۇ بولماقتا يېرىم.

گىژىلداپ تەنھالىقىمغا.
قوندى بىر چېۋىن.

مېنى تونۇۋالدىڭ ئۆيىقۇم ئېچىلغان،
سېنىڭكىدەك سۇزۇكتۇر بېشىم.
ئىچىم يورۇغان ئىچىمدە مەن يوق،
رەھمەت ئورنىغا ئاقار كۆز يېشىم.
تىنسام، تۇرسام، ئولتۇرسام ئوخشاش
ئىبادەتتە قىلغان ھەر ئىشىم.

كېچىدە نۇر
ئالەم ئويغاقتۇر.
بېشىم كىچىك تولىمۇ كىچىك
يۇلتۇزلار — چېۋىننىڭ بېشى.

# ئۆرۈك پىشىشقى

يەنە ئاپتاپ،
قان ۋە ئاپتاپ،
زېرىكمشلىك ماينىڭ ئاخىرى.
مايلىشاگىغۇ يېشىل ياپراقلار
ئاخىرغىچە يۆگىمەك بولار
ھەممە بىلگەن مەخپىيەتىنى.
ئۆرۈكلۈكتە مەست بولغان شامال
يېشىنمەكتە سېرىق، ئاق پىشماق،
تورالمايمىز پۇراپ ھىدىنى،
ئۆرۈكلەر ناز بىلەن
چۈشكەندە تورۈكلاپ.

سارغۇچ، مونەكۋاش
شېرىن، يۇمىلاق،
بەزىسى تارتىنچاق، بەزىسى تۈكلۈك.
«خوندەك»، «توختى قوتل»، «موللاۋى»، «قىزىلاڭ»،
«ئابدۇل گاس»، «قاراغازاڭ»، «خۇئەينى»، «ئاق ئۆرۈك»،

بازار كۆنى ھەممە يەر ئۆرۈك
قايسى بىرىنى دەپ بولىمىز.

دېھقانلار ئۆرۈك بىلەن ئۆلىشىپ يازغا
شاپاق نەرقىدە سالار بازارغا
توپىسىنى پۈۋلىمەي يەپ بولىمىز.
بازار قىزىق،
تۇرمۇش قۇرغاق
قاتتىق زېمىن.
ئۆرۈكلەر مەي باغلىدى بىردىن ـ بىردىن،
بىز تېخى ھاياتنى باقمىدۇق تېتىپ.
ئۆرۈك ئەتراپىدا گىژبىلدار چىۋىن،
قانىتىنى زىلتاردەك پارقىرىتىپ
پارقىرىتىپ مۆڭلىرىمىزنى.

ئۆرۈك يىلىمىدەك قۇرۇلماقتىمىز
غېرىبلىقنىڭ ياز پەسلى ئۇزۇن،
بولۇپ قالدى پىشار ۋاقتىمىز.
پىشىپ بولدى غورىدەك قىزلار،
ئويغىنىپتۇ توك يىگىتلەرمۇ،
قالمىدى ھېچ تاقىتىمىز.

ئۆرۈك پىشىقىدا
پىشماقتا كېچىمۇ ئاستا ـ ئاستا،
ئاق يۇلتۇزلار ساڭگىلاپ شاختا.

www.uyghurkitap.com



# ئويغىنىش

قۇشقاچلار
سەكرىشىپ
شاختىن – شاخقا
ئۇقۇيدۇ دۇئا.
قاناتلىرى ئاستىدا
سۈپسۈزۈك سەھەر،
كۆرۈنەر غۇۋا.

مەن ئويغانغان،
كۆرۈندى يوقلۇق
بارا – بارا.



## ئاي قۇشلىرى

ئۇچۇپ چۈشتى غۇررىدە
يەردە، سۇدا، چاچلاردا كېچە.

مەست قىلغۇچى جىگدە چېچىكى
قاراڭغۇغا كەتمەكتە سىڭىپ.
تونۇمايدۇ ئادىل ئۆزىنى
شۇنچە ئۆزۈن كەتسە چىڭقىلىپ.
ھەۋەسلەر ئېچىلىپ قالغان ـ
ئوت ئەتىرگۈل جىمجىتلىقتىكى.
تېنىمىز كېپىنەك غالجىرلاشقان
ئۆز ـ ئۆزىنى ئايلىنار پىر ـ پىر.
قاراقچىدەك ئېزىپ باقايىيا
ئېزىقلىقى قويۇڭلارچۇ بىر!.

شۇنچە ئاچتۇر
شۇنچە يۇمران ۋە سېمىز
ئۇلۇغلۇقتا مەھكۇم تېنىمىز.
ئەي پاك نومۇس، ساختا يېشىللىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سەن بۇ يەردە، بىزچۇ قېنى بىز؟
بىز بىھۇدە ھەيكەلتاراشلار
چىن، ھەقىقىي تۇرمۇشقا ئەمەس
مۇزىيلارغا قويۇش ئۈچۈنلا
ئۆزىمىزنى ياساۋاتىمىز.
كۆرۈنگۈم بار بۇنىڭدىن قىزغىن،
كۆرۈشكۈم بار قۇچاقلىشىپ چىن
بىراق بىز ئەينەكتە ياشاۋاتىمىز.

قۇشلار سىرسان ئاي قۇشلىرى
كېچە ئاپئاق ئىبادەتتە.
شامال، قومۇش، سۇ، ئاق گۈللەر
چۆككەن چوڭقۇر ئىستىقامەتكە.
ھارارەتلىك تېنىمنى تاشلاپ
جايىنامازغا چىقتىم ئاۋايلاپ
چىقتىم ئاخىر ئەينەك ئىچىدىن.

چېكەتكە چىرىلدىماقتا
مەززە قىلىپ كېچىدىن.

## سائەت ئاۋازى

ئېچىم سىقىلدى
ۋاقىت تامچىلايدۇ ئاستا ـ ئاستا،
بوشلۇقتىن، ئەينەكلەردىن، چىم ئۈستىدىن
كۆندۈزنىڭ قاناتلىرى يىغىلماقتا،
يىغىلغاندەك توز قانىتى
يا گۈزەل ھەسرەت.

بۇ كۈنلەردە يازدىم كۆپ شېئىر،
توخۇ يۈرەك قاچاق جەڭچىدەك.
ئۇچۇپ يۈردى نۇرنىڭ يا ئوقى
ئۆلۈم، تورمۇش، سەۋر، ئىبادەت.

يات شەھىرىمدە يۈردۈم تەمتىرەپ،
چىراغلار رەڭمۇ رەڭ قورالالنغان
بايرام غېرىبلىقى چېقىلغان ئەينەك.
فونتان كىملەرنىڭ مۇراسىمى ئۇ ؟
سۇ
سېھىرلەنگەن يوچۇن كاھىنغا.

ئاي روجەكتە،
نۇرغا توشقان بىر جۇپ كەش پەستە،
تېنىمدىن يۇلتۇزلار ئۆچەر تەستە،
كېچە ئۆزۈن ئىزدەيمەن مۇڭداش.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com



# سۇ

ئاشىقمەن ساڭا،
ئەسىرلەپ ئېچىرقىغان
تەكلىماكان بويىدا.

تەكلىماكان بويىدا
ئۆزۈڭدىن شۇنچە يىراق ئاقىسەن،
ئۆزۈڭگە شۇنچە مەخپىي ياتىسەن.
مەن بىلمەيمەن تەنھالىق نېمە؟
تۆت پەسىلدە ئاۋازىڭ تۆت خىل،
گاھىدا چوڭقۇر ئۇھ تارتىسەن
گاھىدا مۇز بولۇپ قاتىسەن.
گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخلەر ساقلىغان چىڭ
زۇمرەت رەڭلىك مەخپىيەتلىكىڭ،
ئوخشار مېنىڭ ئۈمىدلىرىمگە.

سۇ
غەمسىز، رەڭسىز ماددا سەن،
ئىككى كېپتەر بىلەن كۆك ئاسماندەك،
ئىككى شامال بىلەن مەجنۇنتالدەك،
ئىككى غالجىر قول بىلەن بىر ئاچ تەندەك.
ئىككى ھىدروگېن، بىر ئوكسىگېن ۋە
ئېلېمېنتلار دەۋر جەدۋىلىدە
ئىرمىشىپ ـ چىرمىشىپ ئويناۋاتقان.

سېنىڭ ئىشقىڭدا ئۆرتىدۇ پەرياد
سانسىز قولىنى سوزۇپ بۇ ماكان.
سۇ دەپ مېۋىلەر يىغلايدۇ شېرىن،
كېۋەزلەر ۋارقىرار ئاۋازى ئاپئاق.
سۇ دەپ نالە قىلار ئورنى بوش قالغان
نېفىت، كۆمۈر، ئالتۇن، مىس، ئۇران.

ۋالىلدايدۇ بېشىمدا سۇ تاج،
بۇ زېمىننىڭ شاھزادىسى مەن.

تەمتىرەيسەن سۇزۇك قارىغۇدەك،
خۇش بولىسەن بالىغا ئوخشاش.
ھۆركىرەيسەن ياۋايى پات ـ پات،
بەزىدە جىم ئاقىسەن ياۋاش
تارۇ قاراڭغۇ نۇنىڭ ئىچىدە.
شىلدىرلىشىڭ قوزغار ھاياجان
ئۇيقۇم قاچقان ئۇزۇن كېچىدە.
قۇچاقلىسام ئىشتىياق بىلەن
ھۆل قىلىدۇ تېرەمنى تېرەڭ،
ئاندىن ئېقىپ كېتىسەن يىراق
ماڭا يەنە قالار دەرد ـ پىراق.

سۇ،
مۇڭلۇق سۇ،
ئوقۇپ بېرەي كىمگە سېنى مەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## تېپىلغۇسىز سوۋغات

بىلىكىمگە تېگىپ تۇرغان
خانىشىمنىڭ قوڭغۇراق كۈلى.

سەپ تۈزمەكتە ئۆلۈك لەشكەرلەر
مېڭەمنىڭ سەلتەنەتلىك خارابىسىدا
روبىرو بولۇپ دەقىقىلەرگە.

تۈن ئەينىكىدە
گۈزەل رۇخسارىڭ.

يالغۇزلۇقۇم ئۆتەر بىلىنمەي
بۆلۈنمەكتە ۋاقىت ئالتۇندەك.

بىلىكىمدە سەن بەرگەن سائەت.
قەدىرلىكىم توختاپ قاپتۇ ئۇ
مەڭگۈلۈكنى ئىپادىلەپ.

## دېرىزىدىن كېچىگە قاراش

قاراشمۇ بىر سىر...
ئەتىرگۈلمەن،
شامال قاراڭغۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



## چۈشلۈك ئۈيقۇ

ئۆي ئىچىنىڭ غۇۋا قولىدا
نۇر جىمجىتلىق، بىر تىلىم تاۋۇز.

تېرەكلەرنىڭ شىلدىرلىشىمۇ؟
هاۋادىكى بۇلاقلارمىدۇ؟
ياكى قىزغۇچ چۈش پەيتى
بالكونىدىن ئاقماقتا ئۆيگە.

بالكونىدىن ئاقماقتا ئۆيگە
تالادىكى سىقىلىش.

ئارىمىزدا ئورنى بوش ئادەم،
پۈتمەيۋاتقان بىر ئىش، بۈيۈك ئىش
غېربىلىقتا تېمىۋاتقان ئىش.

چاپلىشاڭغۇ هارغىنلىق
ئايلانماقتا ئەخلەتكە،
چاپلىشىپ هەر نەرسىگە.
ئۇيقۇ شىرنىسى
لىق توشتى كۆزگە.

# ئەركەكلەر قېنى سىلەر؟

( داستان )

## 1 . ئەرنىڭ غېرىبلىقى

... داۋاملاشماقتا
تېرىلەرنىڭ سىرتىدا،
ئادەمنىڭ نۇر ھالقىسىدا،
ئالەمنىڭ باش نۇقتىسىدا،
ئەرلەر يۈزلەنگەن ئاپتاپپەرەستەك
ئاياللارنىڭ سەلتەنەتى ئاستىدا،
داۋاملاشماقتا. . .
جىنسىي ئاجىزلىقنى
داۋالاش توغۇرلۇق ئېلان،
ئوغرىلىقچە ئوقۇلۇۋاتقان
ئەركەكلەر ئارا.
نومۇسقا چىدىمىغان ئەركەك ئىتلار
ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا
توپلانغان مەيداندا شەھەرلەردىكى
... داۋاملاشماقتا. . .
ياشىمىسا بولمايدىغاندەك
كېتىۋاتقان كىشىلەر ئارا.

ئەي ئەركەكلەر كۆرمىدىڭلارمۇ؟
ئەرلەر ھېچكىم ئەمەستەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەر يوقتەك تۈت ئەتراپىدا
بىخەتەر يۈرەر ئايالىلار،
چۈش كۆرىدۇ ئايالىلار ھەتتا،
ئۇگدىسىغا يېتىپ كارىۋاتتا.
ئەركەكلەر، پاك بولدۇڭلارمۇ
ئايالنىڭ ئاۋازىغۇ بۇ؟
ۋارقىراشماقتا
تەپتارتماستىن يېنىمىزدىلا
يەتتە ياشتىن ئاشقان ئايالىلار،
ئەڭ ـ ئەڭ نېپىز ئىچ كىيىم بىلەن
ئاپتاپ سۇنۇپ ياتقان ئايالىلار.
خۇددى بىز بىلمەيدىغاندەك
قات ـ قات كىيىم ئىچىدە
قىپيالىڭاچ تۇرغان ئايالىلار.
ئەرلەرگە كۆز ـ كۆز قىلماقتا
شارقىرىغان قوشنا مۇنچىدا.
ئۇلار بىزنىڭ ئۆيلىرىمىزدە.
ئۇلار بىزنىڭ گۈللۈكىمىزدە.
ئۇلار بىزنىڭ ئىشخانىمىزدا.
كېچە سائەت نۆلدىمۇ
خوتەن ۋاقتى بىردىمۇ
ئىختىيارىي مەۋجۇتتۇر ئايال.
ئايال مەۋجۇت تەكلىماكاندا.
ئايال مەۋجۇت ھەممە كارىۋاتتا.
جىمجىتلىق ئايال.

سايىمىز ئايال.
غېرىبلىق ئايال.
قاتناش قائىدىسى ئايال.
ياتقان نۇر
ماڭغان نۇر
تۆشۈك نۇر ئايال.
كىچىك ئۆي كىچىك ئايال.
چوڭ ئۆي چوڭ ئايال.
ئەپسانىلەرنى توقۇپ
دەرەخ يارىتىپ
دەرەخ كاۋىكىدىن
قىز يارىتىپ
ئېرىشمەكچى بولغىنىمىزمۇ
ئايالدۇر ئايال.
يەسەۋى ئۆز شېئىرلىرىغا
چوڭقۇر كۆمۈپ قويغان يار
ئايالدۇر ئايال.
ئۇنتۇلدۇرۇپ
20 ـ ئەسىرنى
ئامېرىكىنى، توكيونى
روھىمىزغا پەرۋاز قىلدۇرغان
ئايالدۇر ئايال.
ئايال! ئايال! ئايال!
جىنىم، جىنىم ئايال
قارغىش تەگكۈر ئايال...

ئەركەكلەر ئالغا!
ئەركەكلەر ھۇررا!
ئاپئاق ھور ئارىسىدا
بىلجىرلىغان ئاياللار.
يېقىن يالىڭاچلىق،
ئۇياتچان ئەر،
سۇ تامچىسى
ساقىپ تۇرغان
پاچاقلار.
نەم چاچلار،
مەزىلىك تەر پۇرىقى،
ئېگىز - ئېگىز ئەمچەكلەر،
مۇجۇپ - مۇجۇپ
ئېزىۋېتسەك،
قوش تۇخۇمىنى.
ئېزىۋېتسەك،
سۆيۈق ئاپتور يازغان كىتابتىن
ئەڭ چىرايلىق قىز پېرسوناژنى
ئەرگە تېگەي دېگەندە.
ئۆلتۈرۈۋېتسەڭ سەن، تونۇش ئايال
بەش ياشلىق ئەر سۇنغان كەمپۈتنى
شاللاقلارچە ئېلىپ يېگەندە.
ئۆلتۈرۈۋېتسەڭ ھەممە كوچىدا
ساڭا بويسۇنمىغان بەتبەختنى،
ئۆلتۈرۈۋېتسەڭ لىق بىر پويىزدا

ئاياللاردىن باشقا ھەر خەقنى،
ئۆلتۈرۈۋەتسەك
ئۆلتۈرۈۋەتسەك ھاياجان بىلەن. . .

ئايال –
ئەركەكلەرنىڭ ئۆلۈم مەيدانى.

ئايال –
ئەرنىڭ يېنىدا ياتقان
سۈت ئىچىشكە ئامراق
ئوماق بىر مۈشۈك.

ئايال –
بىنالارنى قاپلىغان
دېرىزىسىز غېرىبلىق.

ئايال –
ئالەم بىنا بولغان شۇ كۈنى
تۇنجى ئەرنىڭ بالىياتقۇسى.

ئايال –
يىلان بېشى چاقىنىغان ئەلدىن
خاقان ئولجا ئالغان جانلىق مال.

ئايال –
بويسۇنغۇچى خەلقلەر
تەگرىقۇتقا سوۋغا قىلغان مەلىكە.

ئايال ــ
كۆچتۈگگۈر ئەر قەبىلىنى
بارا ــ بارا قۇل قىلغان
رەسمىي ئايال.

ئايال ــ
چۈشكۈنلەشكەن ئەر

ئايال ــ
ئويغانغان ئەرنىڭ
تومۇرىدا ھۆركىرىگەن شىر.

ئايال ــ
سەن بىلمەيسەن، بىلمەيسەن
سەن بىلمەيسەن ئەر دېگەن نېمە.

ئەر ــ
مەڭگۈ بىر ئايالنىڭ كىچىك بالىسى.

ئەر ــ
يالغۇز قالغاندا
نىيىتى بۇزۇلۇپ قاراپ قالغۇچى
چاك كەتكەن تامغا.

ئەر ــ
مىنۇپلىپ ئۈستىگە ئاتنىڭ
ئوتلۇق، پىنھان شەھەرلەرگە

بېسىپ كىرگۈچى.

ئەر —
گويا تەننى بېسىۋالغاندەك
زېمىنلارنى بېسىپ ئالغۇچى.
ئەر —
قان تۆكۈشتىن ھاياجانلىنىپ
ئۆلۈملەردىن لەززەت ئالغۇچى.

ئەر —
نەيزىسىنى ئۇيىنىتىپ
ئايالالار دۆلىتىگە
يېتىپ بارغۇچى.

ئەر —
ئايال خاقاننى
ئايال خەلقنى
ئايال يېزىقنى كۆرۈپ
بوشاپ قالغۇچى.

ئەر —
ئاياللارنىڭ دىنىدا
بالىياتقۇ ياساپ چىققۇچى
مىڭ ئۆي ئۈستىسى.

ئەر –
دىنغا كىرىش مۇراسىمىدا
توپ – توپ خەتنە قىلىنغان خەلق،
ئات ئۈستىدە روھى سۇنغان سەركەردە
جەڭگىۋارلىقى يوقالغان لەشكەر
مەن ئەمدى ئەر ئەمەس دېپ، ئويلىغان ئەر.

چۈشكۈنلەشكەن ئەر
تەسەللىگە موھتاج بولغاندا
سىيلاپ تۇرسا بېشىنى ئايال
يوقاپ كېتەر ئىدى ئېھتىمال.

ئەر –
خورلىسا بىر ئايال مۇبادا
بىردىنلا غەزىپى قايىنىغان بوقا.

ئەر –
ئايال تولۇق بىلىپ يەتمىگەن
مەڭگۈ ئۆچۈپ قالمايدىغان ئوت.
ئوت كەتتى ئوت!
ئوت كەتكەن چاغدا
ئەي ئاياللار، ئامال يوق ئىسلا.
ئامال يوق ئىمدى
ئەرلەر شەھىرىدىكى ئايال پادىشاھ،
ئۆلۈمگە تولغان قىزغىن تەپەككۇر،
ئالەمگە تۇتاشقان جىنسى بار كوچا.

كوچا قانۇنى
ئەتىگەنلىك گېزىت
ئەينەك غېرىبلىق
مەنسەپكە تەيىنلەش
غۇۋا قىرغىنچىلىق
تام سائەتنىڭ سائەت توققۇزدىن
ساختىپەزلەرچە بەش ئۆتۈشى
مەنىسى مەخپىي جۈملىلەر
سولانغان توپ ـ توپ ھەرپلەر
قانغا بويالغان ئامبۇردەك يېزىق
قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنغان تاۋۇش
باسمىخانا
سۈيۈق ئەتىرگۈل
توك ئۇرۇندۇق
گوياكى نامەلۇم ئوكۇل ئۇرۇلۇپ
سارائغا ئايلانغان مەنىلەر تولۇق
باسما زاۋۇتى
ھەرپلەر توپ ـ توپ
مەجبۇرلانغان كىشىلەر
ئۇنتۇلدۇرۇلغان كىشىلەر
قۇياشنىڭ ئىسمى ئاستىدا
گويا ئاپئاق مامكاپلاردەك
قۇرۇتۇلغان كىشىلەر.
تۇرپان مۇزېيىدىكى يالغانچى جەسەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


ئۆلۈكلەرنىڭ ئۇردىسىدىكى
ناتونۇش ئادەمدۇر پەقەت.
تام سائەتنىڭ سائەت توققۇزدىن
ۋارقىرىغاندەك ئاتمىش ئۆتۈشى.
چۈش كۆرگۈدەك لايىھىلەنمىگەن
بويتاق ئەرنىڭ ياتىقى.
چۈش
چۈش كۆرۈشكە ئامراق ئەر ئۈچۈن
دائىم ئۇچۇق پاھىشىخانىدۇر.
چاقنار چۈشنىڭ دېرىزىسىدىن
ھاسىرىغان بىر ئايال بىلەن
ئۆلگەن بوقا تېرىسى.
ھوجرامدىكى قاراڭغۇلۇقتا
سېمىز غېرىبلىق
پۇشۇلدىماقتا.
مېنىڭ ھوجرام مېنىڭ ئەمەس.
مېنىڭ ھوجرام سېنىڭ ئەمەس.
مېنىڭ ھوجرام كوچا ئەمەس.
شىلەپە ئەمەس،
بالىياتقۇ ئەمەس،
شارقىراتما ئەمەس،
تۇرمە ئەمەس مەنلا سولانغان.
مەنسىزلىك.
كۆلدان.

ئۆلۈم قىزغىنلىقى قاپلىغان
ئەركەك شەھەر.
غېرىبلىق.
توپ ـ توپ قۇشلارنىڭ،
مەخپىي سىزىقلىرى ئىچىدە،
يىغلاپ سالغان بوۋاقلارنىڭ
پىچەتلەنگەن ئاغزى ئىچىدە،
كۆچمەنلەرنىڭ پەلەمپەيلەردىن
خۇشال چۈشۈشلىرى ئىچىدە
ئەينەك ئۆيلەردىكى پايانسىز
سۇنۇش تەنهالىقى ئىچىدە،
« دىققەت
بۇ ئۆي ئەمەس! »
دېگەن خەت
تاملىرىغان چاپلاپ قويۇلغان
قورقۇنچلۇق ئۆيلەر ئىچىدە،
چاشقاندىن قورقۇش كېسىلى بىلەن
ئاھالىلىرى ئۆلۈۋاتقان
شەھەر ئىچىدە،
ئازابلانماسلىق
ئۆرپ ـ ئادەتكە ئايلاندۇرۇلغان
ئۆلۈغ قەبىلىنىڭ ئىچىدە،
داۋاملاشماقتا. . .

ئۇيغۇر كىتاب تورىڭىزى
www.uyghurkitap.com



## 2 . ئەرنىڭ جۇغراپىيىسى

— ئۇستىمىزدىكى كۆك ئاسمان بىلەن ئاستىمىزدىكى قوڭۇر تۇپراق يارىتىلغاندا، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىنسان بالىسى يارىلىپتۇ. . .

«كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى» دىن

جۇغراپىيە چېكىتلىك پەندۇر،
ھەر بىر چېكىت بىر كىچىك ئەلدۇر،
يەر شارىنىڭ خەرىتىسىدە.

ھالقىسىمان تاغلار يېنىدا
تاغىل ئاتلار نۇر چاچار خىرە
لەيلەپ يۈرگەن رەڭدار ئۇيقۇدەك.
پارقىرايدۇ يېشىل چېكىتلەر
يەرشارىنىڭ خەرىتىسىدە.

خەرىتىدە ياتقاندەك يىلان
پويىز يولى ئۇزۇن سىزىلغان
ئېگىزلىكلەر توپا رەڭ ھامان.

بۇ دەرستە سۆزلەنگەن ئەلدە
ئىنچىكە يوپۇرماقلىق ئورمان ئىچىدە
ئاياللار بىلەن
چېتىشىدۇ،
پىت بېقىشىدۇ،
مەي ئىچىشىدۇ،
ئەر قەبىلە.

دەرەخ ئاستىدا
بىر كوزا سەھەر.
سەھەر كېلەر چىشى بۆرىدەك،
بۆرە تۇرغان يېقىن ئەتراپتا
ئۇخلاپ قالغان بىر ئوغۇل بالا.
ئۇ بىلمەيدۇ قەبىلىسىنىڭ
ئۆلگىنىنى، ئىسسىق، بەك ئىسسىق
ياتلار بېسىپ كىرگەن يايلاقتا.
سەھەر كېلەر دەرەخ ئاستىغا
كۆك يايلىق چىشى بۆرىدەك.
چىشى بۆرە كۆردى چۆشىدە
ئەڭ ئاخىرقى بىر ئوغۇل بالا
سىيلار ئىدى يايلىنى ئاستا. .
چىشى بۆرە يۇمۇپ كۆزىنى
ھاياجاندا باقتى ئەتراپقا. .
دۇنيا نۆل
ئاتلار نۆل
ئايالار نۆل
ئەر قەبىلە تولدى ئوتلاققا.
ئەر قەبىلە كۆردى ئۆزىنى
ئانىسىنىڭ جىسمى يېنىدا.
ئانا
مەن كۆرگەن تۇنجى ئايالسەن
تۇنجى ئايال تەكلىماكاندۇر
تەكلىماكان دولقۇنلىماقتا
دولقۇنلىنىپ ئۇينار كۆكرىكى
كۆكرىكىدە نۇر سىزىقلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سىزىق سىزار ئالىق بوشلۇقىغا
بوشلۇق ئايال بوشلۇقى پەقەت
پەقەت ئوڭدا ياتقان قومىلۇقلا
يېتىلدۈرەر ئەر قەبىلىنى.
ئەر قەبىلە قومىلۇقنىڭ تېنى
تەن، ۋارقىراش، سۇ، بالىياتقۇ
تەكلىماكان.
لوپنۇر كۆلى.
قوم دۆڭلىرى
قوم دۆڭلىرى سىلكىنگەن كۆكرەك،
قول ھەرىكىتى، يوتىنىڭ ئىسمى
تەۋرىنىش ۋە ئۇۋە تارتىش
ئېچىلىپ - يېپىلىپ تۇرغان
ئاخىرى يوق تەن. . .
كۆكرەكلەردە يۇپيۇمىلاق نۇر
قوم دولقۇنى شارقىراتمىدۇر
ئېقىۋاتقان
ئايال چېچىدىن
ئاۋازىدىن، نەپەسلىرىدىن
قولتۇقىدىن، يانپاشلىرىدىن. . .
ئايالنىڭ يىرتقۇچلارچە
غەمزىسى بىلەن
ئامراقلىشار ئۆلۈمگە ئەرلەر،
بېسىپ كىرىپ ياتلار يېرىگە
قان چاچىدۇ كۈن شولىسىدەك،
تويلار ئارا ئىسسىق - ئىسسىق قان.

ئەلگ چىرايلىق خوتۇنلار ئۈچۈن
شەھەرلەرنى قىلىدۇ ۋەيران . .

قۇملۇق
ئاستىن – ئۈستۈن قىلىنغان جۈملە
بىرىنچى شەخسكە تەۋە بالىياتقۇ
قېلىن پېئىل
تۇتۇق ھاياجان
ئەرگە خىرىس قىلغان ئايال
قۇم ئۈستىدە چاقنىغان شامال
دومىلىغان پىۋا شىشىسى
كارىۋاتتىكى ئايال
ماي ماشىنىسى
ئىگىلەنگەن بالىياتقۇ
تىك قادالغان ۋىشكىلار
جىددىي ھەرىكەت
نەملەشكەن سۈنئىي بۇرغىلار
شىلىمشىق نېفىت
يوشۇرۇن ئېگى ۋارقىرىغان ئەر. . .
ۋۇجۇدىدا تەكلىماكاننىڭ
لوپنور كۆلى قۇرىدى بىردىن.
ئايال ياشار سۇنىڭ ئىچىدە،
ئايال ئۆلەر سۇ ئاپتىدە،
ئەرلەر چاقنار سۇ ئەتراپىدا،
ئەر قۇترايدۇ قۇرغاقچىلىقتا،
سۇ باسقان شەھەر.

تۆت ئەتراپقا ياماشماقتا سۇ
كىچىكلەشكە باشلىدى ئەرلەر.
پەلەمپەيدىن ناينىقلاپ چۇشۇپ
قوزغىماقتا ھاياجىنىمنى
ئىشخانىدىن چىقىۋاتقان سۇ.
مۇزدەك سوغۇق ئەينەك تىلىدا
ماڭا قاراپ بۇيرۇق قىلار ئۇ.
شىلدىرلايدۇ سۇ مىسرا ـ مىسرا،
ئۇلغايماقتا سۇ ئاستا ـ ئاستا،
قۇتۇلۇشۇم مۇمكىن ئەمەستەك
ھەر تەرەپتىن كەلمەكتە دەۋرەپ.
رەستىلەر سۇ
بانكىلار سۇ
ساقچىخانا سۇ
شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىناسى سۇ
سۇ. ئاياللارغا تولدى بۇ شەھەر

( قاراڭلار شەھەرلەردە ئاياللارنىڭ قىيقاس ـ چۇقانلىرى، ئاياللارنىڭ ئەرلىرى، ئاياللارنىڭ ماللىرى، ئاياللارنىڭ مەدەنىيىتى، ئاياللارنى قوغداي دىغان قانۇن، بۇ شەھەردىكى ھەممە نەرسە ئاياللارنىڭ ئەمەسمۇ؟)

ئۇچۇۋاتقان قۇمنىڭ ئەرۋاھى
ئارۋاھى ئۇچقان كۆلدان

سېھرىگەر سۇ
شىرەدە گۈلدان
قىزغىن تەپەككۇر تولغان
شائىرنىڭ ئىشخانىسى
ئۇدۇل تامغا ئېسىقلىق تۇرغان
يەر شارى خەرىتىسى
دولقۇنلىغان پايانسىز ئايال
ئىگىسى يوق ماكانسىز ئايال
ئوتتەك تىنىپ ياتقان بىر ئايال
كۆمۈش تەنلىك تەكلىماكان.

ئەرلەرنىڭ يوق ئايالدىن باشقا
تەنھالىقى تەكلىماكاندا. . .

## 3 . ئوتنىڭ تارىخى

ئوت كۆيىدۇ قۇياش كۆيگەندەك
ئوت ئۇچىدۇ قۇملۇقتەك.

پېرىخون
سېھىرلىك ئەپسۇن
چوقۇنغۇچى ئەرلەرنىڭ
بېشىدىكى قۇش پېيى.
يەردە ياتقان كېسەك باش
ئۇيغۇرلار ۋە شامان دىنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىن
www.uyghurkitap.com



خەنجەر
ۋالىلداش
نەزىر سۈپىتى
يارىسى بار ئوت
قاناۋاتقان ئوت
يالىڭاچلانغان كىشىلەر توپى
ئوت مۇئەككىلى سىيمەكتە
ئەرلەرگە قاراپ . . .

گۈلخانلار يېقىلغان
بارگاھلار ئەتراپىدا،
مۇخ، يۇسۇنلار قاپلىغان
ئاراللاردەك كارىۋاتتا،
ئىچىلىدۇ ئۆلۈم چېچىكى
كېچىدىكى ئايالاردەك
مەستخۇش ئاۋازدا.
نېمىز، جىمجىت كىرلىك ئۈستىگە
يۇمران كۆكسۈك تىكىپ تۇرغاندا
ئۇيقۇسىزمەن ئۇزاق تۈنلەردە
كۆيۈۋاتقان يۇمران ئازابتا.
كۆيمەكتە ئوت
تىنچلىق كەپتىرىنىڭ
مۇستەبىت جىمجىتلىقىدا.
قانۇن تورى
قاپلىسىمۇ ئەتراپىنى قات - قات،

ئۆلۈغۋار قاتىللار
تۇغۇلىدۇ قورقماستىن پات ـ پات.
ئىپتىدائىي دەۋرگە قايتار
ئۇسمۇر قىزلار بولۇپ ئىككى قات.
ھەر كۈنى خالىغان ئىنسان
قاتناش قائىدىسىنى ئۇنتۇغان ھالدا،
كوچا مەركىزىدە مەۋجۇتتۇر ھامان.
سائەت زاۋۇتلىرى سائەتلەر تامان
ئىنسانلارنى قىلغاندا ئەخمەق،
چۈش، ئۆلۈم ۋە بوزغۇنچى ئەرلەر
مىلتىق، مەي ۋە باشقا نەرسىلەر
باشلاپ كېلەر يېڭى بىر سەھەر.

ئوت يالقۇنلىماقتا،
ئەرلەر جەڭ مەيدانىدا.
ئوت،
تالىماقتا قۇيرۇقىنى،
بىر يىگىت،
ئۆلتۈرۈۋالدى ئۆزىنى.

ئوت،
ئۆز ـ ئۆزىنى يېمەكتە.
بىر ئەر
قولى بىلەن لەززەتلەنمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوت
قالدى پەسلەپ،
بالىياتقۇ
ئالدى بىر نەپەس.

ئوت
قوشۇلدى ئوتقا.
بىر ئەر
قانات سۆرەپ يەنە بىر ئەرگە
ئوزۇق ئىزلەر كەچكى شەھەردە.

ئوت پىرى سىيمەكتە خۇشال
ئۆلۈۋاتقان ئەرلەرگە قاراپ...

مۇخبىر،
مىراپ،
كىلەم ساتقۇچى،
يا كوچىدا ئورۇق بىر ئەرۋاھ
تۇتاشتۇردى موخۇركىسىنى.
تاماكا ئىس چىقارماقتا،
بەلكىم ئۇ
قىبلە ئاقساقىلى يا پىرىخون
ئوتقا چوقۇنۇش مۇراسىمىدا
ئۇنتۇپ قالغان مۇقەددەس بىر چوغ.
بەلكىم ئۇ
ئەركەكلەرنىڭ ئايالغا بولغان،

مەڭگۈلۈك ئېغىز ھەۋىسى.
لەيلىمەكتە تاماكا ئىسى . . .
يىراقتا
ئايالىلارنى ئۆپۈش چەكلەنگەن
بىر قەبىلىدە.
يېقىندا
قەشقەر «خەلق» باغچىسىدىكى
چىملىق ئۆستىدە.
ياكى ئايالىنى ئۇنتۇپ قېلىپ
خىزمىتىگە چەكسىز بېرىلگەن
ئىشدېشىمىنىڭ ئىش ئۆستىلىدە.
كۆلدان ئۆستىدە
قارا چاچلار لەپەڭلەپ
ھالقا - ھالقا تۇتۇنلەردىن
كۆرۈنمەكتە ئايال دېگەن خەت:

ئايال
ئايال
ئايال ئايال
ئايال ئايال
ئايال

ئوت ۋە ئوغرىلانغان ئوت.
ئوت ۋە ئۇلۇغلانغان ئوت.
ئوت ۋە مەينەت شىشىلەرگە قاچىلانغان ئوت.

جىنسىي مۇناسىۋەت ۋە تېرىنچىلىق.
خوتۇنى بار ئەر ۋە ئات كۆندۈرۈش ئىگىلىكى.
قولى بىلەن ئويناش ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك.
بويسۇنغان ئەرلەر ۋە شەھەر

شەھەر
ساقچىلار بار بۇ شەھەر.
ئاياللار مونچىسى بار بۇ شەھەر.
ئاياللار مونچىسىنىڭ تام ئەينىكى
رەت قىلىدۇ يالىڭاچلىق ئالدىدا
سۈزۈكلۈكتىن باشقا ھەممىنى
ھەتتا پاك بىر ئايال بولۇشنى.
كەچۈرۈڭلار ئاياللار
چۈشەنمەيدۇ ئەركەكلەر بۇنى.
گۇمۇش ئەرلەر
ئەخلاقلىق ئەرلەر،
ئالدىراش ئەرلەر
تولۇپ كەتتى شەھەرگە.

كۆڭلى بۇزۇلدى.
ئۇنىڭ خۇمارى تۇتقاندى.
ئۇ تاماكا چەكمەيتتى.
ئۇ كىتاب ئوقۇماقچى بولدى.
تەكچىدە مۇنداق كىتابلار تۇراتتى:
« قۇرئان كەرىم» ( ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى)

«نەۋائىي غەزەللىرىدىن تاللانما»

«ئۇيغۇرچە ـ ئىنگلىزچە لۇغەت»

(1990 ـ يىلى دانىيىل سىنجون تۈزگەن)

«ئۇيغۇرلارنىڭ دىنلىرى»

بۇ كىتابنىڭ 1 ـ بەت 1 ـ قۇرىدا «دۇنيادا ئۇيغۇرلاردەك كۆپ دىن قوبۇل قىلغان، دىن يەڭگۈشلىگەن مىللەتتىن يەنە بىرى يوق» دېگەن خەتلەر بار ئىدى.

ئۇ قولىنى يەنىمۇ پەسكىرەك ئۇزاتتى.

— ئۇنداق قىلماڭ، يامان بولىدۇ. — دېدى قاراڭغۇلۇقتا سىڭلىسى.

— ياق، ئۇنداق قىلماڭ، خۇدادىن قورقۇڭ.

— قونىغىزنى تارتىڭ، بۇ دېگەن ئاللانىڭ ئامانىتى.

— ئامانەت ئادەم ئاتىمىزدىن باشلاپ شەيتاننىڭ قولىدا ھېچنېمە بولمايدۇ.

— ياق، ئۇنداق قىلماڭ، خوش بىرلاي ئاكا.

— ئىپلاس!

— بۇقا!

— ئۇھ، پە...

— رىش...

— تە...

— م م م...

پەرىشتە

قاناتلىرى بىلەن

بۇ شەھەرنى كۆمتۈرۈۋەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com



## 4 . ئاتنىڭ تارىخى

تاڭ ئاتار تەرەپتىن
لەشكەرلەر كەلدى.
كۈن پاتار تەرەپتىن
لەشكەرلەر كەلدى.
تۇياقلاردىن ئۆرلىگەن توپا
قىلدى زۇلمەت ئاسماننى، يەرنى. . .
جىمجىت يولدەك بۇ مىسرالاردا
يەلپۈندۇ قارا ئاتا يايلى.

چاقنىماقتا غەرىب ياتاقتا
كارىۋات، پايپال، ئەينەك يېرىقى.

كۆلتېگىن بىرىنچى قېتىم
جەڭگە چۈشتى ئاق ئاتقا مىنىپ
ئاق ئات ئۆلدى ئاق قاردەك.

كۆلتېگىن ئىككىنچى قېتىم
جەڭگە چۈشتى ئاق ئاتقا مىنىپ
قىزىل گۈلدەك يىقىلدى ئاق ئات.

كۆلتېگىن ئۈچىنچى قېتىم
جەڭگە چۈشتى ئاق ئاتقا مىنىپ
ياۋ لەشكىرى قاچتى پىتىراپ.

ئاتقا ئوخشاش كىشنەر غېرىبلىق،
چىقىش سىمۋول ئەمەس

كىرىش سىمۋول
ياتىقىمىغا.
ئۆيگە كىرىش لەززىتى بىلەن
ھاياجىنىم ئۇرغۇپ تاشقاندا!
غۇۋالاشقان قاقشال تېنىمگە
تاتلىق تېگىپ تۇرغان بۇ كارىۋات.
قاراڭغۇلۇق ئارا پۇتلىرى
نۇردەك قېتىپ تۇرغان بۇ كارىۋات.
پۇتلىرى
ئەڭ چىرايلىق شەكىل چىقىرىپ
دولقۇنلىنىپ تۇرغان يايلىغا
ئارتىلدۇرۇپ ۋال - ۋال شامالنى
ئوغۇزخاننىڭ ئاستىدىن
قارلىق تاغقا قېچىپ كەتكەن ئات.
«قارلۇق» دەپ نام ئالغان
كۆكسى ئېيىق كۆكسىدەك بىر ئەر
توققۇز كۇندە تېپىپ كەلگەن ئات.
خاقان ئۇچۇن ھەربىي يۈرۈشتە
نۇسرەتتىن بېشارەت بېرىپ كەلگەن ئات.
ئات ئۈستىدىكى خاقان،
ئات ئۈستىدىكى ئەل.
ئاتقا مىنىش لەززىتى
قان تۆكۈش ھەم جەڭ لەززىتىدۇر
ئاتقا مىنىش بولغۇچە تامام.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مال باھاسى چۈشكەن دۇكانغا
قىستىلىشىپ ئىتتىرىپ كىرىپ
پايپاق تاللاۋاتقاندا ئەمەس
ئۇيغۇر قان ئاق قاندا ئۇيغۇر.
تويغا كېلىڭلار، تويغا ئەيىۋەنناس!
تويلىرىمىز خاقانغا ئوخشاش
ئۇيغۇر توي بولغاندا ئۇيغۇر.
ئاياللار ھېچنېمىگە مەجبۇرلانمىغان
زېرىكىشلىك كۈندۈزدە ئەمەس
ئۇيغۇر دېگەن كېچىدە ئۇيغۇر.
ئۇيغۇر
ئات ئۈستىدە
ئېشەك ھارۋىدا
ۋېلسىپىتتە
سوپەكتە
ماشىنىدا
بەس - بەس بىلەن
غالجىرلىق بىلەن
جان - جەھلى بىلەن..
ئات
ئات
ئات
ئات ئۈستىدە بىزنىڭ جېنىمىز.

ئات ئۈستىدە قاينار قېنىمىز،
ئۆلۈمدىنمۇ يۈكسەكتۇر يۈكسەك
ئاتقا بولغان ھاياجىنىمىز.
ئات كۆچۈرۈش قانۇنلىرى
ئات نەسىللەندۇرۇش قانۇنلىرى
چەۋەندازلار ئۈستىگە
ئاتلارنى مىندۇرۇپ قويۇش.
ئات باقارلارنى
رەتكە تىزغان ئات.
ئاتلارنى مەدھىيىلەش،
ئات يايلىنى سىيلاش مۇراسىمى.
ئاتقا مىنىش قىزغىنلىقىدا
ئۆلۈمگە يۈزلەنگەن شەھەر،
ئاتلار ئۈچۈن نۇر چاچقان شەھەر،
شىرمەتلەرنى ئۇخلاتقان شەھەر. . .

قاراڭغۇ كوچىدەك مىسرالىرىمدىن
كېلىۋاتقان ئات مېنىڭ ئېتىم
چەكسىز ئېچىپ تەنھا كۆلبەمنى
كىرىۋاتقان ئات مېنىڭ ئېتىم
مېنىڭ ئېتىم
بېشىنى كۆتۈرۈپ
ھالرەڭ يۆتۈلۈپ،
كىشنەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



چىشلەيدۇ.
ئەركىلەيدۇ سۆز كىلىپ.
ئامراقمەن ئىپتىسىنىڭ
يايلىغا،
بويىنىغا،
پۇتىغا،
پۇتلىرىنىڭ ئارىسىغا.
پۇشقۇرۇشىغا،
چۇشكۇرۇشىگە،
چۇش كۆرۈشىگە.
ئەتىكەندىكى يۆنىلىشىگە،
كېچىدىكى يۆنىلىشىگە.
ھەتتا
خالىغان چاغدا
ئۇياتچان زوڭزىيىپ
سىيىۋاتقان كۆرۈنۈشىگە.

پېزىقچىلىق شېرىسى
مەن ئىشلەتكەن ھەرپلەر
ھەرپلەرنىڭ ئوقۇلۇشى
ئات تۇيۇقىنىڭ ئاۋازى
ئاۋازنىڭ كۆكۈش نۇرى
نۇرلۇق سۆكۈت

سۆكۈت موھتاج ئوقۇشقا
سۆكۈت قىلدىم ئۇيغۇر تىلىدا. .

ئەرلەر دۆلىتى
يىپەك يولى، ئات، يارغول، ئەلچى
كېچىلەرگە ئېسىقلىق تۇرغان
ئۆزۈم بىلەن ئاتنىڭ سايىسى.
ئەي پالۋانلار ئاتقا مىنىڭلار
ئۇ شەھەردە ئاياللار بار،
يىپەكلەر بار، ئالتۇن - كۈمۈش بار.
ئەي پالۋانلار ئاتقا مىنىڭلار
قىزىل - قىزىل سۇ چاچايلى،
تاملىرى ئالتۇن
تۈگلۈكلىرى كۈمۈش ئۆيلەردە
ھاراق ئىچىپ كۆڭۈل ئاچايلى!
قىرىق كالا، قىرىق تۆگە سويۇلسۇن
قىرىق كېچە - كۈندۈز توي بولسۇن. . . !

كۆزۈم چۈشتى ياتاقتا
ماڭا قاراپ كىشنەۋاتقان
بىر توپ يوق ئاتقا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# كوچىدا

قاندەك ئىسسىق
ماي ئېيىنىڭ ئاپتىپى.

بۇنداق تىياتىرلار دائىم ئوينالغان،
قەھرىمانلار مېڭىسىدىن چىقىدۇ تۈتۈن.
بىر توپ توغراق ئورنىدىن تۇردى،
قۇرىدى،
شامال مەندىن سورىدى
يېشىل ئازابنى جىلۋە قىلىپ.

ئازابلانغۇم بار، بىپايان جىمجىت...
زېمىنمۇ يا مىس رەڭدىكى
چۈنىمۇ يا سەككىز يىگىت.

مىس رەڭلىك قول
دۈمبىسىنى سىيلايدۇ ئەركىلىكىنىڭ
سۆيۈق ئەتىرگۈلگە چىلىشىپ.

ئۆيىمىزدە قاتتىق گۈگۈم
دېرىزىدە ئېغىر نۇر.
بىر ئۇيغۇر
ئىشتىنىنىڭ ئۇچىدىن
بىرسىنبىر قورالىنى چىقىرىپ
ئاياللارنى قوغلىماقتا كوچىدا.

كوچىدا
بىرمۇ ئادەم قالمىغان.

# يۇمىلاققۇم شەھەر

ئارخېئولوگلارنىڭ ئەگمەچ قوللىرى
ۋاراقلىماقتا تەكلىماكاننى.

قەدىمىي دۆلەت،
تۆگىلەر چۆككەن سۈكۈتكە ئايلىنىپ.
ئاتلار چاپماقتا قۇمغا ئايلىنىپ.
قۇرىغان كېرىيە دەرياسىدا
ئاقماقتا ۋاقىت.
قۇم تولغان ئوردا،
ياغاچ سوغىدا
سۈپسۈزۈك سۇ
ئايلانغان روھقا.
مىس ئەينەكتە مىسكىن يۈزىمىز
يۈزلەر ئىزدەيدۇ بىر ـ بىرىنى.
بىز توختىماي سۆزلەۋاتىمىز
بۇ سۆزلەرنىڭ ئىگىسى قېنى؟
ئىككى مىڭ يۈز يىلدىنمۇ بۇرۇنقى يەردە
تېخىچە ياشاۋاتقان ئۆلۈكلەر.
كوچىلار قىستاڭ كېتىۋاتىمىز
يات ئاسفالت يوللاردا،
ناتونۇش بىنالارنىڭ
ئەينەك غېرىبلىقى ئاستىدا
يۇمىلاق بىر شەھەر
غىپپىدە كىرىۋالدى

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىكتى
www.uyghurkitap.com



ئارىمىزغا.

شەھەر.
ئانام توخۇم سېتىپ،
دادام پاختا سېتىپ،
سەيشەنبە بازار يا ئازنى بازاردىن
چاي، تۇز، يىڭنە، رەخت ، ماتا ئالار.
سۇنۇق روجەكلەردە نۇر ئوقلىرى
مەسچىت مۇنارىدىن كۆلۈمسىرەر ئاي،
ئادەملەر شاۋقۇن سېلىپ جىمىپ قالار.

قەدىمىي ئۆزۈملەر ساپاق ـ ساپاق
قۇملۇق كېچىسىگە تۇرار ئېسىلىپ.
بىر تال بۇغدايدا مىڭ پاتمان تارىخ
كېپەك ئالتۇندەك ۋالىلدار تېرىق.

ئۆلۈك ئۆۋچىنىڭ قولىدا ئوقيا
مىس ئوق ئۇچى پارقىرىماقتا،
توشقان سۆڭىكى قاچماقتا،
قۇش سۆڭىكى ئۇچماقتا،
بۇغا سۆڭىكى يىغلىماقتا.
دەل شۇ چاغدا
ئۆۋچىغا كۆز تىككەن مەڭگۈلۈك ئۆۋچى
كىرىپچىنى تارتتى بىرىدىنلا.

غايىب بولغان شەھەر ئىچىدە
ئەرۋاھلىرى قاۋاپ ئىتلارنىڭ
قوغلاپ يۈرىدۇ ئارخېئولوگلارنى.

# قەدىناس

دۇمبىسى قىچىشقان ئېشەك
تۇگمەنگە ئۆزى بېرىپتۇ.
ئۇچرىشىپ قالدۇق،
تاسادىپىي، ئۇزاق، غۇۋا.
مۇڭلىرىمىز ئاشكارا مەخپىيەت،
ئۇيغۇر تىلى چاچماقتا شولا
ئاغزىمىزدا ئۇنچە ـ مارجاندەك.

ئورۇن قالمىغان يات چىملىقلاردىن
ئۆيگە يېشىلغىنا توپلانماقتا
ئۇلپەتلىشىشنىڭ خىلۋەت كېچىسى.
سېنىڭ ئالدىڭدا هاراق شىشىسى،
مېنىڭ نامازۋاقتىم بولۇپ قالدى،
ئاندىن ئۇستۇن قەۋەتتىكى تاقىلداش
توختىدى بىر هازا
جىمجىتلىق پەرىسىنىڭ تېنىدەك
ئېقىۋاتقان غەمكىن تالاغا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تەنها قالدۇردۇق بىر ـ بىرىمىزنى
تەنها قالدۇردى بۇ كۈنلەر بىزنى
ۋاقىتتىن توختىماي تامچىلايدۇ قان.

بۇ شېئىرغا پۈراۋاتىدۇ
زەي تامدىكى ھاكلارنىڭ ھىدى.



# تاغلار سەيلىسى

شەھەرنىڭ تەمرەتكىلىك بەدىنىدىن
قاغىلاردەك چىقتۇق چۇۋۇلۇپ،
ئەجەب ئەمەس ئاپتاپتا كەلسەك يۇيۇلۇپ،
ئەجەب ئەمەس كۆرۈپ قالساق تاغلاردىن
غەيۇر قەددىمىزنى كەتكەن ئۇنتۇلۇپ.

ئاپتوبۇس قوغلار بىر قارا يىلاننى،
خېيىم – خەتەرلەرگە پىشتى كۆزىمىز،
ئەينەككە قورشالغان لېكىن ئۆزىمىز.

سۇ بويىغا تارقالغان يېشىل قەبىلە،
ئوت يالقۇنى ھەۋەستەك ئويناپدۇ ئۇسسۇل
كۆيمەكتە ئوتۇن. ۋاقىت. ئازاب. ئىدىيە.

تاغدىكى ئاسمان
پاكىز، بىپايان
يۈرىكىڭ كۆپكۆك نۇرغا تولىدۇ.
تۇۋلا بىلمىگەن ناخشاڭنىمۇ
يارىڭ بىلەنلا ئېيتساڭ بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رەڭگارەڭ چېچەك ئاچقان يېشىل قاپتال
بوشىنىپ ئالساڭ بىر خالىي، بىمالال،
غۇر ـ غۇر ئۆتۈپ تۇرسا ئاستىڭدىن شامال
قانداق راھەت ـ ھە، قانداق راھەت ـ ھە!

ئېگىز تاغلارغا قارىغاي تىككەن
سۇرلۇك جىمجىتلىقنىڭ ئىگىسى نەدە؟
سۈنىڭ قەدىمىي يېزىقلىرىنى
ئۇنلۇك ئوقۇۋاتقان كىم بۇ يەردە؟

تاغلارغا ئۈستىمىزنى چۈشۈپ قالدى
بىراق يىراقلاردا دۆۋە ـ دۆۋە ئىش،
كۆتمەكتە كېتىش.
قايتارمىز ھاياتنىڭ تەنھالىقىغا
قارا يول يۆگۈرمەكتە ئارىمىزدا.



# يۇرتقا نەزەر

قايتتىم قورغاق،
قالدۇرۇپ ئارتتا
چوكۈۋاتقان شەھەرلەر شېرىن، ئاستا،
باليانقۇدەك ئىسسىق قۇملۇقتا.

جەنۇب بىر تىلسىم،
شامالنىڭ ئەمچەكلىرىدە
غىدىقلىنىپ تېرىلىرىمىز،
يۈرەك ئۈنسىز بولىدۇ زىدە.

بوستانلار ئارىسى
قاتار - قاتار قاغا جىگدىسى.
يېزىلارنىڭ يارىسى
كۆرۈنۈپ قالىدۇ پات - پات.
خىيال باسقان يېشىل يېزىلار
نېمىنىدۇ تۇرىدۇ ساقلاپ.
ئىدىيەلەر شورلاشقان قات - قات. . .

قۇياش بىر شىر يايلى قىپقىزىل
ئېتىلماقتا ئۈزىگە قاراپ،
كىردى كەچكە جىمجىت باغ - ۋاران،
كىردى سىرلىق تۇسكە تۆت ئەتراپ.

www.uyghurkitap.com



نەلەردىدۇر ھاڭرايدۇ ئېشەك
قېنىمىزدا يۇلتۇزلار چاقناپ.

روھىم غۇۋا
سۇپىدا كېگىز،
ئاچ چاشقانلار پارقىرايدۇ تېز،
باقمەن ئۇلۇغ قاراڭغۇلۇقتا
بارچە شەيئىي يوقلۇقتىكى ئىز.



# كۈز كۈنلىرى

تەييارلاندۇق قوبۇل قىلىشقا
ھەدىيەنى، مېھىر ـ شەپقەتنى،
پىشىپ كەتتى يېمىشلەر مانا.
بۇ كۈنلەردە روھىم دەريادۇر
سەھرا خىلۋەت ئىتىكاپخانا.

چاقنار شەبنەم، تىپتىنىچ ئاپتاپ،
ئورغىقمىز يېڭى چىققان ئاي،
قوناق شېخى سۇنار پاراسلاپ.

ئاغمىخان سېرىقلىقىنا
سەكرەپ قاچتى سىرلىقلىقىنا،
كۆرۈنمەس بىر تار ئۆستىدە قۇيرۇقى.
بارماقلىرىم تىترەيدۇ مەستخۇش
سىيرىلماقتا تەسۋى ئورۇقى.

چوڭقۇرلىدىم كۈزگە،
تۈگىمەيدۇ ساڭا
ئېيتساق ھەمدۇ ـ سانا.

ئەجىر قىلدۇق، قىلدۇق ئىبادەت
روھىمىزدا مول ھوسۇل مانا.

# دېڭىز ئون تۆت ياش

دېڭىز ئون تۆت ياش،
ئاق دولقۇنلار قالغاندا ئۇخلاپ
ساندۇقۇڭدىن سۇ ئاستىدىكى
ئون يېشىڭنى كەتتىم ئوغرىلاپ.
مەن قارا دېۋە،
مەن ئېچىرقىغان بىر بېلىقئالغۇ،
سالام ساڭا ئەي گۈزەل ئاققۇ! .

يىراقلاردىن سوزۇپ قولۇمنى
تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك دەيمەن.
يىراقلاردىن ئېچىپ قوينۇمنى
تۇغۇلغان كۈنۈڭنى مۇبارەكلەيمەن.

ۋۇجۇدۇمدا شېرىن بىر تىترەك،
ۋۇجۇدۇمدا شېرىن بىر تىترەك،
ئۆزۈم يالغۇز سېنى تەبرىكلەپ.

ئەي، ئاق بوتام سېنى تەبرىكلەپ
بۈگۈن سەھەر قار ياغدى لەپ ـ لەپ،
قار ياغماقتا ئىنسىق، جىمىمدە.

چەكسىز كەتكەن ئاقلىق ئىچىدە
پاك، مۇقەددەس مەسچىت ئورۇمچى
پەرىشتىلەر توشقۇزغان نۇرغا.
سوپىلاردەك ئولتۇرۇپ چوڭقۇر
ساڭا ئاتاپ قىلىمەن دۇئا.
ئەل ئەيىننىڭ ① ئىسسىق شاملى
تەسۋىيىمدىن ئۆتمەكتە غۇۋا.
كەل تىلەيلى قادىر ئاللادىن
ئاشىقلىقنى ھەر ئىككى دۇنيا.

ھەر مىنۇتتا ياشايمەن تەنھا
ھەر نەرسىدىن ئىشقىڭنى تېپىپ.
يېرىمىنى بىلسەڭ سۆيگۈمنىڭ
بىر يىل ئەمەس، بىرەر مىنۇتمۇ
يالغۇز قويغۇڭ كەلمەس ھاياتتا.
دوزاخ دېسەڭ مەنسىز جەننەتكە،
بەيتۇللاغا بېرىشنى ھەتتا.

بۈگۈن سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ
سۆيۈپ قويغۇم بار ئىدى بەكلا.
تورت يېگۈزسەم ئۆز قولۇم بىلەن
خۇش قىلسام ئەي كۆزلىرى شەھلا.
بۈگۈن سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ
ئەركىلەتكۈم بار ئىدى بەكلا.

① ئەلئەيىن: ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىكى بىر شەھەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆز ئېلىمدە غېرىبمەن، ياتمەن
مۇھەببىتىم قىزىل دېڭىزدا،
دېڭىز ئۇخلار قىزلىقىڭىزدا.
ئاپئاق چۈشى، ئاپئاق بۇژغۇنى
يىراقلاردىن ھۆلدەپ تېنىمنى.
چىلك قۇچاقلاپ بېسىپ باغرىمغا
ئېزىۋەتكۈم كېلىدۇ سېنى،
ئوماق دېڭىز، ئەي قايناق دېڭىز
قوي باغرىمغا يۇمران بېشىڭنى.
سۆيۈپ سېنى سۇزۇك ھاۋادىن
قۇتلۇقلايمەن ئۇن تۆت يېشىڭنى.



# قەشقەرگە سەپەر

كېتىۋاتىمەن قەشقەرگە
ئۇ گويا ئۆز تېنىنى يەۋاتقان،
ياكى ئۇ يەردە
پەرىشتىلەرنىڭ ئۆلۈكى ياتقان.

ئۇپۇقتا قىزغۇچ پەردە
مەڭگۈلۈك، تىپتىنچ، ئۇچۇۋاتقان
ئەنە شۇنداق لەھزىلەردە،
ئاپتوبۇس تۆمۈر قوشۇن غالجىرلاشقان
بېسىپ كىرمەكتە چۆل ـ جەزىرىگە.

تاشلار ـ تاش ئوردىنىڭ خارابىسى.
تاشلار ـ شېھىتلارنىڭ كېسىك بېشى.
تاشلار قورۇپ كەتكەن،
تاشلار قاتقان تەن.
شەھۋەتتى ئورغۇپ تاشقان ئادەملەر ئارا
ئېزىپ كەتكىنى سەن ياكى مەن.

قەشقەر ــ

ئۇ بىر ئىسسىق قۇرۇماس يارا،
تۇغۇلماقتىمىز بارا ــ بارا.

كۆزلىرىم قاماشتى قارا ــ قارا
يۇلتۇزلار لىق ئاسماندا، يەردە.

سۆزۈك ــ سۆزۈك ئۆتۈۋاتقان
شۇنداق تەنها لەھزىلەردە
ئىگەم سەن بار، مەن يوق مەندە.



# مەن ۋە چاشقان

قاردىكى يول مەسچىتكە ماڭغان،
بىز جامائەت جۈمەدىن يانغان.
ئالەم غايەت ئۈمۈچۈك تورى
كاللام گويا بىر چىۋىن ئازغان.
قايتىۋاتقان كىشىلەر توپى
مۆجىزىدىن زېرىككەن ھارغان.

كۆرمەپتىكەنمەن
قاردا قانداق ماڭىدۇ چاشقان،
سوزۇلۇپمۇ، تولغۇلۇپ، سەكرەپ؟
كۆكۈشمۇ يا ئوت يالقۇنىدەك؟
ئەگەر كىچىك بولسىچۇ ئۇ بەك.
ياڭاقچىلىق چاشقان بالىسى
ئۆزى يالغۇز 11 ـ ئايدا،
ھېچ كىشى يوق باغچىدا، قاردا.
بۇ سوغۇقتا ئادەممۇ ھەتتا
مېڭىش تولغۇل ياشاشقا قېرىق.
ئايلانماقتا چاشقان بالىسى
قار ئۈستىدە قىزغىن، ئاچ سېرىق.
تومشۇقىنى كۆتۈرۈپ پات ـ پات
ئۇسسۇلچىدەك چىقىرىپ قىلىق.
توختاپ ، تىنىپ ، كىسىلداپ سىرلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەي چاشقانچاق، ئەي كىچىك خانچاق
ماڭماقتىسەن قۇيرۇقۇڭدا كۈن.
ناتونۇش بىر دوستۇڭمەن بۈگۈن،
پېقىر شائىر، سەن بولساڭ بوۋاق.
يۈز بەرمەكتە مۆجىزە ئۆزمەي
ھەممە يېڭى، يېڭى بۇ سوغاق.
ھۇزۇرىنى سەنلا سۈرمىگىن
ھەمراھىڭمەن مانا قاراپ باق!
قورقۇشلىرىڭ شۇ قەدەر يومران
قېچىشىڭچۇ؟ ئەنسىز يۇملاق.
ئەي چاشقانچاق،
سەن بىلەمسەن ئىگەڭ كىم، قانداق؟
بىز قورقىمىز، قورقۇپ سۆيىمىز،
بىلگىنىمىز كۆپ ھەم چۇۋالچاق،
سەن بىلىپسەن ئاددىي ۋە ئوماق.

سىدىم قارغا
ئىرىمەكتە ئالتۇندەك...
خۇدىنى يوقىتىپ قويدى سوغۇق،
بويىغا يەتكەن قىزدەك تولۇپ.

قار ئۈستىدە يانىدىم ئوت بولۇپ.

بىر توپ ئادەم نامازدىن يانغان،
ئاپئاق بىر يول مەسچىتكە ماڭغان،
يالقۇن كەبى ماڭىدۇ چاشقان.

# سىرلىق تاۋۇش

چۆكتۈم ئېتىكاپقا
تەنھالىق غار،
مىنۇتلاردۇر تەسۋى ئۇرۇقى.
شېرىن، چوڭقۇر ئېچىلدى كېچە
جىمىرلايدۇ شەھۋەت يۇلتۇزى.
ئا. . . ئە. . . ئو. . .
ئادەمدىكى سېھىر
ئالەمدىكى سىر
تارقالماقتا،
مەنىسى بار ئاۋاز دولقۇنى
جىمىرلىغان ھەر بىر يۇلتۇزدىن.

ئايەت ئوقۇيمەن رىتىمى سىر،
پىچىرلار تىلىم: ئەلىف، لام، مىم
مەۋجۇتلۇق بار بىلەن يوق ئارىسىدا.

ئالەم چەكسىز،
قوشۇلىمىز
ھارارەتلىك قارا ئۆڭكۈردە،
پارتلاش ۋە سىرلىق ئاۋاز
ئاشۇ ئاۋاز ھالاكىتىم.

پىچىرلار تىلىم: ئەلىف. لام. مىم
رىتىمى مەخپى، ۋاقىت رىتىم،
بار مەن يوق ھەم، بار ھەم يوق ئالەم.

# كىر يۇيۇش

تاڭغا يېيىلغان كىر - قاتلىرىم
ساقىماقتا سۈيى چىپىلداپ،
تونۇش رىتىم،
ۋاقىتنىڭ تارلىرىدىن ئاستا - ئاستا
سۈزۈك - سۈزۈك تارقالماقتا.
يېڭى ھەر قېتىم،
كۆرۈنمەس تېنىڭ.

تامچىلار تەندىكى چاقماق،
كۈن ئالەمدىكى تامچە.

يۇماقتا مېنى ئىبادىتىم،
يوقلۇقتا بىغۇبار سىرغىيمەن
ئىچ - ئىچىمدە شادىيانە رىتىم.

چاقناۋاتقان سۇ تامچىسى -
جىمجىت يۇلتۇزلارنىڭ تىلاۋىتى
كائىناتنىڭ گۈل بەرگىدىكى.

# جەرەن بالىسى

قىش سوغۇقى ئاپئاق چۇش كۆردى،
قارنىڭ خرۇستال ئۆيلىرىدە
جەرەن بالىسىدەك كۆزۈگنى ئاچتىڭ.
كۈن نۇرى قىزغۇچ يوپۇرماقلاردەك
يوتقىنىڭغا لەيلەپ چۈشكەندە
ئۇيقۇغا قانغان كۆزلىرىڭ بىلەن
جەرەن بالىسىدەك قارايسەن لىۋەن.
ئۇياتچانلىقىڭ،
ئەركىلەشلىرىڭ،
يېشىل چىمدەك يۇمران ئاۋازىڭ.
بۇ شەھەردە مەن سېنىڭ ئورمىنىڭ.
ۋاقتىمنىڭ بۇلاقلىرىدىن سۇ ئىچ،
قولۇمنىڭ شامالغا ئايلىنىشىنى قوبۇل قىل،
كۈتۈشلىرىمنى ئىبادەت دەپ بىل.
يىراق بۇ شەھەردە
تەندىن باشقا ئاسمان يوق،
مەندىن باشقا ئورمان يوق،
سەندىن باشقا جەرەن يوق.
يىراق بۇ شەھەردە
ئەينەك ياسىغۇچىلار مۇنبەرلەرگە چىقىۋالغان.
بالىلار پەرىشتىلەرنى تۇتۇۋېلىپ
كوچىلاردا قانتىنى يۇلۇپ ئالغان.
( چۈنكى دەرسلىرىدە ئىبلىس مۇشۇنداق سۈپەتلىنەتتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىشىكنى چەككەنلەر ئىشىكنى يەنە چەكتى،
لېكىن بۇ شەھەر ئاھالىسى چاشقاندىن قورقىدۇ.
ئىشىكنى چەككەنلەر ئىشىكنى يەنە چەكتى،
— يوق نەرسە مەۋجۇت ئەمەس،
دەيدۇ، يىغىن باشقۇرغۇچى.
ئىشىكنى چەككۈچى ئىشىكنى يەنە چەكتى،
مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ
قۇرئاننى ئاچتىم.
ئوقۇيالمايمەن، لېكىن ۋاقىت يورۇماقتا:
ھەر بىر ھەرپ بىر ئاۋازدا،
ئاۋاز مەنە،
ئوقۇش رىتىمى سىر،
ھەر بىر ئوقۇش بىر ھازىر،
بار بولماقتا، يوق بولماقتا.
ۋاقىت ئاز قالغىنىنى ھېس قىلىپ
قورقۇپ كەتتىم بىردىنلا. . .
ئەي جەرەن، ماڭا ۋاقىت بەر!
مەن ھەقىقەتەن شۇ جازاغا ھەق،
مەن ئۇنچىۋالا پاك ئەمەس گەرچە.
ئەي جەرەن، مەن قورقۇۋاتىمەن
كۆن يەرشارىغا يېقىنلاشقانچە
ئادەملەر ئېقىن سۇدەك بولۇۋالغان،
باسالمايمىز ئۆزىمىزنى بېسىپ ھەرقانچە.
كىندىكلەر ئاستىدا ئېزىقتۇرغۇچ گۈللەر ئېچىلغان،
ئېدىيلەر ئارىسىدا زەھەرلىك يىلان.

كائىنات ئەينىكىدە بىزنىڭ يۈزىمىز
نۇر تېزلىكىگە ئۆتمەكتە زامان.
نەپەس ئالار يەرشارى تېز - تېز،
قوشۇلۇش رىتىمى ئالەم رىتىمى
قۇياشتىن باشلانغان بىر لەھزىدە بىز.
سىرلىق بىر بالايىئاپەت
شەھەرلەرنىڭ خارابىسىدەك
تۇيغۇمىزغا تاشلاپ قويغان ئىز.
يېپىلمەكتە چەكلەنگەن مېۋە
ئىمارەتلەردە ئېگىز - ئېگىز،
( بابىل مۇنارى شۇنداق سېلىنغان) .

ۋاقىت توشتى
ئىبادەت ۋاقتى.

ئالەم بېغىدا
يۇلتۇزلارنى يېمەكتە
جەرەن.



# ئىلاھىي ئىشق

كېچە قۇيرۇقىنى پىلتىڭلىتىپ
چۆكتى لەھەگدەك نۇر دېڭىزىغا،
ئۆچتى يۇلتۇزلار جىلۋە قىلىپ
سۇ تامچىسىدەك.

سەھەر ئېقىپ كېلەر يېنىمىزغا،
توشتى خۇشاللىق دىلىمىزغا.
ۋاقىت ئىبادەتنىڭ بەلگىسى
تىلسىم قىلىنغان بىز تىلىمىزغا.

ئا. . . م. . . ئى. . . ن. . .!
بىر تاۋۇشتا باشلاندى يەر ـ كۆك، باشلاندىم.
بىر تاۋۇشتا جەننەتكە كىردىم، تاشلاندىم.
بىر تاۋۇشتا ھالاك بولدى شەھىرى بابىل،
كىم ئۇ، ئادەم ئاتىمۇ ياكى ئادىل.

ئۇشتۇمتۇت پارقىرىغان تۆمۈر
سۇدەك ئېرىپ ئېقىپ ئىشق بىلەن،
لىق توشتى ياتىقىمغا ماڭا ئوخشاش
ۋاقىت ئۆتمەكتە ئۇلۇغۋار، تىرەن.

ھەر شەيئىنىڭ ئۈستىدىكى تاڭ نۇرى
ئۇنىسىز ئوقۇلماقتا لەززەت ئىچىدە. . .
مەۋجۇدات قايتىپ كىتەر كېچىدە.

# گۇناھكار

غېرىبلىق
يېرىم كېچىدە
كارىۋاتتا ئېچىلغان چوڭ ئاپتاپپەرەس.
قوللىرىم ئاپتاپ يوتقان ئىچىدە
ياتىمەن تېنىمدىن شۇنچە يىراقتا.
كەل يېقىن كەل، سىيلا، پەپىلە
دەپ سۆگىكىم قىلىدۇ سادا،
مەن تەنھا ئەر ئۆزۈمدە ھاۋا.

گۇناھ ئۆزۈمدە،
تۆگىدەك ئېگىز قاراڭغۇلۇق
يىڭنە تۆشۈكىدىن ئۆتتى تولۇق.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# تاش ئورمان

قولۇمدىكى گېزىتتىن چىقىپ
ماگماقتىمەن دەرەخلەر بىلەن،
جۇڭگار چۆلىدە.

تىمتاس چۆلدە پەقەتلا ۋاقىت،
تۈيغۇ باشلاپ ماگار ئىنساننى.
ئارخېئولوگلار كاھىنلىرىمىز
كولاپ چىقتى قەدىم ئورماننى.
گىلرەڭ، قارا، يېشىل، ئاق، يوغان
ئورمان تاشقا ئايلىنىپ بولغان،
تاش ئۈستىدە ۋاقىت بىر ئورمان.

كۆرەلمەيمىز مەۋجۇت ئۇ ھامان.
قۇرئان ئوقۇپ بېرىدۇ موللام
ھېس قىلغىنىم توختاۋسىز زامان.

كۆز يۈگۈرتتىم گېزىتكە قايتا
ئورمان ئىسسىق بەلۋاغ ئورمىنى.
ئىسسىق قېنى؟ كەركىدان قېنى؟
مۇزپىلاردا بار ئۈستىخىنى.

ئىلاھ كۈن ئەمەس، كۈننىڭ ئىلاھى
بىر خۇدانى ئاتىدۇق ھەر خىل
ئادىملەرگە ئات قويدۇق باشقا.
تەتقىقاتچىلار ئۆلۈك كاھىن
بىز ئايلىنىپ قالغانلار تاشقا.

## سۇدىكى بېشارەت

بىز كارىۋاتتا
ياتاقتا مىسىررىدە كىرگىنى سۇ،
بىزگە زەن سېلىپ قارىماقتا ئۇ.

جۈمەك ئوچۇق قالغان دالان ئۆيدە
نىل دەرياسى تاشقىنلايدۇ شاد.

سۇ ئىلاھى چىقتى ئۈستىگە
بولدۇق قۇللار ئەقلىدىن ئازاد.

سۇ ئاقماقتا قورقىمىز ھەيھات،
قويۇۋەتسەك يوشۇرۇن ئاڭنى
قىلار توپان دۇنيانى بەربات.



# بوشلۇقتىكى كۆز

قىشنىڭ ئاپئاق دولقۇنلىرى
ئايىغىڭدا قېتىپ قالغان.
باغ ئىچىدە ماڭماقتا قار.
پىستە كۆچۈك
بولدۇڭ ماڭا يار.

ئىسسىتماقتا بىزنى سوغۇق
سۆكۈت ئىزھار، سۆكۈت ئىزھار.

تۇرمۇش —
ئىگىسى كۆرۈنمىگەن كەڭ ھاۋادا
قەپەس ئىزدەپ يۈرگەن كىچىك قۇش.
تېنىمىزنى سولىدۇق مەھكەم
غېرىبلىقتا بولساقمۇ بىھوش.
بىراق ئۇنىڭ قاناتلىرى كەزمەكتە،
باغچىلاردا، كوچا — كويدا، سامادا،
دوزاختا ۋە جەننەتتە.
ئۆرلىسىمۇ شەيتىنىمىز ئېگىزگە
چىڭ ساقلايمىز ئۆزىمىزنى قولۇپلاپ
تۇرغاچقا رەببىمىز كۆز تىكىپ بىزگە.

باغچىدا
ئاۋۋال بىر قىز، كېيىن كۆلرەڭ ئىت
كۆزى بىلەن قاۋىدى جىمجىت
ئاندىن كىرىپ كەتتىم قەپىسىمگە مەن.

# ئۆمۈر سۆزى

(توي مۇراسىمىدا ئوقۇلغان)

ياشلىقىمىز شاۋقۇنلاپ ئېقىپ
كەلدى دېڭىزىدىن ئالدى جاي بۈگۈن.
ۋاقتىمىزنىڭ ئورمانزارىدىن
كۆتۈرۈلدى ھىلال ئاي بۈگۈن.
دوستلار، دوستلار قىلىڭلار قوبۇل
سۆيگۈمىزدىن تۆتتۇق چاي بۈگۈن.

ئۆمۈچۈكتەك توقۇپ بولدۇم تور
تەنھالىقتىن، ئىشقى ـ پىراقتىن.
قايتىپ كەلدى پەرىزات بېلىق
ۋاپا بىلەن يىراق ـ يىراقتىن.

نەزىرە،
سۇ تېگىدە ئەينەك ئوردىدا
بۇژغۇنلاردىن ياساپ چۆشىنى
قاردەك ئۇخلاپ ياتقان مەلىكە.
دولقۇنلاردىن كۆردۈم چېھرىنى
سۆيدۈم گويا بولۇپ بىر دېڭىز.
سۆيدۈم ئوغرى ـ قاراقچىلاردەك
گاھى مەخپى، گاھى ئاشكارا.
ئۆتۈپ بولدى تالاي ئاشقلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئالبومىدا چاقناق ۋە يىللار.
يېگىسياچە بىز تېخىچىلا
ئاقۋاشلاردەك قەدىناس لېكىن.
تونۇشقاندەك خۇددى ھېلىلا
شۇنچە شېرىن، شۇنچىلىك شېرىن.

بۈگۈن بىزنىڭ تويىمىز
ھاياجاندا قايناق دۈگكۈرۈك.
ئاق كېچىدە ئاي نۇرى، ئورمان
«ئاق كېچە» دە لىق ئەزىز مېھمان.
سازەندىلەر چېلىنگلار ياڭراق
كۆگۈللەردە قالمىسۇن ئارمان.
ئېقىپ كىرىپ زۇمرەت بۇلاقلار
ناخشا ئېيتسۇن بۇندا شىلدىرلاپ.
ئۇستەللەردە ئەي غۇنچە گۈللەر
ئېچىلىڭلار چاقناپ، پىلدىرلاپ...

قاناتلاندى مۇھەببىتىمىز،
كېچە شېرىن،
كېچە شېرىن تارقىلار ئېپار.
سۆيۈملۈكۈم بار نۇرغۇن سۆزۈم
قىلغۇم كەلدى سورۇندا ئىزھار.
توي ئەمەستۇر بېشى سۆيگۈنىڭ
ئەمەس بۇ ھەم ئاخىرقى پەللە.
قەرزىمىز كۆپ ئاتا - ئانىغا،

ئورۇق ـ تۇغقانغا،
دوست ـ بۇرادەرگە،
قەرزىمىز كۆپ مىللەتكە يەنە،
ئالدىمىزدا تېخى كاتتا توي
قىلغان چاغدا ئاۋام تەنتەنە.
قەدىرلىكىم كۆت پەرىشتىدەك
مەيلى سەرسان بولاي ھەر يەردە
مەيلى قېنىم ئاقسۇن جەڭلەردە،
ماڭا سۆيگۈ بەر ئاخىر غىچە
بەرمىسىمۇ تۇرمۇش ھېچنەرسە.

ھېرىپ كەلسەم ئۇزاق سەپەردە
خۇيلانساڭمۇ خۇشال كۈلۈپ چىق.
قالسام ئەگەر مۇشكۈل خەتەردە
بولغىن جەسۇر تۇت بېشىڭنى تىك.

سۆيىمەن سېنى،
سۆيىمەن سېنى،
مەيلى چىقسۇن تۇرمۇش بورىنى،
مەيلى كۆرەي كۈن سىېرىقىنى.

سۆيىمەن سېنى
ياشلىقىنىڭ بۇ زىبا پەيتىدە،
سۆيىمەن ھەم كەچكۈز پەسلىدە
قېرىلىقنىڭ ئاق كەپتەرلىرى
قونغىنىدا نازۇك قەددىڭگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پەرىشتەڭمەن پەرىشان چاغدا،
كۆنلۈكۈڭمەن يامغۇر ياغقاندا،
دوختۇرۇڭمەن ئاغرىپ ياتقاندا،
غېرىبسىنسالڭ ھەر يېنىڭدا مەن
بىر جان ئەمەس مىڭ جېنىم بىلەن.
مەيلى بېشىم يەتسۇن ئاسمانغا
بىر سېنىڭمەن يەنە سېنىڭمەن! . . .
باغرىم مېنىڭ سۆيگۈ دېڭىزى
كەل شۇڭغۇپ كەل، پەرىزات بېلىق،
دولقۇنلاردا ئاپئاق تويىمىز.

دولقۇنلاردەك پاك ۋە يېقىملىق
مەڭگۈ بىرگە بولۇش ئويىمىز.
سىرلىرىمنى ساڭا تاپشۇردۇم،
ئاچقۇچۇڭنى تونتقۇزدۇڭ ماڭا.
ئەھدى قىلىپ جان ئىمان بىلەن
بولدۇق قىيامەتلىك ئەر ـ خوتۇن،
پەرىشتىلەر بولغۇسى گۇۋاھ.
قول كۆتۈرۈپ ئەزىز مېھمانلار
قېنى، بىزگە بېرىڭلار دۇئا.

« ئاق كېچە رېستورانى» 1998 ـ يىل 19 ـ ئىيۇل، يەكشەنبە

# شېرىن ئاي سەپىرى

**( چاتما )**

## 1 . توي

كرىستالدەك يەتتىنچى ئاينىڭ
نۇرغا تولغان ئون توققۇزى،
قۇياش. ئەلئىبهرام. ساماۋى كىتاب
كۆكتە بىر جۈپ قىسمەت يۇلتۇزى.
قىزارماقتىمەن خوراز قىنىدەك
رومالىڭدىن تاشلايسەن نىگاھ،
ئۆي ئىچىدە لىق جامائەت بار،
ئۇزۇن - ئۇزۇن ئوقۇدى نىكاھ
قىزغۇچ ئاخۇنۇم.

قۇم،
ئاستىدىكى تىلسىمات شەھەر،
پەلەمپەيدەك چۇشتۇق ئاۋايلاپ،
قېتىپ قالغان ئايالار، ئەرلەر
تەكرار ئازغۇن دەۋرلەر ئۇچۇن
قاتۇرۇلغان خاتىرە تاشتەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نېرۋىلىرى تولغان ئەسەبىيلىككە
قانۇنلىرى ئىگە بولغان چەكسىزلىككە،
ئانىلار كور ئوغۇللىرى ئالدىدا
ئەرلەر ئەرلەرنىڭ سۆيگۈ مەبۇدى.
تىزگىنى يوق ھاۋايى - ھەۋەس
نىشانسىز ئېتىلغان ئوقلاردەك خۇددى.
ھالاكەت. ئەلئىبھرام. ساماۋى كىتاب
ئۇ شەھەر بابىل، چۈش كۆردى ئادىل.

ھۇجرىمىزدا شاخسىمان چىراغ،
شولىسى ئاق، يېشىل، بىنەپشە.
ئېرىمەكتە نىقابلىرىمىز،
دېرىزىدە تۈن قارا چەشمە.

## 2 . بوران ئېغىزى

كانايگۈلدەك يامىشىپ
تەنھالىقتىن چىقتۇق ئېگىزگە.
تۇز كۆلگىچە كەلدى ئەگىشىپ
قىيالماستىن گۈرۈمچى بىزگە.
ئاندىن
ماي يولدىن چىقىپ
كىرىپ كەتتى كۆلرەك ئىچىگە

قۇيرۇقىنى گىلىڭلىتىپ.
تۆپىمىزدە ماڭار كۆك ئاسمان
ئىچىمىزدە دەشتى ـ باياۋان.
چۆل پىرقىراپ چۇشتى ئۇسسۇلغا
ئەسلەنمەكتە قاقشال ھاياجان.
سۆڭەكلەر تاش، تاشلار سۆڭەك
بوران قېنى؟ قۇياش بوران.

كەلدى ئوت  ئىسسىق
قوپتى دۆڭلەر ياقۇپ بەگدەك،
تاغلار قاتار لەشكەرلەردەك،
ۋاقىت جىمجىت تۇزۇپ تۇرار سەپ.

بوران ئېغىزى
سۇكۇتتە.
بوران ئېغىزى
تولغان ئۇزۇمگە.
بوراننىڭ كۆزى
رومال ئىچىدە.

ئەسلىمىلەر قۇرۇپ بولدى
بىز توقسۇندىن ئۆتكۈچە.

## 3 . باغراش كۆلى

ياد ئېتىمىز قەدىم يوللارنى
ئىگىلەنگەن شەھەرلەر سىلىق،
نەچچە يۈز يىل ئۆتتى بىر دەمدە
قارا تەرگە چۆمۈلدۈق،
چىلىق - چىلىق.

ئاپئاق يايلى يەلپۈنۈپ تۇرغان
كۆك قاشقىلىق سۇ.
شۇنچە پاك 15 ياشلىق سۇ.
كىرپىكىنى تىترىتىپ نازۇك، يېنىك
كۆزلىرىنى ئاچىدۇ تىنىق - تىنىق.
ياڭرىماقتا سۆيگۈ ناخشىسى
شامال بىلەن لىق تولدى قېيىق.
دولقۇنلاردەك شوخشۇپ تۇرىمەن
سەن يېنىمدا پەرىزات بېلىق.
ئوتتۇرىدا كۆلنىڭ قەلبىدە
نىلۇپەرلەر ئېچىلغان سىرىق.
قومۇشلۇقتا بەش بېلىقئالغۇ
بەشىنچىسى كۆرۈنمەس سىرلىق.
چەكسىز كەتكەن ئۇپۇق بىلەن سۇ
ھايات گۈزەل ھەمدە نائېنىق.

كۆل بويىدا،
بىر يەرلىرى تونۇش يېزىلار
ئۆزنىڭدۇ پەرۋاسىز، غېرىب.

توختاپ قالدۇق قارا شەھەردە
خاقان بىلەن سەيلىگە كېلىپ.
سۇ ئىچكۈچە تۇلپارلىرىمىز
نەچچە ئەسىر ئۆتتى لىپ قىلىپ.

## 4 . ۋاقىتقا كىرىش

تاغ. يەر بېغى، نەشپۈتلۈك ھويلا،
يېڭى، يوچۇن بىنالار ئارا
كىچىك بولۇپ قاچماقتا كورلا.
ئاۋۋال كىردى كۆنچى دەرياسى
ئاندىن كىردىم مەن غېرىب ـ غۇرۋا.
بوشلۇق ئەينەك تۇرار ئەينەكتە
گوزەل بىر توز چۈمۈلۈپ نۇرغا،
قانىتىنى كەرگەندە كورلا.

ئىككى دەمدەر بازلاۋاتاتتى،
يىغلاپ چىقتى ئۆيدىن بىر چوكان،
چىقتى ئېرى قوغلاپ چوك يولغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەلەك بولۇپ ئۇششاق ئىش بىلەن
ئۇنتۇپ قاپتۇق ئالەمنى تۇۋا،
تۇقۇلماقتا غايىبانە تور،
بار مەۋجۇدات چۈشىمىز تورغا.

كىردىم،
ئېزىپ كەتتىم كىرىپلا بىردىن
ۋاقىت دېگەن تىلسىمات ئوردا.

## 5 . گۈلدۈرماما

مەن ئايۋاندا
چاقماق ئاياندا
ئۇيقۇمىز قات ـ قات .
سەن كارىۋاتتا
مەن چاقماقتا
نۇرلىنىپ پات ـ پات.

باشلىنىۋەتتى شارقىراپ. . .
ھاۋا ـ سۇ
ياپراقلار ـ بېلىق
ئېچىلىپ قالدى ۋال ـ ۋۇل قىلىپ
نەشپۈتلۈك باغنىڭ بۇلۇڭىدا
ياز تۈنىنىڭ پىنھان يەرلىرى،

تونۇشتى كۆزلەر ئۆزگە بىر نۇرغا.
تەن يىراقتا، تامچىلايدۇ ئوت
قولاق سېلىپ ياتتىم يامغۇرغا.

چاقتى چاقماق
باش ئۈستىمىزدە،
سۆڭەكىمىزدە.

## 6 . يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يول

كىرىپ كەتتۇق تېز سۈرئەت بىلەن
يىراق، تەنها دەۋر ئىچىگە.
قالمىدى ئىمكان
ھەممە يەر ئوخشاش،
ئاسفالتتەك ئىدىيىلەردە
يۆگەلمەكتە يېزىلار تۈتاش،
بالىياتقۇ ئىچىلىپ قالغان.
چوڭقۇرلاشتۇق ھاياجان بىلەن،
شەھەرلەرنىڭ قارا يوللىرى
كېڭەيمەكتە قورغاق ۋە لىۋەن.

يول بويىدا
ئاپتاپپەرەسلىك،
ئالتۇن قوياش ئېگىز ئۆسكەن،
ئۆچكىسىنى ساغماقتا موماي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 7 . ئۈزۈملۈك ۋە يەتتە رەڭ

ئالتۇن رەڭ
ساگگىلاپ
تۇرغان
قوياش — بىرىنچى ئۈزۈم.
قىزىل سايۋا ئىككىنچى ئۈزۈم.
ئۈچىنچى ئۈزۈم يېشىل شىشىدە،
« ئاتەش رېستورانى» ئىچىدە.
تۆتىنچى ئۈزۈم ئانا تىلىمىز،
ئەي ناخشىچى قانداق قىلىمىز؟
ئېغىزىڭدىن كەتسە ئۇ چۈشۈپ.
بەشىنچى ئۈزۈم — كۆك بوركۆت،
ئاسمىنى تامدا،
بېزەكلىكنىڭ تام رەسىمىدە
كۆزلىرى ئۆتمۈشتە تۇرىدۇ يېنىپ.
ئالتىنچى ساپاق كەتتى چېچىلىپ
تورۇكلاپ چۈشكىنى بىنەپشە يامغۇر،
ۋاقىت يامغۇرى ئىچىدە يارغۇل.
يەتتىنچى ئۈزۈم قاپقارا، قېنىق
بۇ يەتتىنچى ئۈزۈم غېرىبلىق،
قوللىرىمىدىن سىيرىلىپ

چۈشتى ئايالىمنىڭ ئېتىكىگە،
چۈشتى سانسىز ئۈزۈم كېچىگە.

بولمايدۇ ساناپ،
قايتتۇق ئالدىراپ،
تېرەم چاپلىشىپ تۇرار ھېلى ھەم
ئىسسىق تېرىسىگە ئۈزۈم يۇرتىنىڭ.

## 8. سىڭگىم يېزىسى

چۈنجىلەرنىڭ تۆشۈكلىرىدىن
كەچ كىرمەكتە دۈگلەك ــ دۈگلەك.
بىغەم سىڭگىم
تاغ تۈۋىدە
بۇلاقلارنىڭ كۆزىنى پۈۋلەپ
ئويلايدۇ گۈل ئېچىلدۇردۇم دەپ.
ئەللەي ھاجەت ئەمەس ھېچكىمگە
ئۇيقۇ كېلەر ئايئاق دولقۇندەك.
چۈشەنمەيمىز تەنھالىق نېمە،
قويۇلماقتا باشقا دەۋرگە
كارىز سۈيى ئۇن ــ تىنسىز مۇزدەك.

بۇرگەم، بۇرگەم، بۇرگەم
ئىسمىڭ چۈمۈلە بۇرگەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەشرەپ قىلىپ تۈن بويى
سەكرەپ يۈرگىنىڭ يۈرگەن.
چىقىپ چىقتىمۇ دەردىڭ،
تاك ـ تاك چالغۇچە مەزىن.
بۈرگىمەن ساڭا ئامراق،
قاچما تاتلىقىم مەندىن.

ئەمدى ئۇخلا بۈرگەم،
تاڭ ئاتتى يارىمىزدىن
قىزىرىپ، سۇلۇق نەم.

## 9 . مۇزېي

كەلدۇق قۇمۇلغا،
قۇمۇلدا قۇمۇل يوق
تاغلار قۇمۇللۇق.
غېرىب غېرىبلار شەھىرىگە بېرىپ
ئۇڭ يېنى غېرىب ھەم سول يېنى غېرىب.
بىلمەيمىز ئەينەكتە مېڭىشنى نەگە
تۇرىدۇ تۆت كوچا كەڭ قانات كېرىپ.
تىلسىمدەك بىنالارنىڭ ئارىسىدىن
ئۈشتۈمتۈت چىقىپ كەلدى يۇنۇس ئاكا،
سالام بېرىپ.

ئاچتى ئىشىكنى
تاش دەۋرگە، تۆمۈر دەۋرگە.

موزېيلاردا ياشىماقتىمىز،
تور شەكىلىك سۆكۈت ئىچىدە
بىزگە يوچۇن پادىشاھىمىز.
ساپال چۆچەك، مۆھۈر، يەلپۈگۈچ
ئات سۆڭىكى، بۇغداي ئۆڭلۈك ئەر.
چاپماقتىمەن قولۇمدا شەمشەر.
توساتتىن
چۇش كۆرۈپ ياتقان
3000 ياشلىق كىچىك قىزچاقنىڭ
قولىدىكى مىس ئەينەكتە
زاھىر بولدى يۈزۈم لاپپىدە.

ئەپقاچىمەن يۈزۈمنى تىنماي
سۈزۈك، قات ـ قات ۋاقىت ئىچىدىن.

### 10 . كاربۇۋاتتىكى دېڭىز

ئاسمان تىرەن،
بۇلۇتلار بۇژغۇن،
ئاپئاق، كۆركەم كۆتۈرۈلگەن
سۇدەك چەكسىز چۇش پەيتىدە.
ئۇسسۇل ئوينار توپ ـ توپ كۆك رەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كەڭ ئېچىلغان دېرىزىدە.
مەۋجۇت ئەمەس بۇندا ھېچ غەم
شۇنچە گۈزەل، تىنچ ھەممە.
مېھمانخانا پەلەمپىيى
نەزىر چىراغ سۈپىتىدەك.
يۈزلىرىمىز خىرە ـ شىرە،
كارىۋاتلاردا سوقار يۈرەك.

تەنلىرىمىز ئۈزۈپ يۈرەر
كۆرۈنمەس بىر تور ئىچىدە.
دولقۇنلايدۇ پار مەۋجۇدات
ياڭرار ئۆلۈم قولاق تۈۋىدە.

روھ بىپايان ھەم چوڭقۇر،
ئىككى دولقۇن تۆشەك ئۈستىدە.

## 11 . ئاقتاش

يېشىل مەخمەلگە قويۇپ باش
ئۇخلاۋاتقان ئادەم،
ئويغاتساق تاش.

# ناشتىلىق

قاق، گىردە نان، قورۇق ئۆزۈم
داستىخاندا تۇرار چېچىلىپ.
ئاق پەردىلەردىن پۇرۇم – پۇرۇم
قوياشنىڭ ئەتىر گۈللىرى
زىلچا ئۈستىگە چۈشتى ئېچىلىپ،
قەدىم يۇرتلار ئەسلىمىسىدەك
تېرىلىرى ئېلىنغان شىلىپ.

بىراق رىم ئەسكىرىنىڭ
قىلىچىغا قىلماستىن پەرۋا
مەلۇم بىر گېئومېتىرىيىلىك شەكىل ئۈستىدە
ئويلاۋاتقان ئارخىمېدتەك تەمكىن، ئاستا
شېئىرىم بىلەن قىلىمەن ناشتا.

تالادا
يېڭى يارا،
يەر يېغىنىڭ سۆزۈك ئەرۋاھى
يۆتكەلمەكتە ئىسسىق تېرىدەك،
يالىڭاچلانغان شەھەرلەر ئارا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئەرۋاھ

قاپقارا، ھۆل ئۇيقۇ ئىچىدە
ئاھۇ بالىسىدەك تىنىپ ياتقان.
يۈرىكى سوقار قاراڭغۇلۇقتا،
كىچىك يۈزى ئالىقانات قۇش
مۈشتۈملىرى ئەمدىلا قاتقان.

بۇ كىچىك جان مېڭىپ باقمىغان
شار كۆتۈرۈپ بايرام كۈنلىرى،
زىننەتلەنگەن رەڭدار شەھەردىن.
بىر ئاق قەغەز جىجىپ تاشلاندى
ئۇ خەۋەرسىز رەسمىيەتلەردىن.
ئاق كىيىملىك سوغۇق پەرىشتە
قوللىرىنى سوزدى غىل ـ پال.
كۆز قارىقى تاشقا ئايلىنار
قۇش تۇخۇمى ئايلىنار سۇغا.
جەڭگاھلاردەك ئىپوسلاردىكى
دوختۇرخانا چۆمۈلگەن نۇرغا.

ئۈزۈپ كېلەر يۇنۇس بېلىقى
قورسىقىدا بىر كىچىك ئادەم
چاقنار توردا بېلىق قۇيرۇقى
يوق پاناھ جاي بەك كىچىك ئالەم.

بىر كىچىك ئەرۋاھ
تۈگۈلۈپ ئوماق،
سۆيىدى ئانىسىنى ، ئانىسى تۇپراق.

# دەم ئېلىش كۈنىدىكى قار

**قار ياغقاندا ئۆيدىن تالا ياخشى**
**—بوغدا ئابدۇللا سۆزى**

1

بوشلۇقلاردا ئۆسكەن ئاپئاق تۇك
بېشىمىزغا چۈشمەكتە لەيلەپ.
كۆرۈشۈپلا بولۇپ كەتتۇق شۇك،
ئېگىز، تىمتاس، مۇزدەك سوغ ھەسرەت.
گويا
ھۇجۇملارغا قىلالماي تاقەت
قولدىن كەتكەن شەھەر سېپىلى،
ئىگىلەنگەن يوللار، بىنالار
بىنالاردا ناتونۇش ھەرىكەت.
ۋالىلدايدۇ قىش قىلىچلىرى
بىز ھەممىمىز قورشاۋدا پەقەت.

2

ئاشخانىنىڭ پار - پۇر تېمىدا
ھەسەن شېرىك ماگار غىرىلداپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com


پەيدا قىلار ۋەھىمە
بۆرۈتلىرى قورالىلاردەك مىدىرلاپ.

3

قار ئۇچقۇنى، جىمجىت مېڭە
سىممېترىك گۈزەللىك
ئالەم قورۇماس ئېنېرگىيە.
بىراق بىز تار ئۆيدە
قايتا - قايتا ئويلىنىپ يەكشەنبىدە
كونا كىتابلارنى رەتلەپ چىقمىز.
ئارقىدىن ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلاپ
سىقىلىشنى ئەكس ئەتكەن بىر چىراي
ئۆمۈچۈك توردەك كىرىدۇ قاپلاپ.
قولىدىكى،
توي ياكى نەزىر باغىقى.
مۇشۇنداق دائىملىق سەۋەب بىلەن،
قەدىمكى بىر مىللەتنىڭ مۇراسىمىدا
چۈشۈپ كېتىمىز ھاڭغا سىيرىلىپ
تېگى يوق ھاڭغا ئېچىمىزدىكى.

4

قاپلىدى كېچىنى،
ئاپئاق يالقۇنلار.

# تۇرمۇش ئەتىرگۈلى

ئېچىلىپ تۇرىسەن  
ئىغۇبار، ئۇماق،  
تۇرمۇشۇمغا بېرىپ خۇش پۇراق.  
رام قىلىسەن  
ئالتۇن تىللا كەبى جىرىڭلاپ  
ئارىسىدا قاچا ـ قۇچىنىڭ.  
مەجنۇنتالدەك تۇرىدۇ ئويناپ  
پۇت ـ قوللىرىڭ، ئاۋازىڭ، ئىشقىڭ.  
سۆزلىرىڭ زەر يىپتىن ئۆزۈلگەن مارجان  
سۈكۈتىڭ ئۆيدىكى يۇلتۇزلۇق ئاسمان.  
مېھرىڭىشلىرىڭ  
ئىككى پۇتۇڭ ئېيتقان شوخ ناخشا  
نازاكەتلىك، يېقىملىق، ئاستا.  
ئولتۇرۇشۇڭ  
قوملۇق ساھىلدا  
قۇيرۇقىنى قاقلاپ ئاپتاپقا  
ئاپئاق ياتقان پەرىزات بېلىق.  
يۈيىسەن كىرلىرىمنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەڭگۈلۈك ئۇن سوپۇندا
خۇشبۇي، ھۆل سەھەردەك
پاك - پاكىز ياقا - ئېتەك.
ماغزاپلارنىڭ تۆت پەسلىدە
بارماقلىرىڭ ئاپئاق چېچەك.
دەزمال سالىسەن كىيىملىرىمگە
كىچىك بىر قىز چىمەن ئۈستىدە
قوغلاۋاتقان كەبى كېپىنەك.
سۇپۇرگەڭدۇر كېنىزەك
ئەگىشىپ ئۆز مەلىكىسىگە
كېتىۋاتقان گىلەم ئۈستىدە.
قاراپ قويساڭ
ئۆز - ئۆزىگە چۆكۈپ ئەينەك
كۆل سۈيىدەك ئېيتار قەسىدە.
جۇمەكنى ئاچساڭ
دوراپ سۇلار نازاكىتىڭنى،
مىس چەينەكتە بولۇپ رەسىدە
ئاستا - ئاستا تولىدۇ تېنى. .

نەزىرە
ھاياتىمغا سالىسەن قۇلاق،
ئۇ ئاقىدۇ جىم ۋە دولقۇنلاپ.

كۆك، قاپقارا، قىزىل غەملەرنى
دېرىزىدىن تاشلايسەن پەسكە
خۇشاللىقىم بولىدۇ بۇلاق.
چىرايىڭغا غەم سالسا سايە
يوقتۇر ماڭا تېرەك، ھىمايە
دۇنيا ۋەيران، قاراڭغۇ، ئۇزاق.
سىنچىلاپ باق
ئۆيىمىزنىڭ ھەر بۇلۇڭىغا،
ئاشخانىغا، شىرە ئۈستىگە
يانچۇقۇڭغا، ئىشكاپ ئىچىگە
تۆت پەسىلگە، كۈندۈز ـ كېچىگە. . .
قويۇپ قويدۇم سۆيگۈ گۈلىنى.

ئېچىلىپ تۇرسەن
بىغۇبار، ئوماق
ھاياتىمغا بېرىپ خۇش پۇراق.

گەترگۈلۈم
سۆيىمەن سېنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



## بالىلارنىڭ ئەرۋاھى

بالىلارنىڭ ئەرۋاھى
سۇدىكى قاشتېشىدەك
ۋىللىلدايدۇ،
ئانىلار دەريا بولۇپ قورۇپ ياتقاندا،
ئاتىلارنىڭ بوش ۋاقتى سۇدەك ئاققاندا.

بالىلارنىڭ ئەرۋاھى
قار ياغقاندا غەمكىن دەسسەپ ماڭىدۇ
ئىز چۈشمىگەن پاكىز يەرلەرنى،
ئاپئاق يۈزى تاتارغان هالدا.
بىز كۆرمىگەن يۇلۇنغان ئاق پەرلەرنى
لەيلەپ چۈشۈپ ئۈستىمىزگە قونغاندا.

بالىلارنىڭ ئەرۋاھى
دوپپىسىنى ئۆزى كىيەر بېشىغا
كىيىم ئىشكاپىنى ئېچىپ بەرسەكلا.

بالىلارنىڭ ئەرۋاھى
قورئان ئوقۇپ باقمىغان ئوقۇۋساقمۇ بىز،
خەت تونۇمايدۇ تونۇساقمۇ بىز،
لېكىن بىزنى تونۇيدۇ ئاتا ـ ئانام دەپ.
يۈگۈرۈپ كېلىپ قىيامەت كۈنى
بوينىمىزغا ئېسىلىدۇ ئەركىلەپ
كەلدى مېنىڭ ئاتا ـ ئانام دەپ.

بالىلارنىڭ ئەرۋاھى
كۆرگەن چاغدا دوختۇرخانىنى
قورقۇپ كۆزلىرىنى ئېتىۋالدى.
يۇلتۇزلۇق تۈن ئانىنىڭ كۆزى،
سوغۇق ياشلار ئۈنچە ـ مارجاندەك
يۇلتۇزلارغا قېتىلىۋالدى.

بالىلارنىڭ ئەرۋاھى
ئۆزى نان يەيدۇ قورسىقى ئاچسا،
بىز ئۇنىڭ رىزقىنى يەۋالمىساقلا.

بالىلارنىڭ ئەرۋاھى
يەسلىلەرگە بېرىۋالدى،
بالىلار قورچاق ئويناۋاتقاندا
بويىنىنى قىسىپ كېتىپ قالدى.

بالىلارنىڭ ئەرۋاھى
ئۆزى توختايدۇ ئىگەلەپ بىردەم
بوغۇپ قويمىساقلا قولىمىز بىلەن.

بىز ھەممىمىز ئۆلۈپ كېتىمىز
بالىلارنىڭ ئەرۋاھى ئۆلمەيدۇ ئەسلا
تۇغۇلۇپ باقمىغان چۈنكى ئۇ ئەسلا.

بالىلارنىڭ ئەرۋاھى
سۇدىكى قاشتېشىدەك
ۋىلىلدايدۇ،
ئانىلارنىڭ قوينى قۇرۇپ ياتقاندا،
ئاتىلارنىڭ ئۆمرى سۇدەك ئاققاندا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىتى
www.uyghurkitap.com



# تارىم پاختىسى

دولقۇلدىپ سوقۇۋاتقان
ئاسىيانىڭ يۈرىكىدە
ئۆسمەكتىمىز قەدىمىي، ئاستا.
تەرىسىدەك زېمىنىنىڭ، بىزنىڭ
ئۆسمەكتە ئۇزۇن تالالىق پاختا.

بېشىمىزدا ۋاللىداپ تاجدەك
ئالتۇن قۇياش ئېيتىدۇ ناخشا.

ھال رەڭ پېشىم ۋاقتىدا
كېۋەزلىك سۈتتەك ئۇيغۇ ئاستىدا،
جىمىرلايدۇ يوپۇرماق، غوزەك.
ئاپئاق چۇشتۇر ئېچىلغان كېۋەز
تەرىمچىلار ئارىلاپ چۈنەك
چۇش تېرىيدۇ پەرىشتىلەردەك.

ئېتىزنىڭ ئاق بۇلۇتى
بۇلۇتلارنىڭ دېڭىزى
دېڭىزدىكى مەرمەر
مەرمەر بۇژغۇنى
بۇژغۇندىنمۇ يېشىل قوم
قوملۇق. شەھەر. شاھ. ئالتۇن ئوردا.
يىپەك توردىن باقار يوق يۈزلەر،
قۇشلار ئۇچار سۇپسۇزۇك توردا.

يوقىلىشتا دەرەخ. تىل. ھەرىكەت
روھ چىمىرلار مەڭگۈلۈك نۇردا. . .

ئېگىز ـ ئېگىز پاختا تاغلىرى
ماشىنىلار، پويىزلار رەت ـ رەت
توشۇش ئۈچۈن ساقلار ئۆچىرەت.
فابرىكىلار يېشىل سۇلۇقتا
تەييارلانغان ئاچ تىمساھلاردەك.
ھەزىم بولغان پاختىلار توپ ـ توپ
سېھىرلىنىپ چىقار سېخلاردىن
نەپىس، يۇمشاق، رەڭدار رەخت بولۇپ.
ۋە ئالدىرار قىتئەلەر ئاتلاپ
شەھەرلەرنىڭ يالىڭاچلانغان
بەدىنىنى يۆگەشكە تولۇق.

يۆگىدى ئادەم ۋە ھاۋا
ھايات بىلەن ماماتلىق ئارا
بىرمۇتلەق سىر ئىلاھىي پاسىل،
چەكتىن چىققان شەھەرلەرنىڭ
خارابىسىدە
ياڭرىماقتا ئەكس سادا.
قولىمىزدا ساماۋى كىتاب،
روھىمىزدا تاتۇق، ۋەھىمە.
بىز گويا بىر باغى ئىرەمدە
كۆزەتمەكتە باغنىڭ ئىگىسى.
جىنس شېرىن مېۋىلىك دەرەخ
ھەممە ئازغۇن كېلەر يېگۈسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سىلىنىماقتا ئىگىنلىرىمىز
بۇزۇلماقتا ئاڭنىڭ چېگرىسى.
يەر شارىنى باسماقتا توپان
بىر ئادەمسىز نوھنىڭ كېمىسى.

قەدىمىي تارىم ــ
پاختا ماكانى
تېنىمىزنى يۆگەر شىم ــ چاپان،
ئېڭىمىزنى ئەخلاق، ئېتىقاد،
شەھەرلەرنى قۇم ــ تەكلىماكان.
تورمۇشىمىز ئۆتمۈشتىن بەلگە،
ئۆلۈم پىنھان بولۇپ كەلمەكتە،
ئەنئەنىلەر ئارقىلىق ھامان.
بىز ئۇن ــ تىنسىز كېۋەز تېرىمىز،
بىز بىلىمىز باسىدۇ توپان
ئىنسانىيەت قالسا كېيىمسىز.

دېھقان تەرگىلى پاختا
ئېگىلىشىدۇ ھەر شاخقا،
كېيىمنىڭ يىرتىقلىرىدىن
قىزغۇچ يۇلتۇزلار چاقناپ
غېرىبلىق تورلار ساڭگىلاپ. .

ئوت كەتتى پاختىغا
پاختىغا ئوت كەتتى.

# ئىككى كېسەك

ئۆي ئىچى ئاق رەڭلىك جىمجىت،
ۋاقىت تامدىن ئۆتمەكتە،
ئۆزگەردى بىر كېسەكنىڭ يۈزى.
يېشىل قومۇلىرى سارغايغان ئەل
بوستانلارنىڭ قەسىمكى كۆزى.
چىڭگىزخان ئۈششۈكتەك بېسىپ كىرىپ
شەھەرلەرنى تىغدىن ئۆتكۈزدى.
بەگلەر قۇل بولۇشنى خالىماس ئىدى،
خوتۇنلار دېدەك بولمايمىز دېدى.
خاقان يىغىپ يىگىتلىرىنى
ياۋغا قارشى جەڭگە كىردى،
ئاق ئاتنى مىنىپ.
ئاق ئات يىقىلدى قىزىل كۆلدەك
قىزىل تۇپراق ئۆچتى، قارايدى.
خاقان لايغا ئايلاندى، لاي كېسەككە
بىر بىنادىكى.

ئۆيدە ئويچان ئولتۇراتتىم،
تامدىكى كېسەك
كۆرۈندى تولىمۇ غەمكىن،
ئىختىيارسىز ئېزىپ يۈرەكنى.
« ئادىل! » دەپ توۋلىدى ئايالىم
تالاي ئەسىرلەردىن كېيىنكى
بىر كېسەكنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# قۇربان ھېيت

تاڭ سۆزۈلدى
شىشىدىكى تاڭ،
يۈزى يورۇق پەرىشتىدەك.
مەزىنىنىڭ ئاۋازى يۇلتۇزغا تولغان،
ئادەملەر مەسچىتكە كىرمەكتە دەۋرەپ.

ئۆلۈمنىڭ سىماب كۆزلىرى
پىلىلدايدۇ ئىشىكلەر ئارا.
ھەممە چەكسىز ئىخلاسى بىلەن
قۇربانلىقنى قىلماقتا ئادا.
ئىسسىق قانغا چىلىشىپ ياتقان
كۆك قوچقاردىن كېلىدۇ سادا:
ئەي ئادەملەر، ئەسلى مەن ئەمەس
سىلەر بىر توپ قۇربانلىق پادا.
ناغرا ـ سۇناي ئاۋازى
ئەسلىتەر قەدىمكى جەڭ مەيدانىنى.
كېلىۋاتقان قىسىتاڭ ئاپتوبۇس
بەلگىسى تىنچ مەغلۇپ بولۇشنىڭ
ئاقىدۇ كوچىدا قۇياشنىڭ قېنى.

لەۋلىرى قاندەك چوكان
بوغۇرساق يېمەكتە
مالاچلىتىپ.
مىس لېگەندە
قالغان ئېشىپ
پالۋاننىڭ بېشى.
ئەمەستەك قايغۇرۇش خۇددى ئۆز ئىشى،
شاد - خۇرام پەتلەيدۇ ھەممە كىشى.

توساتتىن
گۆشكە قونغان يەنە بىر چىۋىن
پالاق ئارا قانىتىنى چاقنىتىپ
توختىدى دۇنيانىڭ چىكىگە بېرىپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# كۆچەت تىككىلى چىقىش

شەھەرنىڭ ئۇچەي ـ باغرى
چۇۋۇلۇپ چىقتى،
قوغلىماقتا غالجىر لاشقان بىنالار
قورقۇپ، ئېرىپ، تۆگىمەكتە ساي.

قاغىلار سىم تانابقا قونۇۋالغان
تاشلىقتا تاشلارغا قالمىدى جاي.

قوۋۇقنى ئېتىۋالغان ساي.
ئاچماقتىمىز قورااللار بىلەن،
تاك ـ توك، پاك ـ پوك، ۋىك ـ ۋىك.
يەرلەرنىڭ قېتىپ قالغان ئىدىيىسى
كاللىمىزغا ئورناپ كەتكەن چىڭ.

ئوقلار بېشىمىزدا ئۇچقاندەك ۋىك ـ ۋىك
تاشلىقتا تاشلارغا قالمىدى جاي.

توخۇمدەك تاش.
بېغىررەك تاش.
لەۋلىرى قېلىن تاش.

ئورەك كولايمىز ھاياجان بىلەن،
ئۇسسۇل ئوينار گۇرجەكتە شىغىل
ئاۋاز چىقىرىپ يېقىملىق، لېۋەن.

تاشلىقتا گۆھەرلەرگە تاش ئۆلۈمى.

قويدۇق جىرىم، كۆڭلىمىز يېرىم
يالغۇز شامال ساتار چالار،
بولدىلا بۇنداق تۇرىۋەرمەي جىم
بېرىپ باقايلى، بىر گەپ بوپ قالار. . .



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئامبىرى



# مەنە سەيرى

ئاپئاق تام،
تامدىكى يولدا
ھاشا چۈمۈلىسى سارغۇچ مېگىپ
ئېگىز چۈشتىن كېيىنگە
كەلمەكتە كىرىپ .

توختىدى بىرىپ،
توختاش نۇقتىسى
مەنىسىزلىك.



# ئەينەك

ئىچىدە
يىغلايدۇ سۆزۈك قەبىلە،
سېھىرلەنگەن ھەممە نەرسىسى.
نەزىر ـ چىراغ سۆيىسىدا
كۆيۈۋاتقان مۆزدەك ئوت،
كىچە ـ كۈندۈز ياكى ئۆشتۈمتۈت،
ئۆتكۈزىدۇ جىنسىي مۇراسىم،
بۇ كۆپىيىش ئۇچۇن ئەمەس.
قۇياشقا چوقۇنۇش ئۇلاردىكى
ئۆزگەرمەس قانۇن يا تۇغما ھەۋەس.

ئەينەك ئالدىدا
قىرماقتىمەن ساقىلىمنى،
بىر ئۆلۈك قىلىنچىنى يالىڭاچلاپ
كەلمەكتە ئۇدۇلدىن ماڭا قاراپ.

# بۇلاقبېشى كوچىسى

قۇياشنىڭ ئارقا كوچىسى
نۇر،
لاي تاملارنىڭ يېرىقىدىكى.
كۇرسىدا ئولتۇرغان چاچ ساقال ئۇيغۇر
ئۆتكەن قىزلارغا قويىدۇ قاراپ.
سۇيۇقلانغان نىرۋىلار
نەچچە يۈز يىل غېرىبلىقتا
ئۇيۇپ قالدىم ئاستا ـ ئاستا.

قاسساپ پىچىقىنى سۇرتۇپ بولۇپ
قاراپ قويدى قان يۇقى باشقا.

ئەخلەت ئۇستىدە
تاجى سالپايغان خوراز
پۇتلىرى بىلەن ئېلىشتۇرماقتا
ئاق، قارا، كۆك، قىزىل رەڭلەرنى.

ئېلىشىپ كەتتى بىردىنلا ماڭا
ئۆتمۈش بىلەن ئۇشبۇدەم ئاڭا.

بىر بۇلاق
تۇرىدۇ كوچىدا بۇلدۇقلاپ
ۋاقتى باشقا ۋاقىتتۇر بىراق.

# سۇزۇك سەپەر

## ( داستان )

**(1)**

مەنمۇ، چۈشمۇ ئاپتوبۇستىكى؟
بىر دەۋرمۇ ئايلىنىۋاتقان
بىر غىرىبلىق قۇياشى ياكى؟
ئايلانماقتا ماشىنا چاقى
سىبىرگەرگە، قۇيۇنغا، نۇرغا،
قارا رەڭدىن دۇگىلەك قوڭۇرغا،
قارا يولدىن كەڭ ئىدىيىگە.
قۇرۇقدالغان كاللام بىر لەھزە
توختاپ قالغان روھىم بىر دەۋر،
يىل بىلەن يىل تەكرار پارىلداپ
بېسىپ كىرگەن سانسىز ئاي ـ كۈنلەر
قەتلى قىلىپ، قورقۇتۇپ، ئالداپ،
مىنۇتلارنىڭ قىزىل ئىزلىرى
ئىزدۇر گويا ۋۇجۇدۇمدىكى.
خوش، ئۇرۇمچى
شەھەرلەر سىرتىدىكى تەنها شەھەر
تەنھالىقى تىل، ۋاقىت، مەرمەر.
ئۆچۈۋاتقان تىلى دەل ـ دەرەخلەر،
كۆچۈۋاتقان قۇم ۋاقىت چۆلى.

تەشۋىشلەرنىڭ باش ـ ئاخىرى يوق
ماگار دېگىنىز قالدۇرماي ئىز.
پەقەتلا بىز،
پەقەتلا بىز قورۇق قول، سەرسان
يوقتۇر باشقا بارار جايىمىز.
ئايالىلار قىرغاق تەنھالىق دېگىنىز
يوقتۇر باشقا بارار جايىمىز...

بۇ غېرىب ئاي
سەپەر قىلدىم،
ئەينەك ئالدىدا
شۇنچە لىۋەن يېشىنمەكتە كۆز،
كۆز ئالدىمدا نازلىنىپ ياتار
بەدەن ئۆگى سارغۇچ دالا ـ تۈز.
تاغلار ئۇزۇن قوشۇن تارتقان،
سۇ ئۆتىدۇ ناگان ـ ناگان.
ئۇزۇك ـ ئۇزۇك يېشىل يېزىلار
تېرەكلەر يۆگۈرەر سۆگەكتەك ئاق.
شامال شورلۇق يەرلەرنى يالار
تېرەك غىدىقلىنار يۇپيۇمىلاق.
ھەسرەتمۇ يا شەھۋەت؟
ئىچىدە قاينايدۇ بۇلاق.
جىگدىلەر قاغجىرىغان،
مۇڭلۇق، مىسكىن، جىغان، يانتاق.
سايلار ئىچىدىكى سايلار
تاشلار قاتقان يارا ئىز.
ھاۋا ئاچ قالغان ئوت ھايۋىنى

كۆڭۈلنىڭ مەجبۇرلىشى چىدىغۇسىز.
ئاسمان كۆپكۆك مەست
بىراق بىزگە قالغىنى ئاسمان ئەمەس،
كىچىككىنە كۆل رەڭ بوشلۇق ۋە
قىستاۋاتقان تۆت تامنىڭ ئىچى.
ئەي، كۆك تەڭرى
بىز ئاسماندىن ئايرىلدۇق،
بىز يوقاتقان بارچە نەرسىنى
يوشۇرۇنچە ئاسمان دەپ بىلدۇق.
ئاسمان تىترەر كارىۋىتىمىزدا
ئاسمان چاقنار تارىخىمىزدا
ئاسمان قالدى ئايىغىمىزدا
ئاسمان يوقالدى قاراڭغۇلۇقتا. . .

قاراڭغۇ چۈشتى
تورۇك ـ تورۇك،
پىلدىر ـ پىلدىر،
شىلدىر ـ شىلدىر.

قاراڭغۇ چۈشتى
يۇمشاق،
قارا،
يۇمىلاق.

قاراڭغۇ چۈشتى
خۇش پۇراق،
سوغۇق،
پاتقاق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قاپقارا بۇلاقلار
ئۇخچۇپ چىقماقتا،
دېرىزە سىرتىدا.
قاپقارا ئۇ ئۇخلاپ قېلىشتەك،
زىبادۇر ئۇ يالىڭاچلىنىشتەك،
يالتىراق ئۇ شەمشەر ـ قىلىچتەك.
قاپقاراڭغۇلۇق
تونۇمايدۇ ھېچكىمنى ھېچكىم،
ئىسىم ھەتتا ئەمەس ئۆزىنىڭ،
تىرىكلىكى ئۆلۈشتەك غۇۋا.
سۈكۈت خۇددى باشقا بىر ھەرىكەت،
قول بىرىۋىنىڭ قولىدۇر گويا،
قان قان ئەمەس ئۇخشايدۇ سۇغا،
بارچە شەيئى چىلىڭ ساقلانغان سىر
قاتمۇ قات تور تارتىلغان نۇرغا.
كېچە ئەمەس بۇ،
كېتىۋاتقان ئاسماندا غۇۋا
مۆڭگۈزلىرى شاخلىغان بۇغا.
قاراڭغۇلۇق پەرىسى
ئۇخلار قارا پەرەنجىنىڭ ئىچىدە،
ئاپئاق سۈتى جىرتىلداپ تېشىپ
دومىلايدۇ ئەمچەكلىرى ئۇستىدە
تامچە ـ تامچە يۇلتۇزلارغا ئايلىنىپ.

بىز يولتۇزلار ئازغان بىلىنقلار
كىرىپ قالدۇق تورنىڭ قان - قېتىغا.
بىز يولتۇزلار ئەما قىبىلە
پارقىرىغان ئېگىزلىكلەردىن
مىنىپ قالدۇق ئۆلۈم ئېتىغا.
ئاتلار چاپقۇلىغان قارا ئاتلار،
ئاتلار توختاپ قالغان ئاق تېرەكلەر،
ئاتلار ئاپئاق ئاتلار سۆكۈتتىكى،
ئاتلار پوشقۇرماقتا قاپقارا رەڭ.
ئاتلار تويىقىدىن يولتۇز چېچىپ
ئۈستىمىزدە جەڭ قىلىدۇ تون بىلەن
ئاتلار، مەڭگۈلۈكنىڭ ئۆلمەس ئېتى.

ئېگىزلىكتە كېچە ئۆز پېتى،
بەسلەشمەكتە يولتۇزلار بىلەن
ئاپتوبۇسنىڭ مېڭىش سۈرئىتى.

چۆل سەلتەنەتلىك ئىمپېرىيە،
بويسۇندۇرغان يەرلىرى ياتار
كۈن چىقىشتىن، كۈن پېتىشقىچە.
يولۋاس تېرىسىدە ياۋايى خاقان،
شامال يارلىقلارنى ئېلىپ ماڭغان.
يۇلغۇن چېچەكلىرى تاۋار - دۇردۇن
گىياھلار خوتۇن - قىز ئولجا ئالغان.
سەھەردۇر سەھەر
سەھەر كىتابىنىڭ يەنە بىر بېتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قۇياش لەشكەرلىرى سان ـ ساناقسىز
چۆل قىزىللىقتا، ئاقىدۇ قان،
ئۇ گويا ئىمپېرىيە خارابىلاشقان.
ئۇ گويا تاش شەھەر،
قۇشلار سايرايدۇ تاش ئاۋازدا
تاش دەرەخلەر سىلىق، يۇمۇلاق.
جىلغا قىلار تاش چېچەكلىرى
سۈزۈك تاشلار سۈپسۈزۈك بۇلاق.
تاشقا ئايلانغان ھال رەڭ، يەتتە رەڭ
تاشقا ئايلانغان خۇش پۇراق.
تاشلار جىمجىت ئۇسسۇلغا چۈشكەن،
تاش ئۈستىدە تاشلارنىڭ روھى
مۇڭغا پېتىپ ئۇزۇن ئۇزاق
تاش مەرسىيىگە سالىدۇ قۇلاق.
تاشلارنىڭ قاتتىق كۈچىسىدا
ئەرلەر ئازابتىن قېتىپ كەتكەن.
ئايال تاشلار سىلىق، ئوماق،
ئۇنتۇپ ئۆزىنى نەچچە ئەسىر
تۇتۇپ تۇرغۇڭ كېلىدۇ سىلاپ.
ئالدىمىزدا يېيىلغان بىر تاش كىتاب
ئېقىۋاتقان ۋاقىت ئۇنىڭ مەزمۇنى
ئەمالاردەك ۋاراقلايمىز بىز ئۇنى.

ۋاقىت
ئوينىماقتا
يالىڭاچ ئۇسسۇل

ھەۋەسلەرنى ئۇرغۇتۇپ،
قارا يول بىلەن
شىددەتلىك چاق ئارىسىدا،
قۇياش بىلەن جىگدىلەر ئارىسىدا.
قۇياش بىلەن تەن ئارىسىدا
ئىزى، ئىزى، ئىزى
چەكسىز چۆل ـ جەزىرىنىڭ.
ۋاقىت ئۆتمەكتە دېرىزىدىن
سۇزۇكلۇك ئىچرە يېغىلىق،
ياشىيالماي، ئۆلەلمەي بېلىق
پىلتىڭلار، ماكىلدار رىتىملىق.
سۇر كەلمەكتە تەنلەرگە كۆزنەك،
لاپ ئېچىپ يۇمۇلغان كۆزدەك
ئەسىرلەپ ئېيتالمىغان سۆزدەك.
قولۇم شامالنى سىيلىماقتا،
قولۇم شامالنى بويسۇندۇرماقتا.
ئاۋاز بىر پەسىيىپ، بىر ئۆرلەپ
ئاۋاز بىر ئۆچۈپ، بىر ئاڭلىنىپ
شامال مۇرەمدىن سىيرىلماقتا. . .
تۇيغۇمدىكى پارتلاش.
سۆڭەكلىرىمدىكى دۇمباق ئاۋازى.
ياۋايى قەبىلىنىڭ مۇراسىمى.
جىنسىيەت. دىن ھەمدە دەۋرىيلىك.
ۋاقىت ـ دىنىي ئاڭ،
ۋاقىت ـ بېسىلغان شەھۋەت،
قويۇۋەتتى ئۆزىنى ئەر ـ ئاياللار

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەمدى ۋاقىتتا قالمىدى بەربىكەت.
قورىماقتا بۇندا شەھەرلەر
غېرىبلىقتا باشلىدۇق سەپەر.

ئاپتوبۇس يۈرمەكتە
ئالتۇن شولىلىق زېمىن ئۈستىدە
قوم دۆڭلىرى ماگار بىز بىلەن
قىزىل تۆگىلەرنىڭ يۈرۈشىدە.
كۆيمەكتە توغراقلار
قوملار ئۆزىنى سىيلىماقتا،
چەكسىز قوملۇق ئىچ - ئىچىدىن
زەرداپ نېفىتنى يىغلىماقتا.
يىغلىما دوستۇم
توغراقلارنىڭ يېشىل تۇغلىرى
ئۈستىمىزدە تۇرسا لەپىلدەپ.
بىز ياشايمىز تەبىئەت بىلەن
بىز توغراقتەك تۇرىمىز كۆكلەپ.

تۆگىمەس يول
تەنھالىق يولى،
يول بىر جۇملە خەت زېمىندىكى،
ئاي كۇمۇش پەش، كۈن ئالتۇن چېكىت.
ئۇيغۇر تىلى ئورماندۇر جىمجىت،
بىر - بىرىدىن شېرىن مېۋىلەر
قول تەگمىگەن ياۋا چېچەكلەر
جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ ئۇندا.

ئۇ تەنها قوش ئانا زېمىندا
قانات كېرىپ ئايلىنىپ يۈرگەن،
يات تويۇلۇپ ئۆزىگە بەزەن
ئىزدەۋاتقان ئۆز پەرۋازىنى.
ئېقىن سۇلار دورىماق بولار،
ئۇنىڭ گۈزەل، پاك ئاۋازىنى،
مۇڭلۇق ھەمدە شوخ ھالىتىنى.
شەھەرلەردە يات – يوچۇن ئادەت
مۇزدەك چاقناپ تۇرغان سانائەت،
ھەم ناتونۇش كىشىلەر توپى،
ئۇ كوچىدا يۈرەر تەمتىرەپ.
ئۇيغۇر تىلى
ئاغزىمىزدا ئاق كەپتەرلەردەك
جۇلالىنىپ تۇرغان گۆھەردەك
يىپەكتەك ۋە شارقىراتمىدەك
يېتىپ بارار يىراق – يىراققا.
ساقلار بىزنىڭ غۇرۇرىمىزنى
سالار دەردكە، ئىشقى – پىراققا.
ئىپادىلەيدۇ ئۇ سۇكۇناتنى،
غايىب دۇنيانى، سىر تىلسىماتنى؛
«ئاۋىستا»①نى،
مانىنىڭ دۇئالىرىنى،
تەپسىرلەنگەن نوم يىلتىزىنى،
ئىستىقامەت قىلىپ ئولتۇرغان
بۇددىستلارنىڭ يوقىلىشىنى،

① ئاۋىستا — مانى دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com



نىرۋاناغا يېتىپ مەڭگۈلۈك.
ئىرۇسالىم پۇقرالىرىغا
سۆزلەۋاتقان ئەيسانى كۆلۈپ.
قولىقىغا رەسۇللانىڭ
جىبرائىلنىڭ شىۋىرلىشىنى،
ئۇپۇقىمىزدا جىمىرلىشىنى
ئىسلام نۇرىنىڭ،
ئىپادىلىمەكتە —
ئۇيغۇر تىلى.

ھاۋادا ھېچكىم يوق.
ماڭماقتا ئاپتوبۇس،
ھاۋادا ھېچكىم يوق.
قوياش كۆيدۈرمەكتە،
نۇتۇق سۆزلىمەكتە —
قوياش.
بەزىدە خاتا ئاڭلايمىز،
سۆزلەپ ئۆز سۆزىمىزنى.
«قۇرئان» ئوقۇۋېتىپمۇ
يۇمۇۋالغاندەك كۆزىمىزنى.
نەگە ماڭدۇق، بىز قەيەردە
يېنىمدىكىلەر ئۇيقۇغا كەتكەن.
ھاۋادا ھېچكىم يوق
مۆجىزە يۈز بەرمەكتە
يېنىمدىكىلەر ئۇيقۇغا كەتكەن.

ئۇيقۇ دەرەخلەردە
مېۋىلىرى سۇتلۇك، غۇۋا.
ئۇيقۇ تارقىلىۋاتقان سېھىر
ئاستا ـ ئاستا قالىمىز قېتىپ.
ئۇيقۇ ئۆلۈم شەھىرى
دەرۋازىسىدىن بىلمەستىن كىرىپ
چىقىمىز ئەرۋاھلارغا ئايلىنىپ.
شەھەرلەر سالدۇق ئۇيقۇ ئىچىدە،
ئايرىلىپ قالدۇق ئۇيقۇ ئىچىدە،
ئالدۇق، تونۇلدۇق ئۇيقۇ ئىچىدە،
كەتتۇق، ھالاك بولدۇق ئۇيقۇ ئىچىدە.
يېدۇق،
ئىچتۇق،
ياشىدۇق،
ئۇيقۇ ئىچىدە.
كەتتى،
ئۆچتى،
تۈگىدى،
بىز نېمە قىلدۇق؟

ئالماشماقتا
مەشرىق مەغرىبكە،
شامال قۇياشقا،
سۇ تاشقا،
بۇ شەھەر ئۇ شەھەرگە،
بۇ ئېرىق ئۇ ئېرىققا،

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com



بۇ ئادەم ئۇ ئادەمگە،
ئادەم تۇپراققا،
تۇپراق ئاسمانغا،
ئاسمان يوقلۇققا.

ئەي، قوڭغۇر تۇپراق
سەندىن كەلدۇق
سۆيىمىز سېنى!

(2)

بۇ سەپەرنىڭ ئىسمى:
سېنى ئاشىقلاردەك ئۇزاتتىم
مېنى پەيغەمبەردەك كۈت.

تېنىم سەپەردە
تېنىڭ سۇكۇت.

خېتىڭ تەگدى،
چەكسىز قەغەزدە
ئەرەب دېڭىزى ئاپئاق چايقىلار،
ھاياجان كۆك رەڭدە ۋە قارا رەڭدە
ھەرپلەردۇر ئۇچۇپ يۈرگەن چايكىلار.
قوللىرىم قىرغاق،
قۇچاقلىرىڭ دولقۇنلايدۇ.
قۇچاقلىدىم يىراق ـ يىراق،

ئارىمىزدا چوڭقۇر پىراق،
ئارىمىزدا دېڭىز تەشنالىق.
ئەمشام پايانسىز چايقىلىپ ياتار
قىزلىقنىڭ چىمىرلىغان دېڭىز سۈكۈتى،
دولقۇنلاردىن ۋۇجۇدۇم ھۆل،
كارۋىتىمدا دېڭىزنىڭ چۈشى.
كېچىلەردە غېرىبلىق چەكسىز
يۇتۇۋېتەر يالماپ ئۆي مېنى.
يېنىم مۇزدەك، يۈرىكىم مۇزدەك
«ياستۇقۇمنىڭ ئارتۇق يېرىمى».
ئويغىنىمەن تەكلىماكان قۇملۇقىدەك
قېززىپ، ئېچىرقاپ، ئۆز ـ ئۆزۈمنى يەپ.
قارايمەن ھەريانغا ئۇرنۇڭ بوش تۇرغان
تۇرمۇشۇمنى ۋاقىت قۇمغا توشقۇزغان. .

تەن سەپىرى
ئوقۇش سەپىرى،
خۇددى ئەمالارنىڭ يول مېڭىشىدەك،
خۇددى بەدەنلەردە قول مېڭىشىدەك.

سۆزلەشكەندە بوران بىلەن ئوت،
كۆن بىلەن دېڭىز،
روھ بىلەن تەن،
بىر قولىدا ئۆرۈمچى
بىر قولىدا ئەل ئەيىن
ئاۋاز تىڭشاش پەرىشتىسىنىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جۇپلەشكەندە تېلېفوندا لېۋىمىز
توختاپ قالار ئەتراپ چىپپىدە،
لېۋىڭ غايىب بولار گىلاستەك،
قولۇم غايىب بولار تېنىڭدە.
ئاندىن ئۈچۈپ كېتەر پۈررىدە
ئاۋاز تىڭشىغۇچى مالائىكە ۋە
بىخىرامان دانلاۋاتقان
ئاۋازلارنىڭ ئۇماق كەپتىرى. . .

ئىسمىڭ بولاق ــ
بولدۇقلاپ چىققان،
ھەر نەرسىدىن قولۇم تەگكەن
ۋە ھەريەردىن قەدىمىم يەتكەن.
ئىسمىڭ ئۇزۇم ــ
ساڭگىلاپ تۇرغان تىل بېغىمدا.
ئىسمىڭ ــ پەرىشتىدۇر
ئەخلاقىمنى قوغدىغۇچى،
كوچا ــ كويغا چىققان چېغىمدا.
ئىسمىڭ گۈزەل ھەسەل ھەرىسى
شىرنە يىغار ۋاقىت بېغىمدا.
ئىسمىڭ چىقار چىقسام مۇنچىدىن،
ئىسمىڭ كىرەر كىرسەم ياتاققا.
ئۇخلاپ قالار ئىسمىڭ تۈنلەردە
مەندىن بۇرۇن چىقىپ كارىۋاتقا.
تاڭ ئاتقاندا

ئۇيغىنار ئىسمىڭ
سان ـ ساناقسىز مامكاپلاردەك.

(3)

بىر كوزا قىزىل يۇلتۇزنى
چوقۇماقتا ھەيۋەتلىك خوراز.

بورانلىق تەن،
تەن ئۈستىدە پۇرۇقلىغان ماگما ئىغىزى،
مەجنۇنتال چىشلەر سايراپ ئۆز چىچىنى.
كرىستال: پۇت قوللارنىڭ ھەرىكەت ئىزى،
ۋارقىرا! قومۇرۇلسۇن سۆز يىلتىزى.
ساراڭ بول، ھۇررا ساراڭ! ياشا ساراڭ !
ئاتلارنى بوشىتىڭلار توسۇن ـ توسۇن.
تىقىڭلار نەيزىلەرنى چىڭ پاتۇرۇپ
بېسىپ كىر، ئەي قۇدرەتلىك بۈيۈك قوشۇن!

تەن سەپرى ـ ھەربىي يۈرۈشتۇر
تېرىلەرنىڭ ئاستىدا ۋە ئۈستىدە.

ئاياللار دۆلىتى
ئاتلانماقتا
پىللارغا مىنىپ.
ھەر ئىككى تەرەپ يېڭىلگەن،
ھەر ئىككى تەرەپ يەڭگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچچى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



شىددەتلىك قانلىق جەڭ،
بىر جەڭ، توققۇزى رەڭ.
رەڭلەر قويۇنى يېنىمىزدا،
مورلايدۇ، چىشلەيدۇ، چىچاڭلايدۇ
ئۆلۈم چاقماق چاقار قېنىمىزدا
يېقىملىق بۇ ئاۋازنى كىم ئاڭلايدۇ؟
تېڭشىماڭلار بىلجىرلىسا بىلجىرلىسۇن،
توسماڭلار نېمە قىلسا شۇنى قىلسۇن.
توشقانلار ئاپئاق ـ ئاپئاق، توكى يۇمشاق
پۇتى ئوماق،
ئېچىلىش ئوماق،
تېمىۋاتقان تەر چېچەكلىرى
ھەمدە بىر جۈپ قوڭغۇراق
بوغۇزىدا يالقۇن لەھەڭنىڭ...

ئەي، خانىش
بۇ شەھەرگە كەل،
كۆچىتۆڭگۈر بىر قالپاقلىق پالۋان
سېنىڭ تەنتەنىلىك تەبرىكنامەڭنى
غالجىرلارچە ئوقۇشقا تەييارلانغان.
قوللىرىم ـ يۇگرۇپ يۇرگەن جاكاچى،
تېرىلىرىم ـ كۆلۈمسىرەپ تۇرغان
گاچا ئۇسۇلچى،
نېرۋىلىرىم ـ ئېتىلىۋاتقان ھۆرمەت توپى.
ئىدىيەم ياتلارنىڭ تارمار بولغان قوشۇنىدەك
ئەيىۋھانناس، ئۆلمەكتە بىر ـ بىرلەپ..

كېچە ئۆزىنىڭ ھەشەمىتىنى، ھەسرىتىنى، تارىخىنى
تېرەڭنىڭ ئاستىدىكى قۇمغا يوشۇرۇنغان.
قۇملۇق ئېچىلماقتا مەخپىيەتلىگەندەك
بايلىقىنى، كۈچ - قۇدرىتىنى، غېرىبلىقىنىگەندەك.
تەن ئۆزىنى ئىزدەۋاتقان،
تەن ئۆزىنى ئويلىنىۋاتقان،
تەن روھىدا سۆكۈتكە پاتقان.
بۈيۈك ھەمدە خارلانغان تەن،
ئىگىلەنگەن بىراق تىنچلانماس تەن،
تەن - تارىلىرى تەڭشەلگەن دۇتتار،
ھەۋەسلەر چەكمەكتە، چالماقتا
تارقالغىنى جان ئالغۇر ناۋا.
تەن قەبىلە ئاقساقىلىنى تىزلاندۇرماقتا،
تەن ئايال پىرخۇنىنى پىر ئويناتماقتا.
تەن شاراپ ئىلاھىنىڭ ۋالىلدىغان قانىتىنى
ئېگىز، سۈزۈك ئاپقۇرلارغا ئېرىتىۋەتتى.
توشتى، لېكىن خۇماردىن چىقمىدۇق،
تۈگىدى، بىراق يەنە قانمىدۇق.

تەن كۆكىدە ساقىماقتا يۇلتۇزلار،
ئاياللارغۇ كېچىنى ئاۋاتلاشتۇرغان؟
ئاياللارغۇ كارىۋاتلاردا سۇ شەھىرلەرنى
قۇرغان، ۋەيران قىلغان، قايتا قۇرغان.
تەن زۇمرەتتەك پاكىز كېچىنى
گۆللۈك چىتقا ئايلاندۇرۇۋەتتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاستىمىزغا كىرلىك قىلىپ سېلىنغان،
تەر چېپىلداپ مەينەت قىلىنغان.
بىراق بىز ئەبەدىي بۇلغانمايمىز
گويا ئىبادەتخانىلاردەك
پاكىز مۇقەددەس بىز.

ئەي ئەخمەقلەر، ھېچنېمە يوق ئۇ يەردە،
ئەي ئىچى قۇرۇقلار، ئۇلۇۋاتقانلار، ئىزدەۋاتقانلار
بىز ئۇ يەردە،
كېلىپ بىزنى سۆيۈڭلار!
ئەي ئادەملەر قېنى كۆزۈڭلار؟
تۆگە ئىزدەپ ماڭدىڭلارمۇ تۆگىلىك،
ئاستىڭلاردا تۆگىلەرنىڭ ئۆركىشى
ئۆركىشىدىن ئۇنى كۆرۈڭلار!
ئۆركەشلىگەن ئەمچەكلەرنىڭ ئۈستىدە
ئۆرۈپ - چىقىپ ئۇ قەدىمىي قەپەسنى
سوزۇك پەرۋاز قىلىۋاتقان تېنىمىز.
كۆتۈرۈلگەن ئەمچەكلەرنىڭ ئۈستىدە
ئەل ئېھرامىنى سىيلاۋاتقان قولىمىز.
تىكلەنمەكتە قايتا بابىل مۇنارى.
قىيا تاشتا قېپيالىڭاچ رەسىملەر
جىلغىلاردا ئىڭراۋاتقان ئاۋازى،
سۇ ئۇلارنىڭ ئۈزۈلمەس شۇ ئاۋازى.
دەقىقىدە، مەڭگۈلۈكتە ئېقىۋاتقان قېنىمىز،
دەقىقىدە، مەڭگۈلۈكتە چاقناپ ئۆچكەن جېنىمىز،
مۆجىزىلەر غايىب بولدى، غايىب بولدۇق قېنى بىز؟

ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت جىنى بىلەن ئىپادىلەنگەن
ئەڭ يۇقىرى جىنسىي پەللە ئۆلۈم بىلەن خاتىمىلەنگەن
بۇنداق ئاخىرلىششىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيمەن،
ئەي، بابىل دۆلىتىنىڭ پۇقرالىرى.
بۇنداق كۆمۈلۈشنىڭ جەريانىنى بىلمەيمەن،
ئەي، تەكلىماكان شەھەر خارابىلىرى.
مەن گويا باشقا بىر زاماندىكى باشقا بىر تۇيغۇدىكى باشقا ئادەم
شۇنىڭ ئۈچۈن چۈچۈمەكتىمەن، ئەي، يالىڭاچ تام رەسىملىرى.
ئۇلار، تېنىڭ قۇياشتەك تەبەسسۇم قىلماقتا، تېنىم كىيىم ئىچىدە دولقۇنلىماقتا،
كىم ئۇ بىزنى ئۆيلەردە ۋە كوچىلاردا كېچىلەرگە مەجبۇرلاۋاتقان؟
كىم ئۇ يوشۇرۇن ئېڭىمىزغا ھۆكۈمران بولۇپ،
بىز سەۋەبسىز، ئۈن ـ تىنسىز گۇناھقا پاتقان؟
بولدى بەس، چۈشەندۈرمەڭلار،
پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ ئەخلاقنى ھەممە
ئاقلاش، ئىزاھلاش، سۆكۈش ھەمدە.
چۈنكى بىز ھالاك بولغانلارنىڭ ئەۋلادلىرى،
چۈنكى بىز شەھۋەت توپىنىدىن قۇتۇلغانلار،
چۈنكى بىز تارىخنى يۇتۇۋالغانلار...

ئاڭنىڭ چوڭقۇر ئەينىكىدە
ئەكس ئەتكەن ۋەھىمىلىك ئىز.
ئەينەكلەرنىڭ ئارقىسىدا بىز
ئۆلمەكتىمىز، تۇغۇلماقتىمىز.

پۈتلىرىڭ ئارىسىدا
قىزىل قارلىغاچ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەم يالقۇن،
پاك نېلۇپەر.
سۈپسۈزۈك مەستلىك
نېرۋىلىرىمدا يۈگۈرۈپ يۈرەر،
غالجىرلاشقان مەرمەر تاشتەك
ئەيزىسىنى پۇلاڭلىتىپ قۇياشتەك.
ۋاقىت ئىللىپىسىمان،
قاغىلار ئۇچار
تۈن قاغىلىرى
ئىسسىق چوقۇپ
مەخمەل پەردەڭنى.
ۋاقىت كېرىلمەكتە،
قۇدۇقتا ئاي
ئاي ئىتلىرى
غاجار توختىماي.
تەن ئىشىكى ئېچىلغان
ۋاقىت كىرمەكتە، چىقماقتا.
چاچلىرىڭدا كېچە
ئاۋازىڭدا يۇلتۇزلار،
تاپىنىڭدىن چوققاڭغىچە
ۋىلىقلىغان بۇلاقلار
سۇغارماقتا تېرەمنى.
ۋاقىت ئۆلمەكتە
كارۋات يېنىدا.

ساڭا ئاشىقمەن ئۆلۈم ئىگىسى،

شۇنىڭ ئۈچۈن ناتىۋانلىقىم
شۇنىڭ ئۈچۈن مىننەتدارلىقىم.
بۈيۈكلۈكۈم، سىرىم، بارلىقىم
قەپەستىكى سۈدەك ئاقماقتا،
ساڭا .
لەۋلەر ـ لەۋلەرگە ھىم چاپلاشقان،
سۆڭەكلەر سۆڭەكلەرنى چاقناتقان.
ئېقىۋاتىمەن، كۆيۈۋاتىمەن، ياڭراۋاتىمەن
تەن ئاخىرلاشقان ئاشۇ يەردە سەن.
ئەي، ئۆلۈم ئىگىسى سەن ئاشۇ يەردە،
يۈزۈڭدىن كۆتۈرۈلۈپ نۇرلۇق پەردە،
كۆرۈنەر رۇخسارىڭ، قىلىمەن سەجدە.
سەن ۋاقىتنىڭ ھۆكۈمرانى،
سەن ئالەمنىڭ سۇلتانى،
سەن مېنىڭ ئىگەم،
سېنى كۆرمەككە پېقىر يوق بولدى،
تەن ئەينىكىدە مەن ئۆزۈم يوق.
مەستخۇشلۇق ئىلكىدە كۆزۈم يۇمۇلدى
سېنى كۆرەلىگۈدەك مېنىڭ كۆزۈم يوق.
سېنى ئىپادىلەشتە تىلسىزمەن ھامان،
سۆزلەر يوقىلىپ تاۋۇشلار قالغان
مەنە يوقىلىپ جىمجىتلىق قالغان.
تەن ئۈستىدە يوقالماقتىمەن،
باشلانماقتا تارىخ قايتىدىن.
ۋەھىي بىلەن تۇغۇلماقتا دىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئىبادەتخانىدا سۈكۈتتىمەن
پېقىر سىرلىق، ئۇلۇغۋار ۋاسىتە
تىڭشاڭلار كېلىپ مېنى ئادەملەر!

ئاشۇ يەردە
بەرمەكتىمەن بېشارەت
تۇغۇلۇشتىن، ئۆلۈشتىن.
دەم تارتماقتا دېڭىزلىك
سۇ ئاستىغا چۆكمەكتە تېنىم،
ھاياتلىق توپان ئىچىدە.
ئاشۇ يەردە ئاچقۇزدى شەيتان
گەۋرەتلىرىنى،
ئېزىپ كەتتى ئەر - ئايال بىللە،
جىنسىيەت دەرىخىدە شېرىن مېۋە.
ئاشۇ يەردە باشلانغان جەننەت
ئاشۇ يەردىن قوغلاندى ئىنسان
ئاشۇ يەردە دوزاخ ھالاكەت.
بەرمەكتىمەن بېشارەت،
ۋاقىت ئەمدى باشقا بىر ھالەت
يىللار بىزگە خۇددى دەقىقە
زامان يوقتۇر ئەمدى بۇ يەردە.
بەرمەكتىمەن بېشارەت،
جان ئالغۇچى بىر قارا ئۆڭكۈر
دەم تارتماقتا يېقىندىن بىزنى،
يىراقلاردىن يەرشارىمىزنى.

بەرمەكتىمەن بېشارەت
ئەي ئىنسانىيەت!

تەن سەپىرى يوقلۇقتا سەپەر
ئالەم بىلەن تەن ئارىسىدا.

شەھۋىتىم ئايلانماقتا تېنىمنى
تېنىمۇ ئايلانماقتا قۇياشنى
قۇياش ئايلانماقتا سامان يولىنى،
سامان يولى يېقىنلاپ قالغان
ئالەمنىڭ قارا ئۆڭكۈرگە.
شەھۋىتىم ئۆرلىمەكتە ئۈستۈنگە
ئارىدا ۋاستە يوق، بىۋاستە مەن.
شەھۋىتىم تارقالماقتا لەھزىلەرگە
ھەر لەھزەم شۇنچە بۈيۈك، شۇنچە تىرەن،
ئۇ تۇتاشقان مەڭگۈلۈك بىلەن.
چۆكۈپ ھەر لەھزىگە پارلىماقتىمەن
ئىبادەتخانىدا، كەڭ ئالەمدە مەن،
ئىستىقامەتتە بۇ راھەتلىك تەن،
بىھەۋەس، تىپتىنچ، يوپيورۇق.
قۇتۇلدۇم شەكىللەردىن ئەي ئىگەم،
كۆڭلۈم ئادالاندى ساپ تولۇق.
سېنىڭ كەلمىكىڭ كەتمەككە ئوخشاش،
سېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭ بەجايىكى يوق.
ئەزەلدىن بارسەن،
ھەم يورۇق سەن، ھەم قاراڭغۇلۇق.

بولغاندا مەن قەدەھتەك قۇرۇق
مەيسەن ئۆزۈڭ كېلىپ تولغۇچى.
تۇرمۇشتىكى بۇ كىچىك كاللام
پارقىراپ تۇرغان بىر تامچە سۇ،
ئەي، ئوكيان سېنى سىغدۇرالماس ئۇ
جىنچىراغ مەن لىپىلداپ تۇرغان،
سەن چېكى يوق زور قاراڭغۇلۇق،
مەن تەلتۆكۈس ئۆچمەستىن تۇرۇپ
كۆرەي سېنى قانداقمۇ تولۇق؟
ئادەملەر ئارىسىدا مەن تەنها ئادەم،
لېكىن بىللە دائىم سەن بىلەن.
سەن بىلەن ماڭىمەن، كۆرمەس ھېچ كىشى
سەن بىلەن ياشايمەن، سەزمەس ھېچ كىشى.
يوقىلىمەن ئەگىشىپ ساڭا.
سۆزلەيسەن ئىشخانىدا، ياتاقتا ماڭا
يېنىمدا كىشىلەر، ئىشتمەس ھېچ كىشى.
تەنھالىق ساڭا قىلغان ئىبادەتىمدۇر،
تەنھالىق ئىككىمىزنىڭ نەپەس ئېلىشى.
بۇ يەردە، بۇ كارىۋاتتا، بۇ مىنۇتتا
يالغۇزمەن تېنىڭ يوق،
كۆزۈڭ يوق، قۇلىقىڭ يوق، ئاغزىڭ يوق،
كۆرىسەن، ئاڭلايسەن، سۆزلەيسەن تولۇق.
مېنىڭ ئەمەس بۇ قول،
بۇ كۆز،
بۇ قۇلاق،

ئەسلىدە يوق ئىدىم ئەمدى مەن يوق.

تەن سەپىرى
مۇقەددەس سەپەر
رەببىڭنى كۆر! تىڭشا ۋەھيىنى!

تېنىم كېچە مەھكەم تاقالغان،
كۆكرىكىڭدىن بىر جۈپ نۇر ئوقى
تېشىپ ئۆتتى چەكسىز كېچىنى.

ئەي، ئۇلۇغ سۇ باش ـ ئاخىر يوق
ساڭا چۆمۈلدۇق سېنى بىلمەيمىز.
بىز ئاق كەپتەر، جان تېنىمىز سەن
بويۇن سوزۇپ سېنى ئىزدەيمىز.
قەسىر سېنىڭ كاللىمىزدىكى
كىرىشالدۇق ئۆزىمىز بىراق.
توشۇپ كەتتۇق قاراڭغۇلۇققا
تېنىمىزدە نۇرسا بىر چىراغ.
سۆزگە سىغماس سەندىكى مەنە
دەپ بولغان سۆز ئۇلۇككە ھېساب.
ئەمدى قانداق مەنە بىرەرىمىز
ئەي، تەپسىرى ئېيتىلغان كىتاب؟
سەن تىرىكسەن، مەڭگۈ تىرىكسەن
ھەر زامانغا سۆزلەيسەن يېڭى.
سېنىڭ سىرىڭ مەڭگۈلۈك پاك سىر،
بىز تۇيغۇدا، تۇيغۇمىز قېنى؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىچ – ئىچىمدىن خۇشاللىق ئەنە،
مىننەتدارلىق، شۇكرى، تەنتەنە.
تۇيغۇم يېڭى ھەر دەقىقىدە
ھەر شەيئىدە يېپيېڭى مەنە.
بۇ كۆنلەر بۇ كۆنلەر ئەمەس،
بۇ كۆنلەردە مەن مېنىڭ ئەمەس،
تۇتقانلىرىم ساز، نەرسە ئەمەس.
بارماقلىرىمدا يېنىك مۇزىكا،
مېنى چالماقتا، چېلىنۋاتقان كىم؟
ئېقىپ كىرمەكتە شىلدىرلاپ ئاستا
مېنى غەرق قىلىنۋاتقان كىم؟
ئەي ساقى، مەن كۆتۈرەلمىدىم،
تېشىپ كەتتى تېنىم پىيالەم،
كۆزۈمنى يۇمدۇم، يۇمۇلدى دۇنيا،
كۆزۈمنى ئاچتىم، ئاچتى يوق ئادەم.
كىرىپ كەتتىم چەكسىز لەززەتكە،
بالىياتقۇغا ئايلاندى ئالەم. . .
پەيغەمبەر
مىڭ يىلغا تەڭ بىر لەھزىدە
كۆتۈرۈلدى روھىي ئالەمگە.

پەيغەمبەر
چىپ – چىپ تەرلىمەكتە،
ۋەھىي كەلمەكتە.

«. . . ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى چىرايلىق بولۇپ

يۇقىرى ئۇپۇقتا تۇردى.
ئاندىن ئۇ ئاستا ـ ئاستا يېقىنلىشىپ
تۆۋەنگە ساڭگىلىدى.
ئۇ ئىككى پاچاق مىقدارى
ياكى ئۇنىڭسىمۇ يېقىنراق يېقىنلاشتى..»

پەيغەمبەر
كۆردى،
ئاخىرلاشتى.

**(4)**

پاتتى قۇياش تەن ئۇپۇقىغا
توشتى زامان قالمىدى پۇرسەت.
ئاخىر قايتىپ كەلدۇق ئىنسانلار
ئاچ ئىشىكنى چەكلەنگەن شەھۋەت!
ھېچنەرسىدە قالمىدى لەززەت،
قالمىدى سىر ياكى كارامەت
نىقابىڭنى ئاچ مەدەنىيەت!
كوچىلارغا پاتماس ئادەملەر
ئۆي ـ ئۆيلەردە، ئاپتوبۇستا لىق.
يەر يۈزىگە سىغماي شەھەرلەر
كۆچتى سۇ ۋە يەر ئاستىغا زىق.
ئادەملەر كۆپ، ئادەم يېگانە
قىلغىنى ئىش ئەمەس غېرىبلىق.
ئادەم يېنىپ تۇرغان بىر چىراغ

پۈۋلىمەكتە ئۆزىنى بىراق.
ئادەم بىر توپ ئادەملەر بىلەن
ھەر بىر ئادەم ئۆزىدىن يىراق،
ئۆزىدىكى قاغجىراش پەقەت.
ئىنسانلارنىڭ ئاخىرقى نۇرى
يېنىپ تۇرار كۆزلەردىن شەھۋەت.
تىرىكلەرگە ماكان يوق بۇندا
ئىگىلەنگەن ئۆلۈك رەسمىيەت.
بۈيۈك قىممەت قۇربان قىلىنغان
ئەڭ ئەرزىمەس نەرسىلەرنى دەپ.
ئادەملەرنى قويىمىز نەگە
ئىشلەنمەكتە ماددا تۆپىلەپ.
نەشرىياتلار ئەسەبىيلەشكەن
ئۆچۈۋاتقان كىتابلاردىن خەت.
قوغلاشماقتا ئۆلۈم سۈرىتى
غالجىرلاشقان بۇ مەدەنىيەت.
ئادەم ئۆلدى، قاراپ بېقىڭلار
ئۆلمەكتە بىر ۋاستىغا مەقسەت،
ئۆلمەكتىمىز، ھەي ئىنسانىيەت!

مانا ئەمدى قالمىدى ئادەم
قالغىنى تەن ۋە ئادەتلىنىش.
قالدى بىزگە ئەرزىمەس تۇرمۇش
سوغ، چۈپرەندە، زېرىكىشلىك ئىش.

مانا ئەمدى قالمىدى مەنە

كەتتىڭ بۇ دۇنيا چۆلدەرەپ،
ئۈستىمىزدە ئاسمان قۇپقۇرۇق،
زېمىن مەۋجۇت مەنىسىز سوغۇق،
مۇمكىن ئەمەس مەۋجۇتلۇق، يوقلۇق
مۆجىزىسىز قالغاندا ئالەم.
مۆجىزىدۇر ھەر بىر دەقىقە
بولسىلا بىر سەزگۈدەك ئادەم.
مۆجىزىسىز قالغاندا ئالەم
ئاجىز، يالغۇز، خۇداسىز ئادەم
مۆجىزىسىز قالغاندا ئادەم
دىن بولمايدۇ، قالغىنى ئادەت،
ئۇ زاماننىڭ ئاخىرلاشقىنى
ئۇ يېقىنلاپ قالغان قىيامەت.

ئالدىرايمىز
يوقتۇر ۋاقتىمىز.

ئەي دۇكانچى، قورقۇۋاتامسەن؟
پەشتاختاڭدا ھەممە مال تولۇق،
سەۋەب نېمە ئەمدى ۋاقىت يوق.
ئەي خېرىدار، ئالدىڭ ھەممىنى
بىراق ئىچىڭ تۇرار قۇپقۇرۇق،
سەۋەبى نېمە؟ ئەمدى ۋاقىت يوق.

ئەي مۇخبىرلار، يازدىڭلار تولۇق
ھادىسىنى مەنىسىز قۇرۇق،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ماھىيەتچۇ؟ ئەمدى ۋاقىت يوق.

ئەي ئىنسانلار، نېمە بۇ زېمىن؟
بۇ پايانسىز ئىبادەتخانا،
بىلمىدىڭلار ئۇ كىم، بىزلەر كىم،
ئىستىغپارغا ئەمدى ۋاقىت يوق.

ئەي ئۇلۇغ قاتىل، قورقۇۋاتامسەن؟
ئەي ئۇلۇغ ئۆلۈك، قورقۇۋاتامسەن؟
ئۆلۈش شەكىل، سەن تىرىك ئىسەن،
تۇرغىن! ساڭا ئەمدى ۋاقىت يوق.

ئەي پەيلاسوپ، چەكتىك كۆپ جاپا،
ئىنسانلارغا ئىزدەپ باشپاناھ،
ئۆزۈڭگىچۇ؟ ئەمدى ۋاقىت يوق.

ئەي ئالىملار، قېنى مەرھەمەت
بىلگىنىڭلار شۇنچىلىك پەقەت،
ۋاقىت چەكتۇر، ئەمدى ۋاقىت يوق.
ئەمدى
ۋاقىت
يوق.

## كېسىۋېتىلگەن تاغ تېرەكلىرى

تاغ تېرىكى ـ تاغ تېرىكى
يېشىل ـ يېشىل سايىسىدە
جانىنىڭ چېچىكى.
سوقۇشتىن توختاپ ئىسسىق يۈرىكى
ياتىدۇ قارامايغا يېقىپ يۈزىنى
يول بويىدىكى ئالتە توپ تېرەك.
كېڭەيمەكتە شەھەر تىنىمسىز
سىل كېسەلنىڭ ئۆپكىسىدەك.

يامغۇردا ئېرىۋاتقان مەسچىت تېمى
پاتقاقتا جەزبىدار سېرىق چېچەك،
يۈگۈرمەكتە پۇلنىڭ ئەرۋاھى
يېرىم سېلىنغان كىيىم ـ كېچەك.

كېسىلىپ دەرەخلەر ئاقتى يېشىل قان،
قۇرۇماقتا شەھەر بىپايان.

سېلىنماقتا ئېگىز بىنالار
ئەڭ ئېگىزى بابىل مۇنارى.

كېسىۋېتىلدى ئالتە توپ دەرەخ،
ئۆزى بىلگەنچە قىلىدۇ ئادەم،
ئۆزى جىمجىت كۆزىتەر ئالەم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## تورتخانىدا

بىز كۆرۈشتۇق ئىككى بىلىقتەك،
تور ئىچىدە چىرايلىرىمىز.
دولقۇنلىنىپ تۇرغان شەھەردە
چوڭقۇرىدىن پەرىشانلىقىنىڭ
ئۆزىمىزنى سۇزدۇق ئۆزىمىز.

سۇت بۇيرۇتتۇق ئىككى قەدەھ سۇت.
قىيتىق بولۇپ ئۇيىدى سۇكۇت
بىز بىر ئالتۇن ئوردىدىن چىقىپ
كەلگۈچە بۇ تاش سۇلالىگە.

مۇلازىم قىز، ۋاقىت ئەركىنلىك
يېنىمىزدا ئاققان يېشىل سۇ. . .

ئۆلۈمىمىز شۇ:
قۇياش پاتتى بالىياتقۇغا
يوقالماقتا غەربتىن مەنە.
ئازابىنىمۇ سۆيدۇق بىز بۇندا
كاھىنلارچە قىلىپ تەنتەنە.

مىس تەڭگىدەك جەنۇبنىڭ ھىدى
ئۇرۇلغاندا دىمىغىمىزغا
بار قاغجىراش بولار بىزگە جەم.
ئېقىپ كىردى قويۇق بىر گۈگۈم
سۈت ئىچىگە ئىچىمىزگە ھەم.

كەڭ دېڭىزغا تور تاشلاپ گويا
ئۆزىمىزنى سۈزدۇق ئۆزىمىز.

تۆگىگەندە سۆزىمىز
تەخسىلەردە ئېشىپ قالغىنى
رېئاللىقنىڭ قۇرۇق سۆڭىكى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# تۇغۇلغان كۈنۈڭ

تۇغۇلغان كۈنۈڭ
شېرىن مەخپىيەت،
ئانار ئىچىدە.
ساپاق ـ ساپاق پىشقان كېچىدە.
زۇمرەت تولغان سۈنىڭ ئاغزىدا.
شەپەق قونغان ئورمانزاردىكى
ئاھۇلىرىم چۆچۈتكەن
شامالارنىڭ قوڭغۇرىقىدا.

تۇغۇلغان كۈنۈڭ ھاياجانلىق خەت،
ئەھمىيەتسىز ئاددىي كۈنلەردە
ھاياتىمغا يوللار مۇھەببەت.

قار ئۈستىدە يالقۇنلىماقتا
بۇ پاك، يىراق 11 ـ ئاي.
كۆلگە تولدى نىكاھ باغلىرى
مېۋە بەردۇق، مېۋىمىز بىر ئاي.
قۇتلۇقلىسام مەن سېنى بۈگۈن
ئۇ بۆشۈكتە پىلتىڭلار تىنماي.
شېئىر ئوقۇپ بەرسەم سەن ئۈچۈن
گۈڭراپ كېتەر خۇشلۇقى سىغماي.

سالام ئاپا دەيدۇ زىننىقى
مەڭزىگە قوش يۇلتۇزدەك تولۇپ.

سالام ئاپا دەيدۇ بارمىقى
بارمىقىڭنى ئۇتماقچى بولۇپ.
بوغۇم - بوغۇم كىچىك پۇتلىرى
سالام دەيدۇ ئويناقلاپ تۇرۇپ.

دەل - دەرەخلەر باغچىدا بۈگۈن
كۆيۈۋاتقان قاتار، ئاپئاق شام.
ئۇرۇمچىنىڭ كوچىلىرىدا
ئاي شولىسى قىلماقتا بايرام.
تۇغۇلغان كۈن تورتى ئاپئاق قار
تۇغۇلغان كۈن ناخشىسى - ناخشام.
ئەلئەيىندە زۇمرەت يۇلتۇزلار
زۇمرەت ئۇسسۇل ئوينار بۇ ئاخشام.

خوراز چىللاپ قۇستى سەھەرنى
قۇياش - ئەتىرگۈلۈڭ مەلىكەم.
ئاپئاق تۇزلار قىلماقتا بايرام
مەۋجۇتلۇقۇڭ تورمۇشۇمغا تەم.

تەبرىكلەيمەن سېنى يىراقتىن
قاردەك ئېرىپ ئىشق - پىراقتىن.
كۆر، تېنىمنىڭ دولقۇنلىرىنى
دېڭىز سۆيۈپ تۇرغان قىرغاقتىن.

قۇتلۇق بولسۇن تۇغۇلغان كۈنۈڭ
سۆيۈپ قوياي كۆزلىرىڭنى يۇم.
ھاياجاندا يولۇڭغا قاراپ
كۈتمەكتىمىز مەن بىلەن ئوغلۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## سۇخاندىكى تام رەسىملىرى

تەن ئىچىدە تولۇن ئاي.
تىلسىمات ئارال.
تاشقا ئايلانغان مەڭگۈ خىلۋەت سۇ.
مايماق ــ سايماق سىزىلغان ئايال
جان بەرمەكتە دولقۇندەك لىۋەن.
قۇياش تامدا غىزالانماقتا
تۇمەن يىللىق شەھۋىتى بىلەن.
تەن سىمۋولنى رەت قىلغان،
ئىپادىلەش يالقۇنسىمان.

تاشتى قىيان
يوشۇرۇن ئاگدىن،
كېيىملىرىمىز شەھەر سېپىلى
گۇمران بولغان قۇياش شەھىرىدە
كىبزەر شەيتان قالماي بىر ئىنسان.

ياز
قۇياشقا قاراپ چۈشكۇردۇم.
سۇخاندا غالجىر رەسىملەر،
زامان سىرى يېپىق تۇرىدۇ
ئىگىرىماقتا قەدىمكى سۇ.

يۇر، قايتايلى بابىل شەھىرىگە
بەلكىم بارار مەنزىلىمىز شۇ.

# ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغۇچى

جىمىرلايدۇ جان يۇلتۇزلىرى
ئارغامچىنىڭ ئۇچىدا.

چىدا سۈزۈكلۈككە ئەي ئايال،
قورقۇنچلۇق، قورغاق، مۇزدەك،
ئۆلۈم ئەكس ئېتىدۇ بىزدە.
يالىڭاچلانغان ئوت مۇئەككىلى،
ئادەم تېرىسى سارغۇچ، ئېگىزدە.

ئەھمىيىتى قالمىدى
ئالداشنىڭ ۋە ئالدىنىشنىڭ،
ئاش ۋاقتىنىڭ، ئىش ۋاقتىنىڭ،
يۇيۇنۇشنىڭ، پېشىم ۋاقتىنىڭ،
ھاجىتى قالمىدى كىيىم كىيىشنىڭ.

ھەممە قاتتىق نەرسە ئۇنىڭغا
ئۇشتۇمتۇتلا ئايلاندى سوغا.

ئارغامچىدىن ئاقار بىر ئايال،
ئاياغلاشتى ئۇنىڭ تۆت پەسلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى پىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



كۆكتىن مۆگۈلۈق باقار بىر ئايال
ئارام ئالماق بولغاندا ئېرى
نىقابىنى قىلىپ سەل نېرى.

ئېسىلىپ تۇرار
يەر بىلەن ئاسمان ئارىسىدا،
پۇتلىرى بىلەن تام ئارىسىدا،
زامان بىلەن زامان ئارىسىدا. . .

پەرىشتىلەر ماگماقتا سۆرەپ.

ئۆلۈۋالدى بىر ئايال قوشنام،
قارا گۆلدەك
غەمكىن پۇرىقى
قوشنىلارنى قىلىپ بىئارام.



# ئوغلۇمنىڭ ئىسمى

ئوغلۇم ئۇخلاۋاتىدۇ،
بىر ئىسمى ئويغاق
ئانىسىنىڭ قوينىدا،
ئەرەب دېڭىزى بويىدا.
دولقۇنلار كارىۋاتتىن ئېقىپ
تەكلىماكان قۇمى ئىچىگە،
ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقىنى
تۇتقۇزىدۇ قات ـ قات كېچىگە.

ئوغلۇمنىڭ بىر ئىسمى
بۆشۈكتىن ئويغاندى تەرلەپ،
گلادىئاتورلار مەيدانىنى
ئۇنتۇلدۇرماق بولىمەن بەزلەپ.

بالامنىڭ ئىككى ئىسمى بار،
بىرى ئات ئۈستىدە قاناتلىق،
پالۋان بولۇپ چىقار بىر كۈنى.
يەنە بىر ئىسمىنى قويۇپ بولۇپ بىز
قولاقتا سىگمەي ئۇنتۇپ كەتتۇق تېز.

ئۇنتۇپ كەتتۇق نۇرغۇن نەرسىنى،
ئىشقا، ئۆيگە كېتىۋاتقاندا
كۈن ئىچىمىزگە پېتىۋاتقاندا.

بالامنىڭ بىر ئىسمى
قۇياش چىققان چاغدىمۇ غېرىب،
ئۇپراپ، قىسىلىپ، دات رەڭگە كىرىپ.

شەھەر تومسىسى كۈن ئىلاھىنىڭ،
كۆپىيىش ھەۋىسى تىنىمسىز قوتراپ
ئادەم ۋە ئەينەككە توشتى تۆت ئەتراپ،
بىردىنلا غەمسىزمەن بالامغا قاراپ.

مەن ئويغانغاندا
بالامنىڭ ئىسمى
ئوخلار ئەركىلەپ.



# قەشقەردىكى يەر شارى

## ( داستان )

### 1

سالام ئۇيغۇر دېگەندە قۇياش،
سالام ئۇيغۇر دېگەندە تارىخ،
قەشقەر شەھىرى ئوخشار قەسىرگە.

يۇلتۇزلار پەرۋاز قىلار تاڭ سەھەردە،
پەسىللەر پەرۋاز قىلار دەرەخلەردە،
بۇ شەھەر پەرۋاز قىلار چۆچەكلەردە،
بۇ يەردىكى ئادەملەر
پەرۋاز قىلار يۈرەكلىرىدە.

ئات قوشۇلغان
قىزىل سايىۋەنلىك مەپە
تاڭ سەھەردە ئۆتتى يېنىمدىن،
جىرىڭلىتىپ قوڭغۇرىقىنى.
سېۋىتىنى قويۇپ بېشىغا
گىردە سېتىپ يۈرگەن بىر بالا
تاڭ سەھەردە ئۆتتى يېنىمدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قوشلار،
هارۋا،
سومبۇل چاچلىق ئايال،
يەنە بىر ئايال،
كۆز،
ئەتلەس كۆڭلەك،
ساقال،
تاڭ سەھەردە ئۆتتى يېنىمدىن.
مەن
كىشىلەر چاي ئىچىۋاتقان،
مۈگدىشىۋاتقان،
يۆتەلگەن،
چەينەك جوغىسىنى
پىيالىگە تەگكۈزۈپ
چاي قۇيغان،
چاي شامىسىنى پۈۋلەۋاتقان،
كىشىلەر بىر ـ بىرىگە يېقىپ
گەپلەشكەن،
سەنلەشكەن،
قايناق بىر چايخانا ئالدىدىن ئۆتكەچ،
كىملىكىمنى بىلىندۇرمەستىن
ئوغرىلىقچە كۆيۈپ يۈرىمەن.
كوچىدىكى ھەممە نەرسىگە

قاراپ ـ قاراپ يەنىلا تويماي
نۇردەك ئۇنسىز سۆيۈپ يۈرىمەن.
سۆيىمەن
ئاي نۇرىدا تۇرغان ئاق تېرەكلەرنى،
جىمجىت تۇرغان كۆلەڭگىسىنى،
ئېرىپ كەتكەن كۆلەڭگىسىنى.
سۆيىمەن سېپىتەبىرده ياغقان يامغۇرنى،
ماي يولدا جىم ياتقان يامغۇرنى،
ئۇنسىز يىغلاۋاتقان يامغۇرنى.
ئەينەكلەرنىڭ سۇنۇقلىرىغا
نۇر مارجىنى چاچقان يامغۇرنى.
سۆيىمەن مەسچىتتىن يانغۇچىلارغا
خۇدانىڭ قوللىرىدىن ئاققان يامغۇرنى.
سۆيىمەن ئۇندىكى قارنى، شامالنى.
چىملىقلاردا، ئېرىق بويىدا
سازاڭ تېرىپ يۈرگەن باھارنى.
12 ـ ئاينى، 12 ئاينى،
چوڭ كوچىنى ، خالتا كوچىنى،
تىلەمچىنى، پالچى ئايالنى،
تەشتەكلىك، تەشتەكسىز دېرىزىلەرنى،
سېنى ھەم ئۇنى.
سۆيىمەن
مىلادىدىن بۇرۇنقى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ۋە كېيىنكى تارىخنى،
سۆيىمەن تارىخنىڭ كەلگۈسىنىمۇ.
بېكەتتە
بايا ماڭا ئەنجۈر ساتقان چال
( ئۆتتۈپ قالغان بولسا كېرەك)
ئەنجۈر ساتتى يەنە بىر نۆۋەت.
بارلىقىنى بىلمەس ئۇ مەندە
ئەنجۈردىنمۇ شېرىن مۇھەببەت.
تونۇشمەن بۇ مۇھەببەت بىلەن
تونۇشلارغا، ناتونۇشلارغا،
كوچىدىكى ئاپتوبۇسلارغا.
ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون سىمىدەك
تۇتىشارمەن مۇھەببەت بىلەن
قەشقەردىنمۇ يىراق جايلارغا.
لاتۇيىگە، فرانسىيىگە،
شىمالىي قۇتۇپتىكى ئېسكىموسلارغا،
ئاق تەنلىكلەر ئارىسىدىكى
يۇلتۇزلۇق كېچىدەك ئۆچمەس نېگىرغا.
ئاتلانتىك ئوكيان بويلىرىدىكى
غارغالتىغا، بېلىقچى قىزغا.
يىراق چىلى ئورمىنىدىكى
يېنىك، جىمجىت ئاي نۇرلىرىغا.
سۇ ئۈستىدە كەچكى شەپەق

قىزىلگۈل بولۇپ ئېچىلىپ قالغان
گۈگۈمدىكى نىل دەرياسىغا.
مەن بۇ كىچىك زېمىندا تۇرۇپ
تارىم دەرياسىنىڭ دولقۇنى بولۇپ
كېتەلەيمەن دېڭىزلارغا قوشۇلۇپ.
مەن
ئالتاي ئورمىنىدىكى بىر يۇلتۇز بولۇپ
بېرەلەيمەن پەلەستىنلىك ئايالغا
مەھبۇبىنىڭ قەبرىسىنى يورۇتۇپ.
مەن
بەخت تىلەيمەن ئەيسا تىلىدا
كىرېست كۆتۈرۈپ ئىرۇسالىمغا
كېتىۋاتقان ياش يەھۇدىيغا.
مەن تەكلىماكاننىڭ تومۇز پەسلىدە
سالام بېرىمەن قۇمنىڭ رەڭگىدە،
ياۋروپانىڭ يېشىل رەڭگىگە.
ھاۋا بولۇپ كۈلۈمسىرەيمەن
كەڭ زېمىننىڭ ھەممە يېرىگە.
مەن نۇر چېچىپ تۇرغان بىر چېكىت،
يەر شارىنىڭ خەرىتىسىدە.
قەشقەر
ماڭا ئوخشاش كىچىك بىر شەھەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## 2 . ھېيتگاھ بازىرى

جىمجىت يۇرەكتەك
جىمجىتلىقىنا مەسچىت مۇنارى.
كۆز
سۆزلىيەلەيدىغان كۆز.
خۇدا
بەندىسىز خۇدا.
دۇنيا
ئاغزى بار دۇنيا.
ناخشا
ئېيتىلمىغان ناخشا.

ھېيتگاھ بازىرى ئالامەت بازار،
ئۇيغۇر ئۇيغۇرغا قىستىلىپ بارار.
ئاشىقلار گۈل ئالغىلى كېلەر.
كۆزسىزلەر كۆز ئالغىلى كېلەر.
سوكۇتلەر سۆز ئالغىلى كېلەر.
ئەرلەر جاننى سېتىپ نان ئالىدۇ،
ئوسما سېتىپ ئالىدۇ ئايال.
يىگىتلەر يۈلىنىپ رىشاتكىلارغا
يات بىر شەھەردە تۇرغانغا ئوخشاش،
كۆزنىتەر ھەممىنى بىپەرۋا، قىياپاش.
بىر بوۋاق كوچىغا چىقار يالىڭاچ،
چوڭلار ئۇرە - تۆپە بولۇپ تۇشمۇتۇش

ئۇنىڭغا كىيدۇرمەك بولار ئۇستىۋاش.
قاراڭغۇ شائىرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا
ئادەملەر يۈرىكىدىن كۆرۈنەر قۇياش.
ھېيتگاھ مۇنارى،
ئۇنىسىز دوپپۇلدەۋاتقان
يۈرەككە ئوخشاش.

## 3 . ساقىنامە

بىر توپ ئورۇق پەرىشتىلەردەك
مەغرۇر بىز ھەم،
بىچارە بىز ھەم.
توختىماي جىرىڭلار كۆڭۈل تېلېفونى،
ئېھ، ئۇنى ئالغىلى چىقمايدۇ ئادەم. . .
قات ـ قات غېرىبلىق
مىڭلىغان سۇپسۇزۇك ئادەملەر ئارا. . .

ئۇزاتقىن ساقى
تولدۇرۇپ قەدەھكە دەل ـ دەرەخلەرنى،
يامغۇرنى، پاتقاقنى، ئاينى.
قەشقەرنىڭ ئاي تۇغقان كوچىلىرىنى،
ئادەملەر مىغىلداپ تۇرغان بېكەتنى.
توشقۇزۇپ ئەسەبىي قىزغىنلىقىڭغا
بوراننى قەدەھكە سالغاندەك سىلىپ
ئۇزاتقىن لىپمۇ لىق قەدەھنى ماڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


ئۇزاتقىن ئەسەبىي قىزغىنلىقىڭنى...
بىر نۆۋەت ئەپۇ قىل لوگىكاشۇناس،
بىزنىڭ ساقىمىز
ئۇزاتسۇن بىر قەدەھ بىمەنە خىيال،
غالجىرلىق كەم بولدى بىزدە ئېھتىمال.
ئۆچرىتىپ قالساقلا ئۆز - ئۆزىمىزنى،
يۇمماقچى بولىمىز كۆزىمىزنى.
ئاجايىپ سۆلەتلىك روھىي كېسەللەر
ئۇستەلدە، كوچىدا، ئېسىل كىتابتا
ۋە ياكى ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر ئارا
خىزىردەك يولۇقۇپ تۇرىدۇ دائىم ... .
قايتىممەن تەڭشىلىپ قاۋاقخانىدىن،
ئۆچمەكتە يۇلتۇزلار،
ياندۇرغان شاملارمۇ سەن ماڭا ئاتاپ،
ئۆچۈشكە باشلىدى ئاستا پىلىلداپ...
قۇياش
قۇياشنىڭ كېسىك قۇيرۇقىدەك
ئۆچۈپ يۈرەر قاۋاقخانىدا...
قاۋاقخانا
كالا كۆزلۈك جوۋاندەك
ئەركەكلەرنى قىلار مەھلىيا.
شارابلارنىڭ خۇشبۇي پەرگىگە،
قەدەھلەرنىڭ ئوتتەك لېۋىگە،
يىغلاۋاتقان شامنىڭ كۆزىگە،
كۆمۈلىدۇ ئەرلەرنىڭ تېنى.

— نە سەۋەبتىن ئىچتىڭ قەلەندەر ؟
— بەك ۋاپاسىز چۈنكى ئادەملەر.
— ئىچمەيلىمۇ بۈگۈن،
— نېمىشقا ؟
— ئىش ھەققىمنى ئالدىم قولۇمغا.
— سىزچۇ ئەپەندى ؟
— كىم ئىچىدۇ ئىچمەي تارىخچى.
— سەنچۇ ھوي بالا،
— چوڭلاردىن سورا . . .

جان كېپىلىك، جانان كېپىلىك،
تۈنىنىڭ قارا چاچلىرى
يوتىسىدا يەلپۈنەر ئىللىق.
كوچىدىكى قاراڭغۇلۇقتا
يۈلتۈز قىزلار تۇرىدۇ كۈلۈپ.
سەن بىلمەيسەن،
ئېتىڭ نېمە، ئۆيۈڭ قاياندا،
سەن بارمۇ - يوق مۇشۇ جاھاندا.
ئۇخلىغىنىڭ يادىڭدا پەقەت
بىر كېچىدەك، بىرەر سائەتتەك،
بىر ئەسىردەك، ئىككى ئەسىردەك.
سەن كۆزۈڭنى ئاچقان ۋاقىتتا
كوچىدىكى مۇنار ئۈستىدە
قىيسىق قۇياش تۇرار ساڭگىلاپ. . .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى



گىرە سېلىپ ئاق كۆڭۈل يارغا،
يىغلىغۇلۇق كېلىدۇ راسا.
دوستۇڭنىمۇ، دۈشمىنىڭنىمۇ
تىللىغۇلۇق كېلىدۇ راسا.
باي بولماقچى بولغان سودىگەر
ئەتلەس ساتماي سېتىش كېرەك مەي.
توي لەززىتى مەيدە ئەمەسمۇ،
ئۇسسىساڭمۇ ئىچىش كېرەك مەي.
يول سۈپۈرگۈچى
مەنسىپىنى قۇتلار مەي بىلەن
بىر كوچىغا باش بولغان كۈنى.
كاتتا ئەمەلدار،
ئەمەلدىن ئايرىلغان كۈنى
مەيخانىدا يېتتۇرۇپ قويار
ئۆزۈن يىللىق سالاپىتىنى.
تەستىقلايدۇ مەستلىكتە سوتچى
ئۆز ئۆزىنىڭ جازا خېتىنى.
مەست دوختۇر،
نېرۋا كېسەل كىرسە ئۇشتۇمتۇت
چېكىسىگە سۇركەپ قويار يود.
يېشىلەلمەي ئۇغرى مەستلىكتىن
ئاپتوبۇستا دەلدەڭلەپ تۇرۇپ
يانچۇقلارغا ئۆزىتىدۇ پۇت.
مەيخانىغا كىرسە قەلەندەر

كۆرۈندۈ مەيخانا ئىچى
ئۇردىسىدەك گەڭ سىخىي شاھىنىڭ.
مەست بولغاندا ئاقىل تارىخچى
يىلنامىلەر مەست بولار بىر ـ بىر
تاپالمايدۇ ئۆز تارىخىنى . . .
سەن كېتىسەن مەي ئىچمەس شائىر
چوڭ شەھەردىن خىلۋەت دالىغا.
بۇلاق يېنىنى شىلدىرلاپ تۇرار،
كېيىپ بولغۇڭ كەلمەس زادىلا.
سەن يىغلايسەن، ئوخشار تەبىئەت
باغرى يۇمشاق ئاق دىل ئانىغا.

شەيتان
قەشقەردىكى قاۋاقخانىدا . . .

### 4 . قۇشلار

ۋەتەنسىز قۇشلار
پەسىللەرگە ۋەتەن دەپ يىغلار.
سەرسان شامال كۆتۈرۈپ يۈرەر
غازىڭىنى ئۆز ۋەتىنىنىڭ.

غېرىبلىقتەك
ئېگىز بىنا.
قوشنا ئۆيدىكى ئادەم.
تام.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com


ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇپ - ئادەت.
توي.
ناتونۇش دەپنە مۇراسىمى.
قۇشلارنىڭ يېشى.
ئەينەك غېرىبلىق.
قول يەتمەس ئىشىك.
كارىۋات.
قاچقان ئۆيقۇ.
ئوچۇق دېرىزىدىكى
ئاپئاق ساڭگىلاپ تۇرغان
ۋەتەننىڭ مۇزلىغان قولى.
غەم تولغان كۆلدان.
ئايروپىلان.
دېڭىز.
قۇشلارنىڭ يېشى.
ھەممە يەردە يات ئادەم.

مەيلى تۇر پارىژنىڭ گۈزىلى بىلەن،
يەنىلا ئۆزۈڭنىڭ ئەمەستەك كۆلكەڭ.
ئەسلەيسەن نەم قىلىپ قولياغلىقىڭنى،
ۋەتەندە دەردىڭمۇ ئۆزۈڭنىڭ دەردى،
ۋەتەندە يىغاڭمۇ ئۆز تىلىڭ بىلەن .
مىليونېر بوپ كەتكىن بەرىبىر يەرلىك
قەلەندەر ئالدىدا بىر كەپەڭمۇ يوق،
ھەر كىم باقالايدۇ كۆزۈڭگە سوغۇق.
مەيلى سەن شاراب ئىچ ئالتۇن قەدەھتە،

بىر كۆپۈك چىقسىلا ئۈستىگە لەيلەپ
ئوقۇسالڭ يېزىلغان ۋەتەن دېگەن خەت.
بېرلىن ئاسمىنىدا كۆرسەن ھەر كەچ
جىمىكى يۇلتۇزدىن ئۇيغۇر كۆزىنى.
مۇقەددەس بۇۋى مەريەم چېركاۋى
كۆرۈنەر سەن ئۆسكەن تار كوچىدىكى
كىچىك بىر مەسچىتتەك ئۇيغۇرۇڭ سالغان.
ھەج قىلىپ مەككىگە بارساڭ مۇبادا،
تويۇلار يۇرتۇڭدا قالغاندەك خۇدا.
مۇبادا دوزاختا بولسىمۇ ۋەتەن،
مەڭگۇ بىر مۇھاجىر جەننەتكىمۇ سەن.
ۋەتەن، ئېھ ۋەتەن،
چىرايلىقتۇر ھەممە نەرسىسى،
چىرايلىق ئۇنىڭ قايغۇسىمۇ ھەم.
گۆھەردۇر، ئالمىدۇر، خۇش پۇراق گۇلدۇر،
ۋەتەن دالىسىدا كۆرگەن توڭ تېزەك.
ئەيسادۇر، مۇسادۇر يۇرتۇڭ ئادىمى،
يات يۇرتتا تۇغقانمۇ تويۇلماس دوستتەك.
ۋەتەندە بىر ناتونۇش بالا
يۈگۈرۈپ ئۆتكەن بولسا ئالدىڭدىن
يۈز يىلدىمۇ چىقماس يادىڭدىن.
تىللاپ سالغان بولسا ئىلگىرى
ئۆز ئېلىڭدە ئۆز تىلىڭدا ئۆز؛
تاپالمايسەن دۇنيادا ھازىر
شۇ تىلدىنمۇ گۈزەلرەك بىر سۆز.
شېئىرىنى ئوقۇساڭ بەزەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



گېزىتلەردىن پاز يا تاگورنىڭ؛
ئېتىمايدۇ ساڭا ئۇ قىلچە،
ئۆز يۇرتۇڭدا ئېيتقان قوشاقچە.
ئۆزاتقاندا ئەزرائىل بىر كۈن
دەستە تىزىپ ئۆلۈم گۈلىدىن،
سەن ئۆزۈڭگە توقۇيسەن كېپەن
ۋەتەندىكى خىياللار بىلەن.
يات تۇپراقتا كۆمۈلگەندە سەن
كۆمۈلىدۇ قەلبىڭگە ۋەتەن . . .

سېغىنغاندا قەشقەرنى
چەت ئەلدىكى ھەر بىر مۇھاجىر
شۇنداق يازار خەت يازسا ئاخىر.

## 5 . چەكسىز نۇر

قەشقەردىكى ئاياللار
قەشقەردىكى ئەرلەرنىڭ چۈشى.

تاپىنىڭ نۇر، قاناتلىرىڭ نۇر،
كۆلەڭگەڭ نۇر، يوپۇرمىقىڭ نۇر،
ئاۋازىڭ نۇر، خۇش پۇرىقىڭ نۇر.
بارچە ئەرلەر چەكسىز سوزۇلغان
قاپقاراڭغۇ تاغ جىلغىسىدۇر.
قەشقەر گويا ئورمانلىق،
سەھەر سېنىڭ ئىزىڭ ئەمەسمۇ؟

گويغا چۆكسەڭ خىيالنىڭ كۆكۈم،
تۈن كېچىلەر چېچىڭ گەمەسمۇ؟
ئاڭلىنىدۇ خىلۋەت تېنىڭدىن
شىلدىرلىشى بۇلاق سۈيىنىڭ.
تېنىڭ مۇنبەت ئېكىنزار گويا
گۈل ئېچىلغان پۈتلىرىڭ ئارا.
سەن بولسەن كىچىك ئالىملىق،
سەن گوياكى سۈزۈك مۇزىكا.
سەن ئەرشتىن چۈشكەن پەرىشتە ،
مەن ئۇيقۇغا كەتكەن ۋاقىتتا.
سەن گوياكى بىر تال چۆمۈلە،
مەنىسى يوق خەت يېزىپ يۈرگەن.
سەن گوياكى نامسىز چىغىر يول،
ئەرلەر دائىم ئېزىقىپ يۈرگەن.
ئايال، ئەر ۋە كەچتىكى كارۋات،
يېنىڭ، پىنھان چېلىنغان بەدەن،
ئۇپرىماس ساز، مەستخۇش مۇزىكا.
ئېھ، يالىڭاچ نومۇسچان خىيال،
ئېھ، ئۆزىنى يوقاتقان دۇنيا.
نەرە تارتقان قىلىچلىق ئەرلەر
قان ئىچىگە يىقىلار بىر - بىر ،
قۇل بولىمىز ئاستا بەك ئاستا.
ئۇ بىر ئايال مۇلايىم قاتىل،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



ئەر ئۆلىدۇ نەيرەڭ بىلەنلا .
ئايال، ئېھ ئايال،
ئايال، ئايال، يوللاردا ئايال،
ئەبەدىيلىك نۇرلاردا ئايال.
بۇ ئالەمنىڭ غېرىبلىقىدىن
قۇتۇلۇشقا تاپالماي ئامال،
ساڭا موھتاج بولدۇم، ئېھ ئايال.

بىر جۈپ گۈزەل ئالتۇن كەشنى مەن
كۆمۈپ قويدۇم شېئىرلىرىمغا.
ۋە ئالتۇندىن ياساپ بىر كىشەن
كۆمۈپ قويدۇم شېئىرلىرىمغا.

غېرىبلىقنىڭ سوغۇق نۇرلىرى
چاقناتماقتا مېنى خانەمدە.
ئاھ، جىمجىتلىق،
سەن بەك ئېغىر قىز،
مۇزلىغان تېنىڭ.
رەسىمدىكى ئايال چولپاننىڭ
كىيىملىرى نېپىز بەك نېپىز.
توساتتىنلا مىدىرلاپ تامدا
يېشۇەتتى باغىردىقىنى،
ئاندىن، ئاستا ـ ئاستا . . .

بىر ئوغۇل بالا،
قوش قولىدا سىقىمداپ
ھېچ كىشىدىن قىلماستىن ھايا
ئانىسىنى ئەممەكتە تازا .
چەكسىز ئايال.
يات مەدەنىيەت.
ئىشىكسىز كوچا.
مۇنچىدىكى قىزنىڭ يوتىسى
نۇر چاچىدۇ ئەرلەر شەھىرىگە.

سانسىزلىغان ئىزىمىز قالدى،
تالاي كەچتە ئاشۇ كوچىدا.
بەردىم گۈزەل كۆپ سۆكۈتلەرنى،
بىرلا سۆزنى بەرمىدىم ئەمما.
ماڭغىنىمدا بىرگە سەن بىلەن،
يوق تۇيۇلار ياكى سەن يا مەن .
خىيال دەيمەن ئىشەنگۈم كەلمەي
ئىككىمىزدىن بىرسىمىز جەزمەن.
خىياللىرىم سەن ھەققىدىكى
پارە ـ پارە سۇنغان ئەينەكتۇر.
ئاۋازىڭ بار، يوقتۇر ھېچنېمەڭ،
بار پەقەتلا تالا ـ تالا نۇر.
كۆزۈڭدە لىق بىر كوزا سۇ بار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قېنىپ ـ قېنىپ ئىچىپ بولۇپلا
چېقنۇەتكۈم كېلىدۇ دەرھال.
بار سېنىڭدە نازۇك بىر يۈرەك،
تەكچىدىكى جانان چىنىدەك.
سەن مەن ئۈچۈن بىر پارچە شېئىر،
ئىزدىمەيمەن ئۇنىڭدىن پىكىر،
بار پەقەتلا تاتلىق ھېسسىيات.

قەشقەردىكى ئاياللار

ئەرلەر قورغان دۆلەتتە ياشار،
يوق مۇستەقىل پادىشاھلىقى.
چۈشۈرىدۇ تەختتىن ئۇلار،
ۋە شاھ قىلار خالىسا سېنى.
بەرگەن چاغدا ئۇلار ھېسسىيات،
ئايلىنىدۇ ئەرلەر شائىرغا.
ئېرىشىدۇ نوبېلغا ھەتتا.
ئەگەر ئۇلار قىلمىسا ئىناپ،
ئايلىنىدۇ ئاقىل ساراڭغا.
كىردى ئۆيگە ھارغىن مۇئەللىم ،
چايغا ئوخشاش ئىسسىق بىر ئايال
ئېلىپ كىردى پىيالىدە چاي.
قايتتى ئۆيگە كاۋاپچى يىگىت،
ئاغچىسى چىقىپ خۇش چىراي
قوللىرىغا سۆيدى ئېگىلىپ.

رومان يازار يازغۇچى ئەختەم،
ئۇرېگمىنالىنى رەتلەپ خانىمى
كۆچۈرىدۇ ياندا پەم بىلەن.
ھەسرەتلەنسە تارىخچى بوۋاي،
مومىيىمۇ چېكەر بىر گە غەم.

كوچا ـ كوچا يەنە بىر كوچا،
بىر توپ ئايال چۈشكەن پاراڭغا.
— ئاڭلىلىمۇ چىرايلىق قوشنام،
— گۈللۈك، نېپىز قەغەزدەك ئىشتان
— ئەنقەرەدە بوپتىمىش مودا.
— قىزنىڭ قېشى شالاڭمۇ نېمە؟
— باردىلىمۇ ئاخشامقى تويغا.
— چېچەن دېگەن ئاشۇ ئەخمەق خەق،
— تەنگە سىڭگەن نېنىنى يېمەي
— ئۇرۇش قىپتۇ دەيدۇ يېقىندا.
— ئەر چىقماپتۇ سەنئەتچى قىزغا.
. . .
غەمكىن شائىر يوللايدۇ سالام
پۈتكۈل قەشقەر گۈزەللىرىگە.
ھېيتگاھتا نان تىلەپ يۈرگەن
يۈزى تارىخ مىسكىن مومايغا.
لەڭپۇڭچىغا، ئاشپەز ئايالغا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئۆپكە ـ ھېسسىپ ساتقۇچىلارغا.
ئۇيغۇر شىپاخانىسىنىڭ
ئايالار بۆلۈمىدىكى
ھەر بىر بىمارغا.
يول ـ يوللاردا كېتىۋاتقان
تۆت پەسىلنىڭ باغچىسى بولمىش
گۈل بەدەنلىك قىز ـ جۇۋانلارغا.
سالام بىرەر ئوتتۇرا ئاسىيا،
سالام يوللار بىپايان دۇنيا،
قەشقەردىكى قىز ـ ئايالارغا.

* * *

مەپە ۋە سەھەر
ئاق قاشقىلىق ئاتنىڭ كۆزىگە
چۆكۈپ كەتتى قوياشلىق شەھەر.

ئادەم ۋە ئالەم
يارىتىلدۇ ئۆز تارىخىنى
ئېقىپ كەتكەن يۇلتۇزغا قەدەر.

يەر شارىنىڭ بىر بۇرجىكىدە
نۇرلانماقتا قەدىمىي قەشقەر.

# ئەبلەنىڭ سۆڭىكى

(2000 – 2002)

ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدە يېزىلدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## مەدھىيە

ئالەم بىنا بولدى
بىر سۆز بىلەن تەك،
ئارقىدىن بۇ قەسىر چىراغقا تولدى،
كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار چاقناپ رەڭگارەڭ.
سۇ بولسۇن دېيدى، سۇ بولدى كەڭ
سۇدىن چىق دېدى، چىقتى سۇدىن يەر.
قىچقاردى شامالنى، كەل دېدى يەنە
سەكرىشىپ ھايۋانلار، قۇشلار قاقتى پەر،
گىياھلار ئۈنۈپ قىلدى تەنتەنە.

ئاندىن يۇغۇلدى بىر سىقىم توپىنى،
ئېچىلدى توپىنىڭ كۆزى،
ئېچىلدى توپىنىڭ ئاغزى،
توپىنىڭ سوقتى يۈرىكى،
ئادەم ئىدى ئۇنىڭ تىلىكى.

مەن ئۇلۇغ مەنزىل
مەن جىق مۆجىزە
مەن مىننەتدار ئېچىلغان چېچەك
كائىنات دەرىخىدىكى نازۇك بىر شاختا.
غايىب بولىمەن بارلىقتىن ئۇزاق
بۇ قەسىدىم قالغان خۇش پۇراق.

# بىر ئۇلۇغ كىشى

بىر ئۇلۇغ كىشى
كۆندەك مېڭىپ ئۆتتى ئىنسانلار ئارا،
يورىدى ئۇچۇق دىللاردىن قارا،
قارا دىللاردىن.

ئاچتىم كۆزۈمنى ئەما يىللاردىن،
تاپتىم ئۆزۈمنى
جىمجىت سىرلاردىن، سىرلىق تىللاردىن.

بىر ئۇلۇغ ئادەم يۈزلەندى ئاڭا
ئالەمگە، ئاللاغا، سىلەرگە، ماڭا
ئاڭلىغىنىم ئۇ ئاڭلىغان سۆز.
كېتىپ قالدى ئۇ، زامان ئېقىن سۇ
ھاياتىمدا ھامان بىر جۈپ كۆز،
ئاڭلىغىنىم ئىگەم ئېيتقان سۆز.

# ئىماراتنىڭ ئىشىكى ①

قاناتسىز ھەممە كىشى،
ئېچىلدى ھاۋادىن
ئىماراتنىڭ دەرۋازىسى.

دەسسىدىم پەلەمپەيگە
روھىم قۇرۇغان ھالدا.

كۆتۈۋالدى يۇمران يولۇۋىسىم،
تاشتىن چىققان ئىسسىق شامالدا.

كېچىنىڭ ئىشىكى يوق،
مۇساپىرغا يوق دالدا.



① ئىمارات — ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ ئەرەبچە قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى.

# مېنىڭ دادام ئەرۋاھ

مېنىڭ دادام ئەرۋاھ
ئالتە يىل بۇرۇن
بىر ئىشىككە كەتكەنچە كىرىپ.
ئۇكام قارىسا يۈگۈرۈپ بېرىپ
ياتقۇدەك.

ھاۋادا كۆك ئۈزۈملەر پىشىپتۇ،
دادام ئۈزۈم يەيدۇ ئاغزى يوق.
دادام بىلمەيدۇ دۇنيا راست ـ يالغان
11 يېتىم قالغان ئاچمۇ ـ توق.

ئانام چېچىنى تارايدۇ،
تۇننىڭ ئەينىكىگە قارايدۇ
چوڭ بولغان ئوغۇللار يېنىدا يوق.

مەن سەپەر قىلدىم باشقا دىيارغا،
دادام سەپەر قىلدى باشقا دۇنياغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## مېھمانخانا

توپىغا ئايلاندى سانسىز ئادەملەر،
توپىلار ئايلانغان سېمونت تامغا.

قوڭۇر توپا كىردى زوۋانغا،
ياتاق باھاسىنى ئېيتىش ئۇچۇن.

دوغىلاق كۆتكۆچى
ئاچقۇچلارنى شاراقلىتىپ
غايىپ بولدى كارىدوردا
توپىغا ئايلىنىپ.

بىز سۇغا ئايلىنىپ
كارىۋاتتىن ساقىپ چۈشتۇق
ياقا يۇرتنىڭ تەنھالىقىغا.




# دېڭىز بىلەن ئۇچرىشىش

كۆرۈش ئۈچۈن ئالدىرىدىم
رىشاتكىنىڭ كەينىدىن.

ئۇ گويا باغلاپ قويۇلغان،
تېرىلىرى سويۇلغان،
تورىدۇ مىلىقلاپ.

دېڭىز كۆك.
بەشىنچى ئاي كۆك.
غەمكىنلىك كۆك.

يىراق، ئەركىنلىك قىزىل
خىيالنىڭ قىرغاقلىرىدا
شەپەق بىلەن قىلىدۇ جولا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئەرەب تەمسىلى

« دۇنيادا قاغىلارنىڭ ھەممىسى قارا. . .»

قارا قاغىلارنىڭ ھەممىسى ئايال
كېتىۋاتقان ئاق رەڭ پەقەت ئەر.
ئابايى① ئىچىدە يۇلتۇزلار ۋە ئاي
قەدىمي ئادەت، يېپيېڭى شەھەر.

قارا رەڭلەردىن نەمخۇش قىز پۇرار،
ئاق لىباسلاردا ئەركەكلەر قورار
چۆلدىكى تاشتەك.

كوچىلاردا ئاق بىلەن قارا،
ئۈنسىز زەرەت ئادەملەر ئارا،
يۆتكەلمەكتە شاھمات ئورۇقى. . .

جەننەت، دوزاخ، چەك ۋە قىيامەت،
يېقىنلاپ قالىمىز بارا ـ بارا
چۈنكى قاغىلارنىڭ ھەممىسى قارا.

① ئابايى — مۇسۇلمان ئاياللار كىيىدىغان قارا پەرەنجە.

## ياقا يۇرت

كۈندۈزنىڭ
كۆرۈنمەس تېغى ئاستىدا،
ۋىژىلدىغان يېغى ئاستىدا،
كۆيۈۋاتقان يات يەرلەر ۋە مەن.
تىكەنلەشكەن ھەر قەدىمىدىن
كۆزلىرىمگە كۆرۈنەر ۋەتەن.

ئانا تىلىم
چۈشتى يەرگە
ئاغزىمدىن نوردەك،
قالدى زۇلمەت ئىچىدە دىلىم.
ئوقۇش ئېسىل شىراز مۇشۇكى
ئۆينىڭ مەرمەر بۇلۇڭىدا ئۇ
تورار ھەيۋەت پاخپىيىپ توكى.
ئىماراتتا — ئېگىز بىر چۆلدە
ھەسەنشېرنىڭ ئارىسىدا مەن
ئانا يەرنىڭ يارىسىدا مەن.
تۇفى...! بەرىكەت ياغقان شەھەرلەر
كۆزلىرىمگە كۆرۈنەر ۋەتەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



نېمىدېگەن كۆڭۈلسىز دېڭىز
قاشالانغان، بۇلغانغان، چۆككەن.
دولقۇنلار چۇش گۇگۇم ئىچىدە
كۆزلىرىمگە كۆرۈنەر ۋەتەن.

كۆيۈپ ئۆچكەن
خورما دەرىخى،
قاراڭغۇدا بەك تونۇش ماڭا
ھارارەتلىك ھايات دەرىخى.
ئىشىكىنى ئاچتىم دېڭىزنىڭ
قۇرۇمىدى تەرلىرىم تېخى.



# غەرەب قولتۇقى

شۇنچە ئۇسسۇز
غەرەب دېڭىزى،
ئاللىكىملەر ئاپلانغان تاشقا.
بەلكىم سۇدۇر ئايالنىڭ ئىزى. . .
باشلىدىم قاغجىراشقا،
چىققاندا قاشقا
لەيلەپ قالدى روھىم يىلتىزى.

دېڭىز ئۈندەر ئويغاق ياشاشقا،
ئادەملەردىن ئىشتىكىنىم باشقا،
دولقۇنلاردىن تىڭشايمەن قۇرئان.

ئۇلۇغ سەن،
يېگانىسەن،
( يوق مەندە گۇمان) .
قىرغىقىمنى بۇزۇپ بىر كۈنى
قۇيۇلىمەن ساڭا ئەي سۇبھان!

كۆك دېڭىزنىڭ گۈمبىزىدە ئاي،
شامال خەلقى ئىبادەتتە
مەن ئۆزۈمگە چۆككەن ھالەتتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئەنە شۇندادىق جايلاردا

ئادەم پاناھسىز
خورما دەرەخلىرىنىڭ قاقشال چوش پەيتىدە.
پەشتاقلاردا، دۇكانلاردا، دېڭىزنىڭ ئىچ كېيىمى يېنىدا
قولىدا دۇربۇن ، مۇبالىغا قىلغۇچى ئەينەك
رېئاللىقنى زەڭگەر خىيالدەك.

چىقىرىدۇ بېلىقلار پۇۋلەپ سۇ ئۈستىگە يالقۇن ۋە شامال،
سۈزلىدۇ دېڭىز كۆك رەڭدە، دولقۇنلاپ تۇرغان مۇھەببەتنى،
شەھەرنىڭ ئوچەي ـ باغرى چۇۋۇلغان، ئەينەكلەرگە سىڭىنغان
ھەم يوپيورۇق قىلىنغان،
قاچانسىن بىرى بېلىقداندا بىز ۋە ئىنتېرنېت توردا دېڭىز؟

كوندۇز دېگەن مۇشۇنداقمىدۇ؟
تېرىسى سويۇلغان ئادەم مىخلاپ قويۇلغان ئىش ئۈستىلىگە.
جەننەت دېگەن مۇشۇنداقمىدۇ؟
تىقما ـ تىقما كىشىلەر ئارا يەنە يالغۇز ئادەم ۋە ھاۋا .

ھويلا تېمىدا قىزىل چېچەكلەر، چاقنار يولدا روپاش، لېچەكلەر
پاتمىچۇق چىقىرىپ نەم تىلىنى يالار ئۆتتەك چوشتىن كېيىننى .

ھەيكەللەرگە ئاق كەپتەر قونغان، ئېغىر تۇيغۇ بىزگە ھۆكۈمران
چىملىقلاردا كۈيلەيدۇ فونتان، قانداق ئۇنتۇش مۇمكىن دەردلىرنى.

ئەنە شۇنداق جايلاردا
قۇمدەك قىزىق ئايلاردا
كۈتمەكتىمەن تېلېفون ياردىن،
يامغۇردىن،
تەقسىردىن.



## ئىككى بېلىقنىڭ ئارىسىدا

ئەينەكتەك سەھەر،
سۇنماقتا سۇدا
دېڭىز بىر شەھەر.

گەپ قىلىدۇ بېلىق بېلىققا
تېلېغوندا، سۇكۇتتە، دولقۇندا.

سېغىنىشنى سېزەرمۇ دېڭىز،
قانقاندا شامال
كۆپكۆك خىيال ئۈستىدە.

ئىككى بېلىق ئارىسىدا
سۇسىز كۇنلەر..

بېلىق سۆيدى بېلىقنى
شەھەر بىلەن چۆل ئارىسىدا.

ئۆلۈم بىزنىڭ سۆيىمىز،
ئۆلۈم بىزنىڭ مەرۋايىتىمىز،
ئۆلۈم بىزنىڭ باشقا ئېتىمىز.

ئىككى بېلىق ئارىسىدا
ئىككى ئىسىم كۆيمەكتە
قىزىلگۈلدەك.

# ئىرانغا ئۇچۇش

كونا كىتابلارنىڭ ۋاراقىدا
سارغايغان
ئۆپرىگەن
ئاي چىققان ئىران.
يوقتۇر ئىمكان
بارماسلىققا.

دېڭىز بىلەن كۆك ئارىسىدا
چۈش كۆرمەكتە ئىككى رەت ئىنسان.
چىشلىمەكتە پەستە شوخ دېڭىز
گىرۋىكىنى يەرنىڭ نانىسىمان.

بىراق قۇم دېڭىزى تەكلىماكان
يىراق يىپەكلەرنىڭ ئەسلىمىسىدە،
يىراق دەردلەردىن يۈرىكىم زىدە.
مانا بۇ ئىران
ئايرودرۇم سىرتىدا،
گۈللەر ھال رەڭ توختىغان يەردە
قۇرئان بىلەن ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا.
ئۇخلاۋاتقان فىردەۋس
تۇيماي قالدى كەلگەننى مېھمان،
كۆرۈشۈشكە بولمىدى ئىمكان.

تۇرۇپ بىر ھازا
قايتتىم ئۆزۈمگە
ئىراندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئۆلگەن تۆگە

ياتىدۇ تېنى
قاچماقتا جېنى
تېز سۈرئەتلىك يول بىلەن
رول ئارىسىدا.
تەشۋىشلەرگە تولغان بىر ئەسىر،
قارا قۇيۇندەك كېلەر ماشىنا.
چۆل كىرىدۇ شەھەرلەرگە
چۆل چىقىدۇ شەھەرلەردىن،
يوللاردا تۆگە.

ماشىنا ئەينىكى سۇندى جاراڭلاپ
قانغا بويالدى تۆگىنىڭ بېشى،
رېزىنكىدەك تىتىلدى تېرە.
يوللار نەزىر – چىراغ سۈپىسى
ئادىل ئوقۇپ ئۆتتى مەرسىيە.



# ئۇيغۇر كوچىغا چىققاندا

بازارنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىدۇ،
يات ئادەم ياتنى ئۆز بىلىدۇ،
كوچا ئەمەس سامانيولى بۇ
ئىرىكنى قىچقارساڭ ئۆلۈك كېلىدۇ.

دۈشمىنىنىم بەزدى، غېرىبلىق ئەزدى،
قولۇڭنى بەر، ئەي ياقا يۇرتلۇق.
يوقتىن كەلگەن يوقىقا قايتارمىز،
يوقاتقىنىمىز بولىدۇ قۇتلۇق.
ئۇيغۇر بولۇپ چىقتىم چەت ئەلگە
ئۆتتى گويا بىر كۈندە يۈز يىل.
كەچۈرمەيمەن دوستۇم قىيامەتكىچە
دۈشمىنىم رەنجىتكەن بولسام ئەپۇ قىل.

ئىت يايلى ئۆچتى سارغۇچ بەتلەردىن
باتۇرلۇق كۆچتى قىلىچلىق ئەردىن.
ئۆلگەن كۆرەلمەس ئۆلتۈرگۈچىنى
نامەردلەر مەردلەردىن ئالار ئۆچىنى.

روھىمىزدا تاج خوراز تاجىدەك
يېگىلدۇق بۈگۈنكى دۇنيا مېكىياندۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەسىرلەر بويىغا يەتتى بىر ـ بىرلەپ
لىكىن ھەي قىزلار قىرىماس ئۇيغۇر.

ئۇيغۇر كوچىغا چىققاندا مەغرۇر
دىرەخلەردە مۈك، ئۆيلەردە قەبرە.
قاتقان يەرلەردە قۇترايدۇ شەھۋەت
قاقشال سۆكۈتلەر گوياكى نەرە.

ئۇيغۇر بولۇپ كوچىغا چىقتىم
غەمزىسى يات، ھۆل، قىزىق بازار.
ئۇيغۇر بولغۇم كەلدى مىڭ قېتىم
مۇھەببىتىم بۇلدۇقلاپ ئاقار.



# غېرىب خىيالنى سورۇۋالسۇن

دەرەخ ئاستىدا سورىمەن خىيال
ئوڭدا يېتىپ كۆپكۆك، تىپتىنچ.

تومۇزغىنىڭ قانىتىدا بىر غېرىچ
ئۈچ يۇلتۇزنىڭ بېشى پارقىرار،
ئۈچىنچىسى چۈشكەن چېكەمدىن.

كۈن چىقىشقا ئات سالدى خاقان
ياۋ كاللىسى ئۈزۈلدى تەندىن.

قايتقىنىمدا ئەزىز ۋەتەندىن
تۇتماق بولدۇم مۇزدەك ئىسمىنى،
يىراقلىدى كۆك دېڭىز مەندىن
كۆك ئۈزۈمى تۆكۈلگەن هالدا.

بۇژغۇن ئاپئاق قىزلارغا دالدا،
يۆيۈندۇ خورما دەرىخى
سۈزۈك لېكىن ئىسسىق شامالدا.

تەرلەپ كەتتىم
شېئىر يېزىش تەس،
قەھۋە ئىچىش تەس،
ئەركىن بولۇش تەس.

پەنجىرىدە تۇغدى ئاي،
ئۇ ئەرەبنىڭ ئېيى بەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ياندىكى ئادەم

بىنالارنىڭ كەينىدە بوران
ئىگرار،
ئاقار،
باقار ناتونۇش.

غېرىبلىق قۇش
قوندى مۇرەمگە
چۇشۇۋاتسام تاكسىدىن.

ئەتراپىمدا ئەتىر ھىدى
تىلسىز بوران ئايالمىدى؟
ئورىۋالغان يۈزلىرىنى.
ئۇ كىم؟ تارتماقتا چىلىم،
سۇ كۆلەر كۆمۈش جامدا،
ئۈستىنخانسىز، چىشسىز، جانسىز...

... تۇتتۇم قۇمنى
ئاش ـ نان ئەمەس يۇتتۇم قۇمنى،
شامال چېچەكلىرى چۇشكەن يەردە.
چۇشكەن يەردە سەن بىلەن مەن

ئوينار ۋەتەن،
ئويلار ۋەتەن،
ئويلار سارغۇچ مېنىڭ ئويلىرىم.

بېلىق ئالغۇچ
بېلىق چىشلەپ چىقتى دېڭىزدىن.
قىزدەك ئىسسىق نازۇك بىر كېچە
قۇچاقلىدى ساھىلنى تېزدىن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# جەننەتتىن چىقىپ

ماي يول بويىدا كۆردۈممەن كۆزنى
چېچىكىدە ھال رەڭ جىمجىتلىق.
پىكاپ ئوقتەك ئۆتەر يېنىدىن
بەلكىم كىمدۇر تويغان جېنىدىن،
ھايات بولسا قېنىق كۆك رەڭدە.

ئاستا كۆزدە ئالدىراش ھەممە
ھەمدە شەھەر قاقاس تېخىمۇ.

ئەزان ئاۋازى
ئۆيىغۇسىدىن ئويغاتتى
ئەخلەتتە ياتقان مۈشۈكنى.

مۈشۈك ئۆلگەندىن كېيىن
كارىۋاتتىن قوپتى ئايال
يەنىلا ئاچ بىمالال.

شەيتان ماڭار يوق غور - غور شامال.

چىمەنلىكتە ئۇخلايدۇ ئايال،
ئادەم ئاتا ئازغان شۇ كۈندە
شوخ بۇلاقتەك ئېچىپ كۆزۈمنى
زەيتۇن تۇۋىدە كۆردۈم ئۆزۈمنى.

# گۆھەرپۇرۇش ئەخمەد ھەمدانىنىڭ نامازشامدىن كېيىنكى ۋاقتى

زۇمرەت كۆزلۈك ئۈزۈك بىلەن باشلاندى.
بۇ ۋاقىت
قۇش بىلەن سۇلتاننىڭ ۋاقتى
خۇشال ـ خۇرام شىكاردىن يانغان.
سايەمنى كۆرۈپ ئىشىككە باقتى
بۇ شېئىردىكى ئەخمەد ھەمدان.
ئۇ شۇنچە باي مەمەدان
خرۇستال چىراغلارنىڭ ئاستىدا
قانات بېرەر ئەرەب قوملىرى
ئېقىپ كېلەر نېفىت بىلەن زەر.
ئۇ نېمە دەر باشقا قۇملۇقنى
تەكلىماكان قاقىقىنىدا پەر،
سورىسامەن يۇرتۇمنى ئەگەر.

ئەگەر « مىڭ بىر كېچە »دە بولسام
دېڭىز قاراقچىسى ۋە بوراندىن كېيىن
چىقىپ قالدىم يات بىر شەھەرگە.
بۇ نامازشام مەزگىلى ئىدى،
شامالدا خورمىلىق باغلارنىڭ ھىدى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



رەستىدە چىراغلار پورەك ـ پورەك.
ئاق كىيىملەر مەسچىتكە ماڭغان
قارا لىباسلار قارا يالقۇندەك.
كۆردىكى ئەخمەد ھەمدان
غەم ـ غۇسسىگە چۆمگەن بىر غېرىب
ئەينەك ئىشكتىن كەلدى كىرىپ. . .

جاۋاھىر بازىرىدىن قايتتىم ھېرىپ
بۇ شېئىرىمغا يۇلتۇز كۆپ چېكىلت.



## گۈل. قويۇن

ئىككى تال گۈل ئۈزۈلۈپ
ئايلانماقتا سۆسۈن رەڭ،
سېھىرلەنگەن تەن.

قويۇن
ئوينايدۇ ئويۇن
تەلۋىلەرچە بېرىلىپ.
دەل ـ دەرەخلەر ئاچماقتا قويۇن
ئاچماقلىرى بوش ـ بوش كېرىلىپ.
نېرىدا ئاپتاپ
شېرىن ـ شېرىن. . .
نېرىدا ئاپتاپ ۋەتىنىمدىن
ئۆزگەرمەكتە رەڭگىم ياپراقتەك
ھاياتىمنىڭ قارا قويۇنىدا.

ئىشىنىمەن مۆجىزىگە ئەڭ.

بىر كۈنى چۈشتە
ئۈزۈلۈپ ئىككى گۈل تەك
سېھىرلەندى سۆسۈن رەڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# ئۇممان خورىزى

شاھانە تاج بېشىدا
ئۇ سەھەرنىڭ قېشىدا
چوقۇماقتا ئاق يۇلتۇزلۇق كېچىنى.

باسار غەپلەت
شەھەر ئىچىنى
ئەتىگەنكى يول سۈپۈرگۈچى
كۆرۈپ بىر تال ئايال چېچىنى،
يامىرىسا شەھۋەت
باسار غەپلەت شەھەر ئىچىنى.

ھېچكىم بىلمەس بابىل قەيەردە،
قانچە ئۆيلۈك تۇتۇنىنىڭ سانى،
گۇناھ قىلغان قانچىسى زادى.

ئاللا ساقلار پاختىدا ئوتنى
چوغنى كۈلگە كۆمۈپ نىھايەت.
چوغدەك قىزلار قارا ھىجاپتا
بەلكىم شۇڭا يىراق قىيامەت.

ياڭرىماقتا بامداتقا ئەزان،
ئۇخلىمىدىم پۈتۈن بىر كېچە،
ئۇخلىمىدى قەدىمىي ئۇممان.

# دۇربۇندا كېچىگە قاراش

يوق يىراق جاي،
يوق يىراق دېڭىز،
سۇ بىلەن ئىز
تەندە، كوچىدا،
ھەممە چىراي يېقىنلا چىراي،
يېقىنلىدى دەرەخلەر تېز – تېز،
تېز – تېز ياشاپ بولدۇم بىر كۈندۈز.

ئادەملەر غۇۋا. . .
قىلىمەن دۇئا،
بۇنىڭدىنمۇ سۈزۈك ھالەت يوق.
قارايمەن دۇربۇندا يېنىمدا تۇرۇپ
بۇنىڭدىنمۇ يېقىن كېچە يوق.
كوچىنىڭ بېلىقسىمان ئاغزىدا ئاي،
شەھەر ئادەملەرگە لىق تولغان ساي.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى



# سۆگەتكۈلنى تونۇدۇم

ئېچىلىپتۇ ئاپتاپتا،
تونۇش، قىزغىن
ھېرىش يەڭگىل غېرىبلىقتىن. . .

شەھەرلەرنى بېسىپ ياۋ بىردىن
ئېسىپ قويار سارغۇچ باشلارنى
سېپىل ئۈستىگە.
يات تۇپراقتا، يات كوچىدا مەن
گويا باشسىز مېڭىپ يۈرگەن تەن.
ئۆتمۈش كىشىگە ھازىردەك يېقىن،
سۆگەتكۈلنىلا تونۇدۇم لېكىن.

ئادەملەر ناتونۇش، ئاللا تونۇش
ئاڭلىغىنىم قۇرئاننىڭ تىلى،
بايقىغىنىم ئالەمدىكى بىر.
مەن مەن ئەمەس ياشىغانىسىرى
ھەر كۈنۈم ۋە ھەر بىر نەرسەم سىر.
تونۇدۇم سۆگەتكۈلنى
ئېچىلىپتۇ يول بويىدا
يولىمىز بىر.

دېڭىز تۇزلۇق تىلى بىلەن
يالىماقتا يات شەھەرنى،
سۆگەتكەك ئاپئاق سەھەرنى.

# تارىخ

ئوردا خارابىسى.
سىپىل ئۈستىدە قەدىمكى ئاپتاپ،
شامال ۋاللىدىغان قىلىچ بىسى.
قىزغۇچ يۈزىدە ماڭار چۈمۈلە
ئايلىنىپ تاش – تۇپراققا خاقان.
كۆندۈز كۆندۈزنىڭ ئۈستىدە
قەتلىئام غۇۋا كۆرۈنمەيدۇ قان.
خارابىدە ياشايمەن يالغۇز،
يىللار يەلپۈنەر ئات يايلىدەك ئۈز
تىللار ئاجىز ئىپادىلەشكە.

كەچتە،
ئۇخلاپ قالدىم بىر پەستە،
يۈزلىرىمدە نۇرغۇن چۈمۈلە.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# چۈشتىكى دېڭىز

چۈش
چۈشمەكتە ئېقىپ،
كۈننىڭ شارقىراتمىسىدىن،
بىنالارنىڭ دېرىزىسىدىن،
خورما يوپۇرمىقىدىن،
دېڭىزغا.

بۇ پەيت دېڭىزدىكى، شامال ھەم بېلىقنىڭ پەيتى
ئويناپدىغان پۈۋلەپ سۇنىڭ كۆك يالقۇنىنى.
بۇ چاغ ئىمپېرىيىنىڭ كۆك قوشۇنى ئۈركەشلەپ
ھەيۋە كۆرسىتىدىغان چاغ بويسۇندۇرۇلغان يەرلەرگە.
بۇ، ئەتىر ساتقۇچى خۇش پۇراق دۇكىنىنى تاقايدىغان چاغ.
بۇ، دېڭىزغا ئېچىلغان بىر ئىشىك ئالدىدا مەن ئۇن ـ تىنسىز
مۈگدەپ چۆككەن چاغ.
بۇ، ھايات بىلەن ماماتنىڭ سۇدىكى ئىزى ۋاللىدىغان دەقىقە.
شەھۋىتىم تۆگە ئولتۇرۇپ نەزىر قىلىنغان شەھەرلەردەك
بۇيۇك تۇيغۇدا.
سالاھىيىتىم مۇشۇكتىنمۇ بىچارە، يولۋاسلىرىم تېخى
ئۇيقۇدا.
كۆڭلۈمنى بۇزما، ئەي سەدەپتەك تارتىۋېلىنغۇچى،
دېڭىزدىن تىرەن مەنىلەرنى ھېس قىلغۇچى.

مەرۋايىت سۈزۈۋالدىم، ۋاقىتنىڭ سۈپسۈزۈك ئاستىغا قولۇمنى تىقىپ.
ئۆزۈمنى تۈزۈۋالدىم، كۆيغاق دولقۇنلاردىن ئەزاننى ئاڭلاپ.

قوندى سۆزگە قاناتلىق خانىش،
مەن بىپايان ئەينەك ئوردىدا.
چىقتىم، بۇ ھەقىقىي چىقىش ئەمەس،
قايتتىم، بۇ ھەقىقىي قايتىش ئەمەس.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى



## ئەسىر بىلەن شام ئارىسىدا

ئەگەر بىر قىز بولسا رەسىمدە
ئەسىر بىلەن شام ئارىسىدا.
پەتىۋاسى باردۇر ھەدىستە
ئەسىر ۋاجىپ،
يا ۋاجىپ ئەمەس.

ئەسىر بىلەن نامازشام ئارا
بىر غۇنچىنى پۈۋلىدى ئاللا.

ئەسىر بىلەن نامازشام ئارا
نېمە قىلسا قىلغاي قىز بالا،
ئاسمان بېغى چېچەكلەيدۇ لىق،
چۈنكى بىر قىز بولدى چىرايلىق.

# دېڭىز بىلەن مەن

شىلدىرلار كۆكۈم، پىلدىرلار كۆكۈم،
دېڭىز بويىدا.
شاۋقۇنلار يېڭى، دولقۇنلار يېڭى
غەم باستى مېنى دېڭىز بويىدا.
سالاھىيىتىمنى پۈۋلەيدۇ شامال،
ۋاقىت ئۈزەر جىم چېچەكلىرىمنى.
ياساپ قۇملاردىن ئالتۇنرەڭ گۇردا
كۆمدۈم ساھىلغا قەدەم سىرىمنى.
ئات ئاق يايلىق دولقۇننىڭ ئېتى،
قان ئىچىدە چاپماقتا، كۈن پاتماقتا.
مانا بۇ دېڭىزنىڭ شانۇ ـ شەۋكىتى،
مانا بۇ ئەسلىمە قالغان ئۇپۇقتا.

ئاھ، دېڭىز خەلقى چوڭقۇر ۋە قورغاق.

سۇ ئاستىدا مەن ئاغزىمدا يالقۇن،
بۇ مېنىڭ جېنىم، بۇ ئانا تىلىم.

ھەي كۆك دېڭىز، سېنى ئاناڭ تۇغقانمۇ؟
ئەي بەختىيار قىز، سەن دېڭىزدىن چىققانمۇ؟

ئۇچتى بىر كەپتەر دېڭىز رەڭگىدە،
دومىلاپ چۈشتى،
بىر قىزىل شەبنەم ئۇپۇق بەرگىدە.

## ئەرەبلەرنىڭ سۆڭىكى

دېڭىز سۈيى ساھىلنى يالاپ
قۇملۇقلاردا مايلىق پارقىراپ
ئەرەبلەرنىڭ سۆڭىكى
مېڭىشىپتۇ غەربكە قاراپ.

يىراق غەرب،
جېنى تېنىگە
يىراق غەرب.



# خۇشال ئۆتكەن بىر كۈن

ۋەتەن غېمى چاقنار روجەكتە
بۈگۈن سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ.
يېڭى بىرئوت كۆيەر يۈرەكتە
بۈگۈن سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭ.

ھەسەل ھەرىسى چاقنىتىپ قانات
گۈلدىن ـ گۈلگە ئېيتار خۇش خەۋەر؛
مۇشۇ يولدىن كەلمەكچى خانىش
بۈگۈن بىزگە سوۋغات شېرنە بەر.
ئۇ تۇغۇلغان ئەتىر گۈللەردەك
ئۇ ماڭغاندا ئېپار پۇرار يەر.

كىچىك شامال بويىغا يېتىپ
ئېسىۋالار كۆمۈش قوڭغۇراق.
قۇياش كۈلەر كۆزنى چاقنىتىپ
يول ـ يوللاردىن كۆز ئاچار بۇلاق .

تۇغۇلغان كۈنۈڭ
پۈۋلەيدۇ مامكاپلارنى
ھايات بېغىمدا.

تۇغۇلغان كۈنۈڭ
يېشىل رەڭدە سەن ئامراق
شام ئۈستىدە ئويناپدۇ قىزىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قارا تۈنده ئويلايدۇ ئاپئاق.

تۇغۇلغان كۈنۈڭ
جىمىرلايدۇ كېچىدە
ئالتۇن ساندۇق ئىچىدە.

تۇغۇلغان كۈنۈڭ
يۈرىكىمنىڭ ئىچىپ قېتىنى
ئوقار ئوتلۇق سۆيگۈ خېتىنى.
مەن سېنى دەپ كەلدىم دىلبىرىم
مۇساپىرمەن سەنسىز ھاياتتا.
چۈمۈلىلەر سەن كەلگۈچە تا
ھەر ھەپتىدە قۇرۇق كارىۋاتتا
كۆرپەمىزنى ماڭار يول قىلىپ.

تالا مېنى كەتكۈزەر ھالدىن
تىلى غېرىب، ئىسسىقى غېرىب.
بۇ جاپالار تاتلىقتۇر بالدىن
ھەر كۆرۈشەك قۇچاقلار كىرىپ.

تۇغۇلغان كۈنۈڭ
يات بىر شەھەردە
فونتانلارنىڭ يېنىدا
مۇھەببىتىم تۇرىدۇ ئوخچۇپ.
قېنىم ئاقار ئوتنىڭ قېنىدا،
قاراشلىرىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس ئوت،
بۇ مىنۇتلار مەڭگۈلۈك مىنۇت.

# كۆنلەرنىڭ ئەينىكىدە

بىر توپ ئاسىل كىردى دۇكانغا
يېنىپ چىققان بىردۇر بۆيانغا،
سۈزۈك نىقاب تىرەپ ـ تىرەپلەر.
ئېنەك شەھەر
چاقنار ئەرمىلەر،
قۇملۇق قاراپ ياتار نېرىدا
بوز قۇيرۇقى بىنا يېنىدا.

قۇم بالىسىمەن
قۇمدەك كەلدىم تەكلىماكاندىن،
كۈنلەر ئۆتمەكتە قىزىل تۇغدەك
سۆزلەر ئەرمىچە ئىسسىق ھەريانىدىن.

باشلىرىمىز سېپىل ئۈستىدە، ئاي قىپقىزىل دەريا سۈيىدە
دەل ئاشۇ كۈندە.
بۇ شەھەر كۈتۈۋالدى ياقا يۇرتلۇقنى
غۇنچىدەك لەۋلىرى يۇمۇلغان، گۈلدەك سەھىپىلىرى ئېچىلغان چاغدا.
بۇ شەھەر كۈتۈۋالدى ياقا يۇرتلۇقنى
كۆكگۈمىنىڭ ئىچكىرىسىدە، مەسچىت گۈمبەزلىرى شولا تاشلىغان
شەھرىزاد ھېكايىسىنى باشلىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ شەھەر كۆتۈۋالدى ياقا يۇرتلۇقنى
ئادەم ئاتا ئەگىشىپ ھاۋا ئانىغا بىقارار كېتىۋاتقان چاغدا،
باغدا مېۋىلىرى چاقناپ تۇرغان تۇن، تەن دەرىخىدە جىمىرلىغان ئاق يۇلتۇزلار.

تېلېۋىزورنى ئاچتىم يېرىم كېچىدە، يا رەببىم، مەيدانلاردا شەيتان
ئۇسلۇبى چاچ ۋە تېرىسى كىيىمىمىدۇ قىزلارنىڭ؟
يا رەببىم، شۇنداقمىدى قىلمىش ـ ئەتمىشى ھەددىدىن ئاشقان بالىلىقلارنىڭ؟
شۇنداقمىدى قاتتىق ئاۋازدىن ھالاك بولغان گومراھلارنىڭ چىرايى؟
ھەمدە توپان كېلىش ئالدىدا كۆتۈرۈلگەن قەۋمىنىڭ ئاھى؟
ئاھ خۇدا، ساقلىيالماپتۇق بۇيۇك سىرىڭنى بەرھەق، قايتۇرۇۋەت تۇپراققا بىزنى...

كۈندۈز
ھەر ئەينەكتە مىڭ بىر يۈز،
قاچماقتا پۇل قوغلار ئادەملەر،
قۇرۇقلۇقتا، سۇدا، ھاۋادا.

بۇ تاش شەھەر سىنىدى مېنى،
پەرق يوقكەن ئىنسانلار ئارا.
زېمىن بەرگەن سالاھىيىتىمنى
نەگە بارسام پېشانەم يارا.

يەنە ئىستىق
دومىلايدۇ ئېرىپ بېشىمغا.

ئاخىرى يوق سېمونتلاردا
يۈرگىنىدە دەسسەپ پېشىمغا،
قىزغىن ئېچىپ قاناتلىرىنى
تونۇش بىر قۇش كەلدى قېشىمغا.

پاختەك!
كىشىنىڭ يۇرتىدا پاختەك
قونار سىملارغا شاخ يوقتەك،
قونار ھەم مەن قۇرۇق شاختەك.
سەندەك سايراي دېسەم پاختەك
يۈرىكىم ھېچ ئەمەس ساقتەك.

ئۇچتى پاختەك پۇررىدە، نەچچە يۈز يىل ئۆتتى غۇررىدە.
باشلىرىمىز سېپىل ئۈستىدە ئاي قىپقىزىل دەريا سۈيىدە دەل ئاشۇ كۈندە.

چىقتىم ئالتۇن بازىرىدىن
رەڭگارەڭ چىراغلار ئارا
قاتتى زاۋال بارا ـ بارا.
ھېدەپ ئاپئاق پىكاپىنى
قۇملۇقتىكى داچىسىغا
كىرىپ كەتتى ئەرەب بالا.

قۇم شامىلى ئىسسىق، قارا..

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



# بىر كۈندە بەش قېتىم ئۇخلاش

ئۇخلىدىم،
كارۋات قانغا بويالغاندا
كۈن نۇرىنىڭ قىلىچلىرىدا،
بېقىنىمدا ياتقىنى ۋەتەن.

ئۇخلىدىم،
بوۋغۇنلارنىڭ ئارىسىدا
سۇ پەرىسى كۆمۈش بەدەن.

ئۇخلىدىم،
ئوغلۇمنىڭ بىر يېشىل چۈشىدە
خورما يوپۇرمىقى ئۈستىدە
شاماللاردىن چۆچۈپ ئويغىنىپ.

ئۇخلىدىم،
كۈنلەرنىڭ يارىسىدا
قۇم بىلەن گۈل ئارىسىدا
يىلاندەك تولغىنىپ.

ئويغاندىم،
باشقا جايدا باشقا ئەسىردە،
ۋالىلدىغان مەرمەر قەبرىدە
خاقانلاردەك ئۇيقۇغا قېنىپ.

# ئوغلۇمغا مەدھىيە

كۆزلىرىمگە كۆرۈنسەڭ بالام
ئايغا باقسام، قۇياشقا باقسام،
دۇئا قىلدىم تۇرغان يېرىمدە.
ئۆملەپ كېلىسەن يولتۇزلاردىن
يۈگۈرىسەن كۈندۈزلىرىمدە.

ئايىغىڭ چىقتى ئايغىر ئاتتەك
تىلىڭ چىقتى تىلسىماتتەك،
شاھسىز كۈنلەردە ئۆيىمىزگە
پەيدا بولدۇڭ رىۋايەتتەك.
پوق ـ سۈيدۈكۈڭ ئىپار ـ ئەنبەر
بىز كەينىڭدە بىر توپ نەۋكەر.

قولىمىزدا قاچا ـ قوشۇق
تاماق يەيسەن قېچىپ يۈرۈپ.
سۈت ئىچىشىڭ ئاسلانلاردەك
كۆلدۈرىسەن قاپاق تۇرۇپ .
ماڭسا تامدا ھەسەن ـ شېرىك
مىجىقلايسەن تۇتۇپ تىرىك.

قورقۇپ ئەينەك، لوڭقا، سائەت
مۆكۈۋالار چاقمىسۇن دەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



داستىخاندىن قاچار مەزە
ئىمران كېلىپ چاچمىسۇن دەپ.
كىم ئۇلارغا سالسۇن قۇلاق،
بالام ئوماق، بالام ئوماق.

ئاسمانلاردىن چۈشەر ئۈيقۇڭ
پەرىشتىلەر بىلەن ئاستا.
گۈل قېتىدىن چىقار ئۈيقۇڭ
قىيام بولۇپ شېرىن، ئاستا.
چۈش قۇشلىرى چۆرۈلىسا
كىرپىكلىرىڭ سايە تاشلاپ
ئورمانلارنى كېلەر باشلاپ.

بوتىلىقىم، ئالتۇن بالام
چۈشەنمەيسەن ھېچنېمىنى،
مۇڭغا چۆكۈپ تورۇپ قالسام.
چىقماي ئوينا بۇ ئۆي ئورداڭ،
سورىمىغىن نەدە داداڭ.
بەختىڭ پۈتۈن بولغاي سېنىڭ
بېشىڭغا تاج قونغاي سېنىڭ.

ئۆيىمىزگە
پەيدا بولدۇڭ رىۋايەتتەك،
تىلىڭ چىقتى تىلسىماتتەك،
مېڭىپ كەتتىڭ ئايغىر ئاتتەك،
يېشىل ـ يېشىل چۆچەكلەرگە.

## سەنئەتكار

قورغاندا ئىسمى چىقىپ
قۇملۇقتا يۈرگەن ئۆزى.

تۆت كوچىدا كۈندۈزى
ئىككى تۆگە، ئۈچ بوتىلاق
بىر ـ بىرىدىن كۆرۈندى ئوماق.
گۈللۈككە كىرىپ قاپتۇ دەپتىمەن،
ئاستا مېڭىپ يېقىن كەپتىمەن.

ئۇلار ماڭا لام ـ جىم دېمىدى،
پەرىشتىنى كۈتمەكتە ئىدى
كېچە ـ كۈندۈز مىدىرلىماستىن.

ھەيكەلتىراش كۆرۈنمەس ئۆزى
تىرىك ئەسەر يارىتىپ تاشتىن.

پارلاق ئەسەر كائىنات يۈزى،
بۈيۈك سەنئەتكار
كۆرۈنمەس ئۆزى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# توختاش

توختىدى خوراز تاجى قۇياشتا،
قەبىلە باشلىقى مۇڭغا چۆككەن.
ئاخىرقى دەرەخلەر بىر سەپ شۇ تاپتا
شەھەرنى ياپپېشىل كېسىپ ئۆتكەن.
مەغلۇپ بولغانلار ئۇمىد ئىچىدە
ھېچنېمە يوق غالىبلار كۈتكەن.

ئەسىرلەر قان،
توختىدى چىڭگىزخان
ئاخىرەت شەھىرىگە بېسىپ كىرىپ.

چۈشتىن كېيىنمۇ تۆگىدى ئېرىپ،
مەنە ئىزدەيمىز بازارغا بېرىپ
يا تۇترۇقسىز ئىشلارنى قىلىپ.
پۈۋلەيدۇ شامال ئاستا ـ ئاستا
ئېچىلغان گۈللەرنىڭ شېرىن چۈشىنى،
قاقشال زېمىننىڭ ئۆتمۈشىنى،
قاقشال كىشىلەرنىڭ يېشىل كۈچىنى.

توختىدىم
قىزغۇچ گۇگۇمدا ماشىنا بىلەن،
شەھەرنىڭ تېرىسىگە سۈركىلىپ
توختىدى كۈندۈز قاراڭغۇل، تىرەن.
تىلىمىزنى ئۇقمايدۇ كېچە
مۇڭدىشارمىز ئەمدى كىم بىلەن؟

# بىر كەپتەر ئۇچتى

پىشمىدىن كېيىن
دەرەخلەر كەتكەن،
مەيداندىكى بىر توپ كۆك كەپتەر
قەپەستىكى سۇسىمان بەدەن.

ئۇچتى
سايە دەرەخكە،
ئادەم شەھۋەتكە.

چۈشتى
بىر تال داننى چىشلەپ ئاغزىدا،
دۇنيا يىراق توپان ئاستىدا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ھەقىقىي سېھىر

تۇن ئالۋاستىسىغا سانجىدى نەيزە
تالڭ تەگرىسى يەنە بىر قېتىم
ئوغۇزخان قارلىق تاغدىن سورىدى
قېنى مېنىڭ ئاق ئېتىم.
ئىشىك ئالدى قوم پىرامىدا
مانا بۇ بالىلىق رىۋايىتىم.

كۆنلەر ئۆتتى
ئاقسىغان پېتىم،
كومپيۇتېر ئالدىغا كېلىپ
قارىدىم بۇگۈن بارمۇ ـ يوق خېتىم.
ئېكراندا دولقۇنلۇق دېڭىز
گەپلەشمەكتە ئادەم بىلەن كىت.
مۇنبەرمۇ يا نەزىر سۇپىسى؟
پېرىخونمۇ يا پىرىزدېنت؟
يىراق توكيودا كۆرۈنەر لوندون،
بىراق كۆندۈز كېچىدىن پىنھان،
ئەينەك قېبىلە، جىمجىت قەتلىئام
كوچىلار ئاۋات كۆرۈنمەيدۇ قان.
تەنھا قۇملۇق ئىلگىرىلەر پۈتسىز
يۈرىكىم سۇ يۈرتۇمغا باقسام.

توك سىملىرى ئۆمۈچۈك ئارال
ئېلىپكتىر بىر دەھشەتلىك دىۋە.
كۆتۈرۈلەر ئاسمان ـ پەلەك ئوت
كۆيمەس ئېكران، كۆيمەس ھىچنىمە.
ئالدىمىزدا قۇشتەك بىمالال
كىيىمىنى سالىدۇ ئايال
ياكى سانسىز باشقا مەنزىرە. . .

سېھىرلەنگەن بىر دەۋر،
ئۆي ئىچىدە قىلىمىز نىدا
ئۆي ئىچىدە قۇم پىرامىدا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ئەلئەيسىدىن دۆبەي شەھىرىگە

كۆنلەر كۆنلەرگە يەملىشىپ
ماشىنا ماشىنىغا ئەگىشىپ
دېڭىز بىلەن ئۇچراشتۇق يەنە.

خوتۇنۇم شېئىر يازدى ھاۋاغا
ئاۋازى يالقۇن، سۆزۈك ئەينەكتە.
قولىقىم ئۇنى ئوقۇپ بەرمەكتە
تالاغا،
ماي يولىغا،
دۆبەي شەھىرىگە.

سايىدىن سوزۇلغان سۇس قارا يىپ
قايتا - قايتا كېتەر كىرىپ
كۆك دېڭىزنىڭ بەرگىگە.
. . . ھاياتلىق.
سۇپسۇزۇك
مارجانتاشلارنىڭ كۆپۈكلىرىدە
پارقىرىغان تاش ئەمەس بېلىق.

# سۆڭەكلىك پاشا

چىقتى ئەزان
ئۈستىدە ئاي،
تېنىمنىڭ قاراڭغۇ كوچىلىرى
شەھۋەت قاراقچى ئۈستىدە ئاي.
چار بازارچى قايتىدۇ ھارغىن،
پۇل ئېغىر تاش، تاش ئۈستىدە ئاي.

بۇ كۈنلەرگە قىلدىم تەۋەككۇل،
بۇ تۈنلەردە يارىمىنىڭ چېچى،
يۇمشاق غەمگە تولدى ئۆي ئىچى.
ۋىجدانىمدا سۆڭەكلىك پاشا
چاقسا ـ چاقسۇن ئادىل، چىڭ پاشا!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئۇ

ئۈستۈمدە ئۇ تۇرىدۇ قاراپ
تۈتتۈم
تامىنىڭ
قولىنى
ئىسسىقتىكى زەيتۇن تۈۋىدە
غەملەر بىلەن ياپراق ئارىلاش.
تاپالمىدۇق روھنىڭ يولىنى
بىز ھەر كۈنى ئەنسىز، گالدىراش.
ئېسىمىزدىن چىقار بەزىدە
سەجدە قىلىش، غەيبقا قاراش.

كۆزنەتەر خۇدا
گۈل سايىسىدا
ھاشا چۈمۈلە
مىنۇتلاردىن ئىزدەپ رىزقىنى
ماڭغان ئۇزاق چۈشتىن كېيىنگە...
نۇرغۇن ئىشلار قالدى كېيىنگە
توختىماقتۇ، ماڭماق شاپاشلاپ.
ئۆپرايمىز،
قېرىيمىز،
قورىيمىز،
دۇنيا بىر تۈپ بۇيا تۈۋىدە
ئۇ ئۇن ـ تىنسىز تۇرار كۆز تاشلاپ.

# بېلىق تىلى

قورغاق يوللارنى بېسىپ ئۆتتۇق
تېنىمىزدە،
ئۆرلىدۇق، يورىدۇق، چۆكتۇق
يىپەك يولىدىكى سۇلالىدەك.

قاسىرىقىمىزنى تۆكتۇق
يەرگە، كارۋاتقا.
سۇ مەزگىلىدە كۆچتۇق
مىنىپ ھالسىرىغان ئاتقا.

ئەسىرلەردىن ئۈزۈپ ئۆتتۇق
غېرىبلىق ئايلاندى مارجانتاشقا.

زامان شىرى ئەسنەيدۇ،
خان خەلقىنى ئەسلەيدۇ
قوڭغۇر تۇپراقتا.

شارقىرىغان مۇنچىنىڭ سۈيى
غېرىبلىقنى تەسۋىرلەر چوڭقۇر.
ياقا يۇرتنىڭ كېچىسىدە بىز
جىمجىت چاقنىغان ئىككى ئۇيغۇر.

ۋەتەن ئىسمى سۇدىكى قۇياش،
پىلتىڭلايمىز بېلىقتا ئوخشاش.

# تالادا مۈشۈكلەر

مىياۋلايدۇ
ئاۋازى قوم ياغقاندەك،
ئاۋازى ھۆللەنگەندەك،
يىرتىلغاندەك.
قوغلاپ بىرسى، قېچىپ بىرسى
ئەخلەتلىكتىن چىقتى يۈگرەپ.
كېڭەيمەكتە تۈن پەردىسى
تېمىپ شەھۋەت
توشۇپ شەھۋەت. .

ماشىنىنىڭ ئاستىدا
غالجىرلاشقان ئىككى مۈشۈك
تىپىرلىشار كۈچلۈك – كۈچلۈك.

قىزغۇچ چاچلار، سېرىق چاچلار
شەھۋەت تولغان روجەك پەردىسى.
ئۆلۈم
زۇلمەتلەردىن قاراپ تۇرار
يوقتۇر بۇندا تۇيار كىشى.

# ئەتىر يوللىرى

ئىشىك ئالدى ئەتىر ھىدى،
ئۆتۈپ كەتكەن كىم بولغىيدى؟
قۇرغاق دەسسەپ پەلەمپەيدىن.

قىزلار قارا ھىجاپ ئىچىدە،
بۇندا ئەرلەر ياشار كېچىدە،
ئەتىر ھىدى يۇلتۇزلار يا جىن.

قاقشال دەسسەپ ھۆل ھەۋەسلەرگە
يانار چىراغلار كەچتە بىر ـ بىردىن
تولۇپ شەھەرگە،
بۇ كېچە ئەمەس.

بۇ كېچە ئەمەس، ئەي بۇيۈك ئىنسان،
زۇلمەت كۆنى ئىنسانىيەتنىڭ
تەن ئۆپۈقىدا.

www.uyghurkitap.com



# بېلىق بازىرى

توڭلىتىلغان بوز بېلىق.
تىرىك بېلىق.
قاسراقلىرى چاقنىغان بېلىق.
كۆزى ئوچۇق، ئاغزى ئاي بېلىق.
سېمىز بېلىق،
قىز بېلىق،
پىلتىڭلاپ، چايقىلىپ، ناز قىلىپ
بازارغا سالار ئىز بېلىق.
ھەي ئادەملەر بىز بېلىق،
ئاھ، خۇدا بىز قانداق سودا؟



# مەن ۋە خوتۇن

يارىتىلدىم،
يارىتىلدى ئايالىم
مېڭىپ يۈردۇق چىمەنلىك باغدا.

شامال سېھىرلەنگەن چاغدا
ئىشقىم ئېتىزىغا چاچتىم ئۇرۇق
ئۈنۈپ چىققى بىر بالا بوۋدۇق.

ماڭدى خوتۇن
ئەرەب تىلىدا.
ئوپئوقچە كەلدىم ئەگىشىپ
نۇر يىلىدا.

ئوقۇيدۇ خوتۇن
جامئەدە ①قۇشتەك قارا.
بۇ ئۇززۇلمەس قەدىم دىئالوگ
ئاللا بىلەن بەندىلەر ئارا.
مەن ئوقۇيمەن ئوت ئىچىدە
سۈنى،

① جامئە: ئەرەبچە ئۇيۇشۇپ مەسچىت دېگەن گەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆزۈمنى،
بۇ شەھەرنىڭ روھىنى.

ھەپتىلەردىن چۈشىدۇ خوتۇن
چۈشكەندەك تولۇن ئايدىن.
شادلىنىمىز جەننەتتىكىدەك
يارىلىمەن قايتا لايدىن.

لېكىن
ئۈستىمىزدە ھامان قارا تاش
كۆرسەتمەيمىز لىغىرلىسا ياش.

يارىتىلدىم،
يارىتىلدى ئايالىم
كۆرمەكتىمىز چۈش ئىرەمباغدا
كۆيمەكتىمىز چۆلدە، قۇم ـ تاغدا.



## ئەبۇزەبى①

ئاپتوبۇس توختىدى
توختىدى دېڭىز،
توختىدى بىنالار ئېگىز — ئېگىز،
كۆل، دەرەخلەر ماڭماقتا تېخى.

كۆلۈم مېنى ئىزدەيدۇ
مەن ساياھەتچى
نېمە كېرىكى ئېغىر يۈكلەرنىڭ؟
ئېغىر يېشىم، كىرپىكتە يېشىم
نېمە دېگەن خۇشال فونتانلار
نېمە دېگەن ئەركىن ئادەملەر
نېمە دېگەن كۆك ئاسمانلار.
ئەينەك سارا‌ي كۆككە تاقاشقان،
مەرمەر پەشتاقتا گۈللەر ياماشقان،
چىراغلار مىڭ بىر كېچە تالاشقان،
ئەقلىم ھەيران، كۆزۈم قاماشقان. . .

ئۆتۈپ بىر ئايلانمىدىن
سۇ ئېچىۋاتقان تاش بوتىلاق يېنىدىن
كىرىپ قالدىم تاش دەۋرىگە.

---

① ئەبۇزەبى: ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



مېنى تاشتىن ئىزدەڭلار
مېنى ياشتىن ئىزدەڭلار
مەن ئاياغدا باشتىن ئىزدەڭلار.

قۇياش بۇ شەھەرگە ئالتۇنلىرىنى چاچماقتا.
خوتۇنلار دېرىزىلەردىن تاڭ پەردىسىنى ئاچماقتا.
بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىدە خوتۇنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ئولتۇراتتى. ئۆيىگە بىر ئەما كىرىپ كەلدى. ئائىشە خېنىم يۈزىنى ياپماي ئولتۇرىۋەردى. ئۇ كىشى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خوتۇنىغا كايىدى.
— ئەي مەزلۇم، نېمىشقا يۈزۈڭنى ياپمايسەن؟
— ئۇ كىشى ئەما تۇرسا.
— بىراق سەن ئەما ئەمەس ـ تە. . .

ئەي يورۇق شەھەر، مەن ئەمالار ئارىسىدا، بىراق سەن ئەما ئەمەس.
مەن گاس، بىراق سەن چۈشىنەلەيسەن غەيىپ ئاۋازنى،
مەن پېقىر، لېكىن پېقىرلىقىم ۋاقىت ئالدىدا.
ۋاقىتنى يارانقۇچى ئايان قىلدى كارامىتىنى: باشلىنىش ياكى ئاخىرلىشىش، رىسىققا ئېرىشكۈچى ياكى مىسكىن، قۇملۇق ياكى پايتەخت، شەيتان ياكى پەرىشتە ئادەم ياكى تۇپراق، پەقەت ۋاقىت ئالدىدا.

چىڭقى چۈش
ئاغزىدا ئوت كوچىنىڭ
ئەر كىشىلەر چاينالماقتا

چىشىمىز، ئاستا. .
كۆرۈنمەيدۇ سۇنىلىڭ ئىزى
نەلەردىدۇ ئەرەپ قىزى؟
ماگدى ئايال
تۇساتتىن ماگدى بىر ئايال
رەستىلەرنى سېھىرلىگۈچى،
چېچەكلەرنى ئېچىلدۇرغۇچى،
تۇيغۇلارنى پاك قىلغۇچى،
خۇددى تۆشەكتە كېتىۋاتقاندەك
كۆگلەكنى ئۈزى يىرتىۋاتقاندەك
شوخ جىرىڭلاپ كۈمۈش تېنىدە
مەڭگۈلۈكنىڭ قوش قوڭغۇرىقى
ئېگىز، نازۇك، سەل ـ پەل ئاشكارا.
قۇرۇپ كەتتى ئەرلەر بىردىنلا
كۆزلىرىگە تارتىلدى پەردە.
ئەي غەربتىن كەلگەن يېشىل نۇر
ئەي ئايال دەپ ئاتالغان بومبا.
ئەي بۈيۈك ئايال
بىز ئەرلەر ئەمما،
بىز قولۇڭدا ئەمما نىھايەت،
ھالاك قىلما شەھەرنى ئەمما
ھەممىمىزگە يېقىن قىيامەت. .

كىشىلەر توپىدا ماگغان ئەخلەت،
سېھىرلىك لاۋۇلداپ يانغان ئەخلەت،
ۋالىلداپ تۇرغان ساتىراشخانا،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



مەرمەر سۈكۈتتە مەسچىت ئىچى،
بايراقلار لەپىلدىگەن ئەلچىخانا.
ئادەم ئاتىنىڭ بالىلىرى
توپلانماقتا تەرەپ - تەرەپتىن
ھىندى، پارس، ئۇيغۇر، ئەرەبتىن.
بۇددىست، خرىستىئان، بىدئەت، مۇسۇلمان
كومپيۇتېر، ئېتىقاد، ئەركىنلىك، گۇمان
ئۆزئارا كۆلۈمسىرەر سۈرمەي زۇۋان.

پادىشاھ تەبەسسۇم قىلدى، خەلق كۆلمەكتە. . .
شاھزادە شىكارغا ماڭدى، قارچۇغىنىڭ قاناتلىرى
ئادەملەرنىڭ ئالىقانلىرى بىلەن تەڭ ئېچىلىپ.
نېفىت ۋە ئامەت، ئولجا ۋە سائادەت.

پادىشاھقا مەدھىيىلەر بولغاي،
قوم خەلقى چىملىقتەك كۆكەردى.
بارچە مەدھىيىلەر ئالLاغا بولغاي
توپا ئىدۇق جان بەردى، رىسىق بەردى.

بەرقۇتتەك كۆز چاقنىتىپ تۇرغان دېڭىز،
رىسىق ئىزلىگۈچىلەرنىڭ توپ - توپ يەلكىنى.
دېڭىز چاقىرماقتا ئەبۇزەبىنى
پىلتىڭلىغان بېلىقلار بىلەن،
زۇمرەت ئاۋازى بىلەن،
نېفىت بىلەن، سەدەپ بىلەن،
بۇ شەھەر مەڭگۈلۈك قىرغاقنى بويلاپ

ماڭدى كۈلۈمسىرەپ ئەدەپ بىلەن
ياش بايۋەچچىدەك.

مەن سۈلغۇن چېچەك
ۋاقىتنىڭ قولىدىكى...
يۈزۈمگە مۇزدەك كېچە ئۇرۇلدى،
ھەمدان كوچىسىدا كېتىۋاتقاندا.
ئىزدىدىم ئۈزۈمنى گۈل دۇكىنىدىن
سەرراپلاردىن،
كافىتېريادا ①ئەركىن ـ ئازادە
قەھۋە ئوتلاۋاتقان ئادەملەردىن
مەن بۇرۇلغان گۈللۈك دوقمۇشتىن،
مەن ئېزىپ قالغان يورۇق يەردىن،
سۇپېر ماركىتتىن، قۇملۇق قەسىردىن،
بۇ ئەسىردىن، ئۆتكەن ئەسىردىن،
قۇمدىن، زەردىن، سولدىن، ئوڭ ياندىن،
خورمىلىق باغلارنىڭ جىمجىتلىقىدىن،
تەنتەنىگە چۆمگەن مەيداندىن،
تاپالمىدىم ئۆزۈمنى
تاپالمىدىم ئىزدەپ ھەر ياندىن.

ئاھ كېچە، چۆچەكلەردىكى كېچە
ئەبۇ زەبى كېچىسى.

---

① كافىتېريادا: قەھۋەخانا، تاماقخانا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



مەيىن شامالدا تەقدىر كېمىسى
دېڭىز قاراقچىسى بولمىغان
خەلىپىنىڭ كېچىسى.
ئەبۇزەبى ئۇخلاپ قالدى،
دېڭىز بويىدا
چىلاپ سۇغا مەر ـ مەر پۇتىنى،
تىڭشاپ دولقۇننىڭ مۇناجىتىنى،
قويۇپ بېرىپ يۇلتۇز ئېتىنى
جىمىرلىغان كوچىلارغا.

ئەبۇ زەبى
مېڭە بوشلۇقۇمدا ئېھراملار ئارا
تۇرىدۇ دېڭىزنىڭ تومىسى كەبى.



## ياشلىق

غەملەر ئۆنتۈلىدۇ
قۇياش كۆيدۈرگەندە،
نەم دەۋرلەرگە چوڭقۇرلايمىز،
شەھۋەت سېمونتتەك پارقىراپ.

ۋارقىراپ توختىدى ئىككى تۈپ خورما
پەسىلنىڭ ئاخىرىغا.

ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلدۇق، چىقتۇق
ئالتۇن غازاڭلار چىرايىمىزدا.

بىر قىزدا توختىدى كۆز.
تۇرمۇشنى شۇنداق باشلىدۇق،
بېلىقتەك يۇمشاق ياشىدۇق.
ۋەتەننى ئېغىر ۋەتەننى
تاشلىدۇق ئۇ گويا قاسراق.

ياقا يۇرتتا مامكاپلىرى ئۇچماقتا
تېنىمىزنىڭ،
بالام ئۇنى بولىدۇ تۇتماق.

سورىما مەندىن كۆڭلىرىڭ قانداق،
سانجاق - سانجاق خورما يوپۇرمىقى
نەيزىلەر ئارىسىدا غېرىب ئادەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# مەدىكارلار

بابۇر شاھ
ئاق پىلغا مىنىپ
كەتتى،
كەلمەسكە.
ھىندىلار كەلدى بۇ يەرگە
ھىندىستانغا تاشلاپ ئىسمىنى.
مەدىكارلار چۆمۈلۈپ تەرگە
پىژ ـ پىژ ئىسسىقتا ئىزدەر رىزقىنى.

بازارنىڭ ئاچقۇچى قوللىرىدا
ئەينەكنى سۈرتەر، گۆشنى چانار،
غەللىدە پۇل، پۇللارنى سانار.
قولىدا تەسۋى، قوڭىدا پىكاپ
ئەرەب بايۋەچچە داچىغا ماڭار.

خۇدانىڭ رەھمىتى ياغقان زېمىن.

تاپىنىدا گۇل تۆكىنىڭ،
قىزىل قۇم ئايلانما يېشىل قۇمغا.
تۆتقان كېسەك ئايلىنىدۇ ئالتۇنغا،
تۆتقان توپا ئايلىنىدۇ ئادەمگە،
چۈنكى ئۇ قول
ئاللانىڭ قولى.

## يېشىل رەڭلىك ئۇيغۇر شائىرى

يېشىل رەڭلىك ئۇيغۇر شائىرى
لەيلەپ يۈردى زېمىن يۈزىدە.
قاقشال بولدى، ئۆچتى، سارغايدى
بىراق ئۇچقۇن چاقنار كۆزىدە.

ئۆز ئېلىنى كۆردى چۈشىدە
زۇمرەت باغلار، قۇمتاغلار، نېفىت.
شېئىر يازدى غەم - غۇسسىدە
ھىلال ئاي پەش، يۇلتۇز كۆپ چېكىت.

رەببىمنى ئۆز كىشى يۇرتىدا،
ئىشقى جۇپ كۆز كىشى يۇرتىدا.
ئۇ رەببىنىڭ ئۆيگە كىرىپ
تىڭشىدى سۆز كىشى يۇرتىدا.

يېشىل رەڭلىك ئۇيغۇر شائىرى
ئۆز - ئۆزىنى قويدى يۇتتۇرۇپ.
سەرسان بولۇپ زېمىن ئۈستىدە
بىر بوپىنى يۈرەر كۆتۈرۈپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# شەھەر چېتىدە بىر كىشى ياغاچ ھەرىدىمەكتە

كۆرمىدىم ئۇ كىشىنى، كۆرگىنىم، ئاڭلىغىنىم، سەزگىنىم ئاۋاز،
ياغاچ بىلەن ھەرىدىن چىققان.
خان يېغىلىقتا يەرگە يىقىلغان، ئەكس سادا چىقىرىپ، قانغا بويال-
غان دەريا سۈيىدە قەدىمكى رىتىم.
ئىمپېرىيە بۇرغىسى ياڭرىغاندا ھەر قېتىم تاپانچىسىز شەھەرلەردىكى
قىيا - چىيا.
ۋاقىتتا مومىيالارنىڭ پۇرىقى، قاراڭغۇ كۆكتە ئىمالارنىڭ يېزىقى،
ئەي كېچە خەلقى، ئوقۇمامسىلەر تورسا جىمىرلاپ.
ئادەتتىكى كۈنلەردە ئۆي قوشىدىن ئۆزگە نەرسە ئەمەس بىز، ئۆيە-
مىزنىڭ تېمىدا خىشقا ئايلانغانلارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى.
لەرزان چېلىنماقتا يىللارنىڭ سازى.
مەن بىر خوراز، چىللاپ تۇرغان شەھۋىتىم ھەر دەقىقە مەندىن نارازى.
ئىشىكىنى ئاچتىم مۇنچىنىڭ، سۇنىڭ ئۇيات يېرى ئىسسىق ھەم ھۆل.
مەن ھەقىقەتەن ھۆرپەيگەن خوراز.
ئىشىكىنى ئاچتىم دەۋرلەرنىڭ، روھىمدا ھۇۋۇلدىغان چۆل. مەن ھە
قىقەتەن شۇمشىيگەن شائىر.
سۆز ئاۋاز بىلەن تۇيغۇنىڭ مەھسۇلاتى.
ياغاچ كېپىكى ياغاچ بىلەن ھەرىنىڭ ھاسىلاتى.

باشقا بىر ياغاچچى
شەھەرلەرنىڭ ئۈستىدە
ھەرىدەيدۇ ۋاقىتنى تىنماي.

## ئادەم ئاتىنىڭ ئىككى بالىسى

قولىدا توز كۆتۈرۈپ
كىرىپ كەتتى بىر ئادەم
ئۆدۆلدىكى ئىشىككە.
كىرىپ كەتتى بىر توپ سىدە،
كىرىپ كەتتى ئۈمۈچۈك،
كىرىپ كەتتى كۆزى بار سايە،
ئۆدۆلدىكى ئىشىككە.
ئۇ مېنىڭ قوشنام
بىز ياشايمىز توزسىز دۇنيادا.

ھەممىمىزنىڭ ئۆيى، ئۆيى باشقا
ھەممىمىزنىڭ قۇياشى، خۇداسى بىر.
ھەممىمىز بار بۇ شەھەر ئوخشايدۇ تاشقا
ھەممىمىز باشقىلارغا قولۇپلانغان سىر.

ئاڭلايدۇ ئايىغىمنىڭ تاراقلىشىنى،
ئاڭلايمەن ئاچقۇچىنىڭ شاراقلىشىنى،
ئاڭلايمىز تالانىڭ يېزى - قىشىنى،
قوشنام بىلەن مەن
ئادەم ئاتىنىڭ ئىككى بالىسى
مەغرىب بىلەن مەشرىق ئارىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ئىككى كەپتەر ۋە ئوچىنچى

ئىككى كەپتەر كۆك،
ئەركىنلىكنىڭ رەڭگى
پېشايۋاندا.

ئىككى كەپتەر بۇقۇلدايدۇ،
چۈشىنەرسەن تىلىنى بەلكىم
سەنمۇ مەندەك غېرىب بولغاندا.

كەپتەر تېلېفون سىمى
گەپلەر مەڭگۈلۈك دەملەر.

كەپتەر مەن يوق رەڭدە
گەپلەر. بۇرۇقتۇم دەملەر
سىمدەك ئۆزۈن غېرىبلىق.

بىز ئىككىمىز پىچىرلىشىمىز
ئوچىنچى ئادەم خۇدا.

ئىككى كەپتەر ئوچۇپ كېتەر
سۆڭەكلىرى تۇپراقتا، سۇدا.

# يېگانە ئارال

( يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرنىڭ شۇ ناملىق رومانىغا )

كىتابنى ئاچتىم،
يۈز يىللار مابەينىدە
سىمايىمىز ئەينەك كەينىدە،
توپا باسقان بىر يۈزگە قاراپ
بولدۇم خاراب.

بولمىدۇق مەغلۇپ
داۋام قىلماقتا،
ئېغىر ئاياغ يېزىلار ئېغىر تىنماقتا،
بالىلارنىڭ ئەرۋاھى پەرۋاز قىلماقتا
قۇم شەھەرلەر يۆۋلەنمەكتە.

كۆيلەنمەكتە
سۆيۈق قىزىلگۈل،
گۈلنىڭ ئىسمى ئانارخان
قۇملۇقلارغا تامار قان،
ئەختەم ئۆمەر
شېھىتنى كۆمەر
ئاق خەسىدەك ۋاراقلار بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاخىر تۆگەتتىم ئوقۇپ
كىرپىكىمدە ياش يۇقى.
ئىشىكىمگە قىسىلىپ قالغان
كېچىنىڭ يېشىل قۇيرۇقى.
تۆكۈلمەكتە ئاق پەردىلەردىن
تاڭ يورۇقى،
ئەگىشەرمەن تەقدىر كەينىدىن
باشلىنىدۇ ئەرەب قوملۇقى
ھەمدە مېنىڭ ئۆزۈن بىر كۈنۈم،
تولغان ئۈمىد تەۋەككۈلچىلىق.
تىل دەرياسىدا ئۈزىدۇ بېلىق
سۈزۈپ چىقىمەن پۇل، مەرۋايىت.
كەچ كىرگەندە
تەتقىق قىلىمەن پادىشاھلارنى
تېلېۋىزوردىن ئۇلارغا ئائىت.
چۈشۈمدە كېلىمەن يېنىپ
ئەرۋاھىم ئاق ئاتقا مىنىپ،
شەھەرلەر قولدىن كەتكەن،
ئادەملەر مەغلۇپ بولمىغان،
يېزىلدى چۈنكى بۇ رومان.

يېڭىش - يېڭىلىش بىقارار ئىش،
ھەممە ھالەت بولىدۇ بەربات،
سەنلا غالىب ئەي مەڭگۈلۈك زات.

# ماسقات① كوچىسى

تاغلار ئارا
ئوممانىنىڭ يۈرىكى.
قىسىلدۇق بارا ـ بارا
ئەگرى ـ بۈگرى كوچىلار
ماسقاتىنىڭ ئۈچەي ـ باغرى.
ئۆتتەك شەھەرنى ئۆپمەك ئۈچۈن
يېقىنلاشماقتا ھۆل دېڭىز ئاغزى.

شىلىمشىق كۈندۈز
قارا كۈچ، ئېرىگەن يۈز.
سائەت ساتقۇچى قالدى مۈگدەپ
مەست ماڭماقچى چاندۇرماي تۈز،
بىراق ماڭا ئۇسۇۋالدى بىر.
قالمىدى سىر
ئادىملەردە، دەرەخلەردە
كۆرۈپ قالدۇق ماھىيىتىنى.

ھەر بىر ئىشىك ياغاچ پەردە،
ھەر بىر ئادەم باشقا ئادەم،
ھەر بىر قەدەم سىرلىق يەردە.

① ماسقات: ئوممانىنىڭ پايتەختى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى



چاقناپ مۆشۈك،
ئۆچتى پەلەمپەيدە.
ئۆچكەن ئادەم،
پەيدا بولار باشقا رەڭدە.
سائەت 10 دىن 11 ئۆتكەندە
چۆنتىكىمگە كىردى كۆپ تەڭگە،
رىزىق ئايرىم ھەر كۈن، ھەردەمدە.

كوچىدا كېتىۋاتىمىز،
سۆڭەكتەك ئاپئاق كۈندۈز
قارا كۈچ، ئېرىۋاتقان يۈز.

لاك سۈرگەن تىرناق
كۆتۈرۈلدى ھىلال ئايدەك،
پىنھان، سارغۇچ چاچلارنى ئويناپ،
پەسلىدى نازلىق قۇلاقنى بويلاپ.
ئۇشتۇمتۇت بۇ شەھەردىن چىقىپ كەتتىم
قان تېمىپ تۇرغان باشلارنى ئويلاپ. . .

تىلىمىزدا تاڭسۇق تەم،
تېرىمىزدا ئىزلار نەم،
ماسقاتنىڭ كوچىسىدا.

# ئەجەل

ئەرەب سەركەردە
قوشۇننى توختىتىپ
ناماز ئوقۇيدۇ بۇلاق بار يەردە.
تۈگىگەندە ئەمدىلا سەجدە
يۈزىگە بىر چىۋىن قونۇپ ئۆشتۈمتۈت
يۇراپ قالدى ئەجەل ھىدىنى.
ھاياتتىن ماماتقا نېپىز بىر پەردە،
ئاخىرقى قېتىم بەس كۆردى چىۋىننى.

چىۋىن
گۈل قېتىدەك كۆركەم قاناتلىق،
ئىز يېڭىلاپ ماڭار ھاياتلىق،
تارىخ بىزگە تۈيغۇدىن قالغان.
يالغۇز ئىدىم، چىۋىنگۈل دېدىم
قونغىنى گۈلدۇر ياكى چىۋىن.

دۇنيا راستمۇ؟
ياكى يالغان؟
قىز سۆكۆتىدەك جىلۋىلىك لېكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى تور بېكىتى



# ئۆزۈمگە ئۈچ قېتىم نەزەر

1

ئىسسىق ئاپئاق
پۆۋلەنگەن مامكاپلاردەك،
تىرىكچىلىك يوللىرى تاردەك.
تام تۆۋىدە
ئىككى قارا چۆمۈلە
تالىماقتا ئۈچىنچىسىنى . .
بىر دەم قاراپ تۇرغىنى مەن،
جىمجىت يازدىكى ئارقا كۆرۈنۈش،
زىتۇن دەرىخىدىن يىراق مەنزىرە .
ياشاش مەخپىي قىلىنغان ئۆلۈش،
تىرەم قانسىز سويۇلغان تېرە.
كېتىۋاتىمەن ئۆز يۇرتۇم تاردەك،
ئارقا كۆرۈنۈشۈم تۇزىماقتا
يول بويىغا مامكاپلاردەك .

2

مۇزدەك شاپتۇل شەربىتى
ئۇسسىغان ئادىل،
قۇرىغان نېرۋىلارغا
ئېقىپ كىردى ئەركىنلىكتەك
قەدىمكى تۇيغۇ.

ئەركىن ئاسمان، ئەركىن چاقناش
خرۇستال جام، قاندەك چاڭقاش.

3

كۆردۈم ئۆزۈمنى
خەلپە كوچىسىدا
ئەينەك تام بىلەن ياز ئارىسىدا؛
شاھزادە ماگار شىكارغا چۆچەكلەردەك،
يىگىتلەر ئىنتىلەر يارغا چۆچەكلەردەك ،
زۇمرەت سۇ تولار يازغا چۆچەكلەردەك.
ئەينەكتە ئۆزۈمنى كۆردۈم كۈمۈش رەڭ،
ئېغىر خىياللار يەلپۈنەر پەردەك.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com




# ئىرانلىق

«شاھنامە»دىن چىقىپ
ماڭا ئۇنلۇك بىر بېقىپ
كۆكتات بازىرىدىن كەتتى ئېقىپ،
ئادەم دېڭىزىغا.

شوخلىنىڭ رەڭگى 5 ـ ئايدا،
ئۇيغۇر بولسا يەنە شۇ جايدا،
قەدىمكى 5 ـ ئايدا.

ئىران بىلەن تۇران سۆزلىشىدۇ
تىل ئارقىلىق، تىغ ئارقىلىق،
كۆپ ئەسىر كېيىن تېلېفون ئارقىلىق.

ئىرانلىق غايىب بولدى،
ۋاقتىمدا غىل ـ پال كۆرۈنۈپ.



بىراق مەن ئۇزۇندىن بېرى
كەتتىم قارا تەرگە چۆمۈلۈپ.

ئادەم يوقالمايدۇ
ئادەملەر ئارا،
زامانلار ئارا.

مەڭگۈلۈك دەريا
مېنى يۇماقتا.

# چۈمبەلدىكى كۆز

ھىندى ئۇستام كىيىم پىچتى،
قارا رەختتىن
ئاپايى تىكتى

ياغاچقا،
مەرمەرگە،
يالغۇزنغا.

كۆز بەردى بىر جۈپ
خۇدا ئۇنىڭغا.

بىر جۈپ كۆز رەختتە
سۆزلەيدۇ گەرمىچە ــ
قۇرئاننىڭ تىلى.

گاسمۇ ئاڭلايدۇ
گاچىمۇ ئاڭقايدۇ.

ئۇستۇمدىكى كۆپ كۆزلۈك ئاسمان،
سىرلارغا ئۇن ــ تىنىسىز بولىمەن رام.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئىرانلىق

« شاھنامە » دىن چىقىپ
ماڭا ئۇنلۇك بىر بېقىپ
كۆكتات بازىرىدىن كەتتى ئېقىپ،
ئادەم دېڭىزىغا.

شوخلىنىڭ رەڭگى 5 ـ ئايدا،
ئۇيغۇر بولسا يەنە شۇ جايدا،
قەدىمكى 5 ـ ئايدا.

ئىران بىلەن تۇران سۆزلىشىدۇ
تىل ئارقىلىق، تىغ ئارقىلىق،
كۆپ ئەسىر كېيىن تېلېفون ئارقىلىق.

ئىرانلىق غايىب بولدى،
ۋاقتىمدا غىل ـ پال كۆرۈنۈپ.

يىراق مەن ئۇزۇندىن بېرى
كەتتىم قارا تەرگە چۆمۈلۈپ.

ئادەم يوقالمايدۇ
ئادەملەر ئارا،
زامانلار ئارا.

مەڭگۈلۈك دەريا
مېنى يۇماقتا.

# چۈمبەلدىكى كۆز

ھىندى ئۇستام كىيىم پىچتى،
قارا رەختتىن
ئابايى تىكتى.

ياغاچقا،
مەرمەرگە،
يالقۇنغا.

كۆز بەردى بىر جۈپ
خۇدا ئۇنىڭغا.

بىر جۈپ كۆز رەختتە
سۆزلەيدۇ ئەرمىچە ـ
قۇرئاننىڭ تىلى.

گاسمۇ ئاڭلايدۇ
گاچىمۇ ئاڭقايدۇ.

ئۇستۇمدىكى كۆپ كۆزلۈك ئاسمان،
سىرلارغا ئۇن ـ تىنسىز بولىمەن رام.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
www.uyghurkitap.com



# بوش ۋاقتىم

رادىئونى ئېچىپ قويدۇم.

يالايمەن بوش ۋاقتىمنى،
بالىلاردەك ئاچكۆزلۈك بىلەن
ئېرىمەكتە ئۇ ماروژنىدەك.

ئەقىلدە ھېچكىمدىن قېلىشمايمىز،
بىراق ئاجايىپ چىدىدۇق بىز
چۈنكى ئادەم ئىلاستىكلىق.

ئوتتۇردا خاقاننىڭ ئېتى
نەيزىلەرنىڭ ئۇچىدا قۇياش
مەغرۇر شەھەرلەر يۇيۇلار قاندا.

كاللام كىتابتىن ئېغىرلاشقاندا
ئويلايمەن تالانىڭ بارلىقىنى.

ئاسمان ئەركىن قىلىدۇ مېنى
ئاسلان ئوينايدۇ قۇيرۇقىنى،
ئايال ماڭار ماڭغاندەك ئارال.

قارايمەن تالاغا دېرىزىدىن
گۈگۈمنىڭ يېپەكلىرى چۈشمەكتە يەرگە.

تۆگىلەر
ئىسسىق تىلى بىلەن
يالاشقا باشلايدۇ يېقىن قۇملۇقتا
ئەرەبلەرنىڭ شىلىمشىق كېچىسىنى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



# سۈنىڭ تىلى

چۈشەنمەيمەن سۈنىڭ تىلىنى،
قۇرغاقچىلىق بولغان چاغلاردا
ئۆرتىسە كۆن يۇرتىنىڭ دىلىنى.

قان قارام ھەۋەس
ئەرلەر ئۆلىدۇ،
بوۋاقلار تۇغۇلمايدۇ،
بىراق كىشىلەر سۇغا ئاتاپ
نەزىر قىلماي ئۇنىمايدۇ.
مەن تونۇمايمەن سۇ ئىلاھىنى
قىزلار تاشلانسىمۇ نىل دەرياسىغا.
مەن بىلمەيمەن سۇ دۇئايىنى
تولسىمۇ مەسچىتلەر يىغا ـ زارىغا.

ئەي، ئاناري پىشقان قىزلار
مەن چاڭقاپ كەتتىم .
ھەي، يېزىلىۋاتقان شېئىر
ھاياجىنىم تېخى چىقمىدى.
چۈنكى مەن خەتەرلىك پلانىتىدىكى
ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق شائىرى.

قۇرۇۋاتقانلار مەن كۆرۈپ تۇرغان

سۇنغان كىشىلەر ماڭا قول سۇنغان،

مەن ئۇلارغا سۇ ئىزدەپ كۆندە

قىرغىنقىمدا كۆتىمەن تەنھا


شارقىراپدۇ مەڭگۈلۈك دەريا.

ماي، سۇسىز ئاي

تەن ئەينىكىدە يالقۇننى كۆردۈم،

گەپ قىلماقتا سۇ ئايالىمغا

مەن ئاشخانا ئۆيگە كىردىم...



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئاۋستىرالىيە قويىنىڭ كاللىسى

جىق ۋاقتىم يوق،
تومۇز كەلگەندە
تومۇز غىلاردەك،
كۈن بويى چىرىلدايدۇ.
ئۇلار قۇرتتەك قىمىرلايدۇ،
مەن ئۆزۈمنى ساقلىشىم كېرەك.
ئاۋستىرالىيە قويىنىڭ كاللىسى
ئېسىمگە كەلدى كېيىنرەك.
قاساپ ماڭا كۆلۈمسىرىدى
بىردىنلا مېنى باستى تىترەك.
قويىنىڭ قەبىلىسى
يۇڭدەك يۇمشاق
ئۆلۈمگە غەرق بولغان.
ئاي تولغان
يۇرتۇمنىڭ ئاۋاق كېچىسى،
ئايۋاندا ياتسام ئېزىلىپ
بەزلەر ئىدى پاشىلار كېلىپ،
ھەمدە شىلدىرلىشى سۇلارنىڭ.
بىراق بۇ يەردە
ياز پۇتۇنلەي ئۇلارنىڭ...

مەقسەتسىز غېرىبلىق.

ۋاراقلاپ قايناپ
ئاۋستىرالىيە قويىنىڭ كاللىسى
بىر كېچەمنى قىلدى مەززىلىك.

# چېچەكلەش

باش قېتىنچىلىقتىن بولماي نېرى بىز
كۈندە چۈشىدۇ بىر قات تېرىمىز.

كۈنلەرنىڭ ئەينىكىدە
بىر ئادەم بىر كۈندە نۇرغۇن ئادەم
بىر كىم توساتتىن باشقا نەرسە.

گۈللۈكتىن ئالدىراش ئۆتۈۋاتسام
ھەسەل ھەرىسى ئۇچۇپ كېلىپ
ئاستا قونۇۋالدى پېشانەمگە،
ئاستا چېچەكلىدىم مەن شۇ دەمدە
بەرگىم قىزىل،
ئاق،
ئالتۇن رەڭدە. .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# قورقۇغان ئىش يۈز بەرگەندە

خوراز چىللىدى،
چۈش ۋاقتى ئىدى
مەن شېكىسپىر دىرامىسىنى تاشلاپ،
ئالدىراش بۇ شېئىرنى كەتتىم باشلاپ.

چۆچەكلەردەك ئەرەبلەر ئارا
كۆندۈم پاشاشقا بارا ــ بارا.
ماڭىمەن كوچىدا چىلىق ــ چىلىق ھۆل،
ئىچىمەن سۈت ــ ھەسەل باغرىم يارا.

ئېغىر قىسمەتكە بېرىپ بولدۇڭ تەن،
كىچىك يۈكنىمۇ كۆتەر ئەمدى سەن.
قورقۇنچلۇق ئىشنى كۈتۈپ
6 ــ ئاي كىرىپ قالدى،
دەل ــ دەرەخلەر ھېرىپ قالدى
يول بويىدا.
يالاڭ ئاياغ قېچىپ كەتتىم
قورقۇغان ئىش يۈز بەرگەندە.

سەن كەلگەندە
چىقتىم رىمدىن،
مىسىرنىڭ ساھىبجامال خانىشىدەك
چاچلىرىڭ دولقۇنلىغان ئالتۇن كەچتە.
تورمۇش باتۇرلۇققا ئۆگىتىدۇ
كۈتمىگەن قورقۇنچ قالدى ئەستە.

## ئاياللارنىڭ سېھرى

سۇنىڭ ئاغزىدا ئاچماق يالقۇن،
ئۇنىڭ كەينىدە مېڭىپ يۈرەر ئەر
تاپالماي ئۆزىنى، رېئاللىقىنى.

ئەر ھەممىدىن ئايرىلىپ قالدى،
سەزدى بۇنى
خوتۇنىنىڭ كوتۇلدىشىدىن،
ناشتىدىن كېيىن، بىر كۈنى سەھەر.
نەزىر – چىراغ سۈپىسى شەھەر
ئاياللارنىڭ،
ئاياللار ئۆتەر سۆرەپ ئۆلۈك ئىتنى
ئۆلۈك ئىتنى ئەر دەپ ئاتالغان.
ياكى ئەر ئۆي يولۋىسى كۈلۈمسىرەۋاتقان.

ئادەم ئاتا يىغلىدى
سىلاپ ئۆزىنىڭ قوۋۇرغىسىنى،
چۈنكى قوۋۇرغىسى ئەگرى ئىدى
تۈزلىگىلى بولمايتتى ئۇنى.

ئەي، بومبىدەك ئەر
ئايرىپ يۈرمە سۈت بىلەن سۇنى

يىرتما ئايالنىڭ نىقابىنى،
سۆزۈك تىرىلەرنىڭ ئاستىدا زەھەر.
ئاياللارنى چۈشەندۈرمەي قوي!
زوقلان ئالدىڭدا بىر نەپىس مەرمەر
ئۇ ماڭالايدۇ، سۇرەلەيدۇ ئوي.

تەنلەر گۈگۈمىدا شەپەق رەڭلىك توي
ئىرىۋاتقان تاش — ئەرنىڭ قۇياشى.



## ئاۋغان قاسساپ

ئاۋغان قاسساپ
گۆشنى قاساپ،
بۇرۇتنى شاپ ئېتىدۇ
ناسۋالنى كاپ ئېتىدۇ.
سەن قەيەردىن دەپ سورىساڭ
يۇرتىنى ماختاپ كېتىدۇ.

ئافغانىستان تاغلىرى دۇنيادا يوق
ئافغانىستان باغلىرى جەننەتتە بار.
يېمەكچى بولساڭ ئۈزۈمىنى زە،
ھەممە نەرسىنى يەپ بولۇپ يە
بولمىسا ھالۋاڭدىمۇ يوق مەززە...

قالدىم سۆيۈملۈك يۇرتۇمنى ئويلاپ،
ئاۋغاننىڭ گەپلىرى چۈشەر تورۇكلاپ
گۆش توغراۋاتقان دۆشنى بويلاپ.

قان يۇقى تېرە.
چاچراپ چىققان كۆز.
ئۇۋۇلغان چىشلاردا يېرىم جۈملە سۆز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرېسى



ئىچ ـ باغرى چېچىلغان.
قوڭغۇر تۇپراقتا ئېچىلغان
ھۆپپىدە سۇيۇق قىزىلگۈل.
ئەما ئەينەكتە ساھىبجامال.
بوۋاقلارنىڭ ئەرۋاھى شامال
ئۆيدىن ئۆيگە ئۆمىلەپ كىرەر.
ئانىسىغا ئېسىلىپ يىغلار
دادىسىغا يامانلاپ
ئۆمچىيىپ بېرەر.

ئەما ئەينەكتە ئادەملەر ئۆزەر،
قىستاڭ كوچىدا تىرىك قالغانلار،
پىكىرسىز دەملەر شۇ قەدەر گۈزەل.
تۇن ئەينىكىدە بىر ساھىبجامال،
چوڭقۇر قاغجىراش،
سۆپسۆزۈك بولمىغان قامال،
تەن ئۇپۇقىدىن كۆتۈرۈلگەن كۈن.

ئەينەكتە بىر مىڭىنجىن موماي.

غەلىتە كۆرۈنگەن ئاۋغان بوۋاي
گۆش پارچىلايدۇ كىيىملىرى قان.
دۆشتە پارچە ـ پارچە قوي سىڭىرى
پارچە ـ پارچە ئادىملەر سۇنغان. . .

# ئەرەب كالىيندارى

تالڭ ئاتتى،
شەھرىزاد ھېكايىسىنى توختاتتى.
ئەزان ئاۋازى چايقاپ شەھەرنى،
دېڭىزدا مونچاقتەك يۇلتۇز ئۈينايتتى.

قاغجىرىغان يەرلەر تېنىدىن
ئېتىلىپ چىقار ئىسسىق ماي.
ھېكايىنى توختاتتى ئەرەب
يۈگۈرۈپ ئۆتكەندە كوچىدىن ئاي.

قۇرئان بىلەن شەيتان ئارىسىدا
بايلىق بىلەن ئايال ئارىسىدا
قەد كۆتۈرگەن جەننەتتەك شەھەر.
شەھرىزادنىڭ ھېكايىسى داۋاملاشماقتا،
دېرىزىلەردە ئويغۇلۇق سەھەر.

ئەرەب كالىيندارى
سىرلىق، ئاستا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئىككى ئۇيغۇر راشىد پورتىدىكى كافتېريادا

يۇلتۇزلار كۈندۈزدە سۆزلىشىدۇ،
چاقنىمايدۇ.
يەر شارى ئالەمنىڭ بىر چېتىدە
ئاڭلايدۇ
ئېسىدە ساقلىمايدۇ،
— دۇبەي [1]شەھىرىنىڭ مونولوگىنى.
دېڭىز سۈركىلىدۇ، ئېچىلىدۇ
ئادەملەر مەڭگۈ بولغانمايدۇ،
يۇتىلىدۇ، يۇمشايدۇ، چېچىلىدۇ.

كونا ئىككى قولۋاق تورار لەپەڭلەپ،
بىر تال بويۇن توكى بېلىقئالغۇنىڭ
سېمونت ئۈستىگە چۈشتى لەيلەپ.

راشىد پورتى
هارغىن كىشىلەرنى كۈتۈۋالىدۇ
مەغلۇپ زامانلارنى ئۈزىتىپ قويىدۇ.
ئىككى ئۇيغۇر كافتېريادا ئولتۇرۇپ
CEASERرىمدا ئۆلتۈرۈلگەن كۈنلەردەك
سۈس كەيپىياتنى كۆتەرمەك بولىدۇ.
مۇڭلۇق كۆزلەر پات ـ پات سىيلە قىلىدۇ،

---

[1] دۇبەي — ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ سودا شەھىرى.

ئېگىز كېمىلەر دېڭىزدىن ئېقىپ كېلىدۇ،
ئېگىز ھارۋىلىقلار شەھەرلەرنى كېسىپ ئۆتۈپ
ئەسلىمىلەرنى يېڭىلايدۇ.
ئەي ئوتلاقلارنىڭ خاقانى، تاجىڭغا قىستۇرۇلغان بۈركۈت
پېيىدىن غۇرۇرلىنىمەن.
ئاستىڭدا چاپچىپ تۇرغان ئېتىڭنىڭ ئاق رەڭگىگە دۇئا قىلىمەن.
شامال يۇلتۇزلىرى ئايغىرىڭنىڭ ئاق قاشقىسىدا ئەبەدىي چاقناپ تۇرغاي.
مول شەھەرلەر ھاياجانلىق سىيلاشلىرىڭدىن ئاۋات بولغاي.
جاراڭلىغان ئاۋاز، پاكىستانلىق ھامماللار
تۆمۈر ساندۇقلارنى چۈشۈرمەكتە.
ھايات دولقۇنى ئېقىتىپ كەلگەن سەرگەردانلار،
يۆلەنگەن مامكاپلار.
ھېيۋەتلىك پول يولۋىسى ئادەملەر ئارىسىدا كېزىپ ھۆركىرەپ.
ئورنۇم ئەمدى ئۇيۇقتا ئەمەس، ئىنگىلەنگەچ ئۇيۇق پۇلنى دەپ.
ئاھ ناتونۇش ئىككى سودىگەر، ئانا تىلىمدا قىلماقتا گەپ.
ئۇيغۇر تىلى كۆيمەكتە كۆك يالقۇن چىقىرىپ دېڭىز سۈيى ئۈستىدە.
تىلىم كېكەچلىمەكتە تارىخنىڭ ۋاراقلىرىدەك ئۇزۇندىن بېرى
كۆيۈۋاتقان چۈش پەيتىنى.
تىلىم تېتىماقتا، نېمىدېگەن ئازابلىق خرۇستال جامدا شېكەر
قوشۇلغان قەھۋە ئىچىش.
ئۆزىنى سۆيمەيدىغان ئىككى ئادەم قارغىماقتا ئۇيغۇر تىلىدا،
كافېتېرىيادا ئولتۇرۇپ.
مەن ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلمايمەن.

راشىد پورتى
ھارغىن كىشىلەرنى كۈتۈۋالىدۇ.
مەغلۇپ زامانلارنى ئۇزىتىپ قويىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى تورى



# ئەلئەيىننىڭ تېرىسى

ئەلئەيىن شەھىرىنىڭ تېرىسى يېشىل
خىياللىرى ئاق
فونتان ئۈستىدە.
ھەر خىل رەڭلىك ئادەملەر ئوغلار،
تۆگىلەر يېشىل قۇمنىڭ چۈشىدە.

خورمىلىق باغلار جەننەت تۇسىدە
قاشا تاملاردا ياز قانىتى.
خورما شاخلىرى يالقۇنلايدۇ كۆك
ئوتلايدۇ كەچتە قۇياشنىڭ ئېتى.

قەدىم ئەرەبلەر ئاق تۇشقانلاردەك
ياشار بەھۇزۇر، سېخىي، كەڭ قورساق.
رەسۇلىللانىڭ نۇرلۇق چېھرىنى
ئەسلىتىپ ئۇندا ئولتۇرساق ـ قوپساق.

كوچىلار ـ دەريا سۈيى سۈپسۈزۈك
ماشىنىلار ئاق، قىزىل بېلىق.
يۇنۇس بېلىقنىڭ قورسىقىدا بىز،
چۆچەكلەردىن چىقىپ كېلىمىز،
بىردىنلا ئۇيغۇرنىڭ رىئاللىقىغا.

يانچۇقۇم دۆك ، سېنى دېمىسەم

كىرگۈم يوق بۈگۈن سۇپېر ماركېتقا ①
سەرسان بولغۇم يوق سېنى دېمىسەم
كۈنلەر بەك ئۇزۇن، ھايات بەك قىسقا.

سائەت مۇناردا بىر توپ كەپتەر
ۋاقتىمىزنى يېمەكتە چوقۇپ،
كونا ئوردا ئالدىدىن ئۆتتۈم
جىمجىت گۈللەردەك قەسىدە ئوقۇپ.
گۈگۈم يېپەكلىرى گۈل باسقان يېپەك
تاغ چوققىسىدىن يېيىلار پەسكە،
خۇش پۇراپ تۇرغان كېچە تۇساتتىن
تەن گۈللىرىنى سالىدۇ ئەسكە.

كىردۇق كەچكە
دەرەخلەر بىلەن،
قويرۇقى نۇردەك سوزۇلغان
پەشتاقتىكى مۇشۇكلەر بىلەن.

ياشلىقىمىزنىڭ كۆك كېچىسىدە
كۆمۈشتەك ئاي كۈلىدۇ لىۋەن.

مۇڭ باستى مېنى
ئىككىمىزنىڭ دەرىخى قېنى؟
دەرەخ سەرسان قۇشنىڭ ۋەتىنى.

ئەلئەيىنىنىڭ يېشىل تېرىسى
قاپلىماقتا مەن بىلەن سېنى.

① سۇپېر ماركېت: دەرىجىدىن تاشقىرى بازار، تاللا بازىرى.

# يۇرتداشلار

يۇتكەن دەرەخ ئۆزىنى ئىزدەر
كوچىدا،
ئورۇق ئەرۋاھلار ئۇيغۇر بىز دەر،
ئۇيغۇر ئۇيغۇرغا تارتىلغان پەردە.
پولو بىلەن لەغمەن بار يەردە
ئۇيغۇرنى كۆردۈم.

كۆزۈمگە قىزىلگۈلدەك سۈرتەي دېگۈچە
يۈرىكىمگە سانچىلىپ قالدى تىكىنى.

ئەي، قوپاللىق قىلغۇچى سۆيىمەن سېنى،
ئەي، باغرىنى تىلغۇچى سۆيىمەن سېنى،
ئەي، زامانىنى سىيلىغۇچى سۆيىمەن سېنى.

غازاڭدەك يۈزلەر
ئۇچار دۇبەيدە،
دۇنيا ئالتۇن يىپتا توقۇماقتا تور،
پۇلغا مىنگەنلەر قىلىدۇ بەيگە.
ئەي سودىگەرلەر پۇلنىڭ كۆزى كور
يۈرىكىڭلار ئادەمنى تويغاي.

روھىڭلارنى باسمىسۇن توپا
پەرىشتە سىلەرنى يۇيۇپ تۇرغاي،
بىز قىر ئەمەس، بىز بۈيۈك چوققا.

كۆرىسىلەر، بىرى مىڭ بولغاي.

دۇبەي شەھىرى تىلسىمات ئەينەك
يۈتكەن دەرەخ ئورماننى ئىزدەر،
يۈتكەن ئۇيغۇر ئەينەك ئىچىدە
زامانلارنىڭ سىپھرىدىن ئۈزۈپ
چىقار ئاخىر ئۆزىنى سۈزۈپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرگە ئادرىسى



# ھەسەنشىرىك

بۈرۈتىنى تەۋرىتىپ
بىر بوغۇم ماڭىدۇ،
بىر مىسرا توختايدۇ،
بىر كېچە ئۆخلىغىلى قويمايدۇ
ئاشخانا ئۆيدىن چۆشۈمگە كىرىپ.

مەن ۋەھىمىگە كۆنۈپ كەتكەن
ناشتىدىن كېيىن ئىشقا بېرىپ.

كىشىلەر توپى كاللەكلىشىپ
ئېرىيدۇ،
ئاقىدۇ،
قاچىدۇ...

ئىشىكىمىزنى مەھكەم تاقاپ،
ھېچ ئىش بولمىغاندەك ياشاپ
قورساق كۆپىكىمىزنى چىقىرىمىز
سۈۋەرەكتىن.

ئانا ۋەتەن ئىسمىگە كەلدى
ئويغانغاندا بۆلەكتىن.

# ناماز بامداتقا ئەزان

بۇ چاغدا
چۈشسىز شەھەر،
دېڭىزنىڭ ئەينىكىدە
كۆكۈش يالقۇنلار،
بىلىقلارنىڭ ئاغزىدا سەھەر.

چىقتىم سەدىپتەك
مەسچىت يوپيورۇق،
تىلىم ئۇپۇق.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ساتىراشخانىدا

سۇ يۇلتۇزلىرى چاچلىرىمدىن ئاقماقتا.
بېشىمنى ساتىراشقا تۇتۇپ بەرمەيمەن.
ئىستىلاچىلار مۇشۇنداق كاللا كەسكەن،
ئىستىبمالچىلار ماللارنى شۇنداق تاللىغان،
ئۆرۈپ - چۆرۈپ، قىيسايتىپ، سىلاپ - سىپاپ.
تەن تەمبۇرىدا بارماقلار ئويناپ
سېھىرلىك مۇزىكا تارقىلىدۇ.
چاچلىرىم جەڭدىن قايتقان ئاتلارنىڭ يايلى
ئىمپېرىيە يايلىقى — مېنىڭ بېشىم.
بېشىمدا ئالىقاننىڭ ئاياغ ئىزلىرى،
چاچلىرىم ئارا ئۆلۈم قىزلىرى
تىلسىز قاپقارا يۈرىدۇ ئۇچۇپ.
تونۇش كۆنلەردە بولمىسىڭ ئەركەم
ناتونۇش ئېيۇننى مەدھىيىلىگۈم يوق.

ئەينەك ئېيتىدۇ يالغان،
بۇدۇر چاچلىرىم كېسىلىپ
چاشقان قۇيرۇقىدەك قالغان.

بۇ مېنىڭ بېشىم ئەمەس،
بۇ ئىمپېرىيىنىڭ نەزىر بۇيۇمى
بۇ قۇللارنىڭ سېھىر مەيدانى.

# ببلىق تازىلاش

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن
ئاق چېچەككە ئايلىنىپ
غەمكىن پۈراق چاچتىم.
باشقا ياز،
باشقا يول.

سۇ كەينىدە بېلىقلار
بېلىقنىڭ قۇيرۇقىدا قول.

قىڭراقنى ۋالىلدىتىپ
قوغلىماقتا سۇنىڭ روھىنى.

بىچارە بېلىق
تېنىدە ئىسسىق جان بولغىيدى،
ئۈمۈ ئۆزىگە خان بولغىيدى،
تۆكۈلدى ئالتۇن قاسرىقى.

بىراق ئۇ
پۈرىقىدا قارشى تۇرىدۇ،
قىلتىرىقى بىلەن بويسۇنمايدۇ،
ئاخىر غىچە.

شېئىر يازدىم كېچىچە
تۆكۈپ ئالتۇن قاسرىقىمنى.

يۇتسىمۇ تېز
قىلتىرىق بىز
بوغۇزىدا دۇنيانىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# جۇڭگولۇق ئابدۇللا

1

ئەرمىلەر ئۇنى شۇنداق ئاتايدۇ
ھاجىتى چۈشكەندە ئەرزان سائەتكە،
ياكى شاۋتىيەن
ماڭغاندا تاھارەتكە
ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن
ئەگىشىپ جامائەتكە.

2

ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتىم
ئەخلەت ساندۇقى يېنىدا.
يالتىراق ئۇچماقتا قاناتسىز،
كوچىلار بويالغان ئىدى
قۇياشنىڭ ئىسسىق قېنىدا.

3

جىن شاپتۇل غاجىغاندەك
چىققاندەك سۇنىڭ جىنى؛
ئۇنىڭ دىنى —
ئىسلام،
ئايرىلىپ ھەممە نەرسىسىدىن
شاپائەتكە ئېرىشكەن كۈندىن باشلاپ.
ئۇنىڭ ئىسمى ئىككى بولدى

ئىككى رەت ئۆتكەندەك ئەينەك ئالدىدىن،
كېيىنكى ئىسمى شەپەققە تولدى،
تىك تاغ بىلەن ھۆل ئىدىيە كېسىشكەن
سەددىچىن سېپىلىنىڭ گۇگۇم پەيتىدە
ئۆسكەن موگولاردەك يامغۇردىن كېيىن.

4

مەن ھاۋادا ياشايمەن يىلتىزسىز،
ئۇ سۇدا ياشايدۇ يالغۇنسىز.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## شائىرنى ئىزدەش

**(غايىب بولغان شائىر ئە . ئوغا بېغىشلاپ)**

كۆيگەن يىللارنى پۇرايمەن
شېئىرنىڭ نەزىر سوپىسىدىن،
ئۇرۇمچىنىڭ ئىسرىقدىنىدىن
خۇشبۇي قىزلار كۆتۈرۈلگەن.
كۆكۈمنىڭ ئەتلەسلىرى ئاستىدا
كونا كوچىلاردىن ئاي كۆرۈنگەن.
كوچىلار دەرەخلەرنى ياد ئېتىدۇ،
قۇشلار قۇشلارنى قىچقىرىدۇ،
ئۇيغۇر ئۇيغۇرنى سېغىنىدۇ،
توي – تۆكۈندە، ئۆلۈم – يېتىمدە
تىرىك قالغانلار جەم بولۇپ بىر گە.

ئوخشار سېھىرگە
چەت ئەل ھاياتى.

ئەسىرگە يېقىن يامغۇر ياغدى،
لىمون ساتقۇچى ئوممانلىق ئەما
كۆرۈنەتتى خۇشال يەنىلا،
ھەممە ئادەمنى كۆرۈپ تۇرغاندەك.

ئەمما مەن دەۋرلەر ئالدىدا ئەما
كۆرەلمىدىم ئىزدەپ شائىرنى.

ئەرەبكە ئايلانغان ئۇيغۇر شائىرى
ئۇيغۇرغا ئايلانغان ئاپئاق قۇم تاغلار
توسۇۋالدى سۈزۈك ھازىرنى.

ئە. ئوسمان
ئۆيىدە ئاسمان،
كىتابلارنىڭ كونا ئىشىكىنى ئېچىپ
چىقماقچى بولىدۇ تالاغا قېچىپ،
بىراق، تالا يوق.

يىراق تۆت تام
خوتۇنى يېقىن ئۇپۇق.
شار پۈۋلەپ ئويناۋاتقان بالىسى ۋەتەن
دومىلاپ ئويلاۋاتقان كاللىسى ۋەتەن،
يېمەكتە ئەرەبچە شېئىرلىرىنى. . .
ھەزىم قىلىپ بولالمىدىم تېخىچە
كېچىنى ۋە مومدەك پىكىرلىرىنى.

سەھەر سۈزۈك تاش
كۈننىڭ كۆيۈكىنى پۈرايمەن
شېئىرنىڭ نەزىر سۈپىسىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# مۈشۈك مۇراسىمى

بىر بالا مۈشۈككە ئايلىنىپ قالدى،
بىر شائىر
ئەرەب قەلئەسىدە ئولتۇرۇپ
خانىشنى كۈتەر يوپيورۇق.

سائەت ئالتىدە چۈشمەن ئىشتىن،
قوللارنىڭ بىر كۈنى ئاخىرلىشىدۇ،
قوملارنىڭ كۆكۈش زاۋال پەيتىدە.
ئوغلۇم ئوينار سائەت يەتتىدە.
يېنىمدىن بىر ئاسلان ئۆتتى سۈركىلىپ. . .

ئەركەك مۈشۈك پۇرىماقتا ئەخلەتنى،
تاۋۇز شاپىقىدىكى قىزىل ئىزلارنى،
ئەتىر شىشىسىدىن يۇلتۇزلارنى،
چىشى مۈشۈكنىڭ تۈكلۈك گۆگۈمىنى.

مۈشۈكنىڭ رەڭگىدە كارىۋات
ئاچ شىرغا ئايلىنىپ
قارايمەن ئىشىككە پات ــ پات.

# مىسىر گۈرۈچى

كۈندۈز ئېرىپ كەتتى
رەڭمۇرەڭ شىشىلەردىكى
سۈيۈقلۇق ئېچىگە.
ئادەملەر كىرىپ كەتتى،
سۇپېر ماركىتتىن
ھەشەمەتلىك كېچىگە.

قول ھارۋىسىنى ئىتتەرگەچ
ئىتتىرىلىپ ماڭغىنىمنى سېزىمەن،
نامەلۇم كوچىلار تەرىپىدىن.
يۇرتنى تاشلاپ جاھان كېزىمەن.

تۇز، قايماق، بارماق ئۇچى
يالتىراق خالتىدا مىسىر گۈرۈچى.

مىسىر گۈرۈچى ئاق سەدەپتەك
سۇغۇرۇلغان نىل دەرياسىدا
پىشقان شىر تەنلىك ئادەم قېشىدا.

دەريا مۇئەككىلى دولقۇن ئۈستىدە
تارتىپ كىرىچنى ئوق ئۈزدى كۆككە
قىزلار ئاي كۆردى، نىلغا سەل كەلدى. . .

كىم شامال بەردى؟
ھال رەڭ يەلكەنلىك ئالتۇن كېمىگە،
يېنىك ئۇرۇلار كۈمۈش رەڭ پالاق
مىسىر خانىشى جىمىرلار پارلاق.
رىم قوشۇنى
ئەسىرگە ئالماقچى بولۇپ ئۇنى
ئۆزلىرى زامانلارنىڭ بولار تۇتقۇنى.

ئاھ، ئالتۇن خانىش — مىسىرنىڭ نۇرى
ئالتۇن رەڭ شاللىقلاردا گۈرۈچ ئۇسۇلى.

چىقتى مىسىردىن
پاناھسىز قەۋم
چىقتى يۈزلىرىم يۈزلەر ئىچىدىن.

ئىستېمال قىزغىنلىقى قاپلىغان كېچە
كىرمەكتە دولقۇنلاپ سۇپېر ماركىتقا
ئادەملەر ئوخشايدۇ ئاچ قالغان كىتقا.



# بىر ئاپتوۋا، بەش ئاپقۇر

تۇرۇپكا ئەتىر ھىدى،
— ئاسترونومىيە ئۆگىنىشىم
ئاللاغا تېخىمۇ يېقىنلاش ئۈچۈن . .
خوتۇنۇم شۇنداق دېدى،
تېلېفون قوش ئىچىلغان ھەشقىپىچەكتەك
ئاۋازى چۈشمەكتە بەرگى چېچەكتەك.

بىر دەمدىن كېيىن كوچىغا چىقتىم
يۈز يىلدىن كېيىن مەن كوچىدا يوق.

تۆت كوچىدا گۈللۈك دوقمۇشتا
بىر چىلاپچا بىلەن بەش ئاپقۇر.
چىلاپچىدىن قىيپاش ئاققان سۇ
قىيپاش تاشقا ئايلانغان يامغۇر.

بىر جۈپ كەپتەر تاش سۇغا قونۇپ
سۇ ئىچىدۇ ھۆل بولمايدۇ.
يالغان سۇلار، جىمجىت قانلار
ئاقسا ـ ئاقسا كۆل بولمايدۇ.

سۇلىرىمنى سېغىندىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھېجىر قاچا.
قاتتىق سۇ.
تاش زامان.
يەر شارى بىر يوپيورۇق چېكىت،
تېلىسكوپتا قېنى بۇ ماكان؟
قېنى بىز، چىۋىننىڭ قانىتىدا
چىۋىن قانىتىدا غەم يەيمىز ھامان.

تايىنى يوق جېدەلدىي ئىش ئۈچۈن
سېرىق بويالدى يەنە بىر كۈنۈم.

ھەيكەلتىراشنىڭ خىيالچان دىلى
ئەركىن سۇلارنىڭ تاش ھەيكىلى.

سۇلىرىمنى سېغىندىم،
تارىم دەرياسى
قىزىل ئاقىدۇ تومۇرلىرىمدا.



# سېمىز ئوت

سېمىز ئوت
شامالنى ئىزدەيدۇ
يېشىل چىملىقتا.
روھسىز قوزۇپ «قىز» دەيدۇ
ئىسسىق چىملىقتا.

سېمىز ئوتنىڭ پىنھان سۆزلىرى
ئېچىلىپ قاپتۇ چېچەك بولۇپ.
ھەپتە بولدى كەلمەي ئۆزلىرى
ئۆيلەر ۋەيران غېرىبلىق تولۇپ.

خوتۇن، خوتۇن
سېمىز ئوتۇم.
مەن قاقشال ئىيۇندا
كۆيمەكتە ئوتۇم.

روھىمدا يەلپۈنەر يېشىل قەدىمىڭ
يولۇڭدا تاشلار چېچەكلەيدۇ قوم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## ئاي مەسچىتنىڭ ئىمامى

بالام تالادىن زېرىكىپتۇ.
تېلېفوندا سۆيدۇم مەڭزىگە،
تېلېفوندا كۆردۇم غەمكىن ئاي
ئۆيىمىزنىڭ دېرىزىسىدە.

ئېرىپ كەتتىم مۇشۇكلەر بىلەن
ئەسلىگەندە تالانى.

ئىمام بىلەن تونۇشتۇم
ئاي چىققاندا،
مەسچىت تېمىدىن.
ئاي قۇرئاننىڭ ۋاراقلىرىدا،
ئاي بالامنىڭ سۇنۇق دىلىدا.

نىل دەرياسىدا چوڭ بولغان ئىمام
ھاياتى سۇ، كۆڭلى سۇپسۇزۇك،
كۆزلىرىدە مەككىنىڭ نۇرى.
ھاۋادانى ئوڭشاپ بەرمەكتە

ئاق تونىغا چۈشتى ئۈزۈلۈپ
توپا باسقان ئۆمۈچۈك تورى.

— كۆڭلىرىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئەمەس،
بۇگۈننىڭ ئەتىسى بار،
ئاللانىڭ ۋەدىسى بار،
سەۋر بىلەن كۈتۈڭلار،
ئىمان بىلەن كۈتۈڭلار. . .

ئىچىم يورىدى بارا ـ بارا
ئاي ئىمامنىڭ سۆزلىرى ئارا.

پۈردىم ئوغلۇمنى تېلېفوندا
زېرىكىپتۇ بەك،
خەن سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرىدەك
ئويۇنچۇقلارنىڭ قورشاۋىدا،
قورشاۋدا ھەممە جاي.

ئىمام چىقىپ كەتتى
ئىچمەستىن بىر پىيالە چاي.

زېرىكىپ ماڭدىم تالاغا
ئىچىمدە خىرە ـ شىرە ئاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئانا يۇرت

## ( رەھمەتلىك يازغۇچى زوردۇن سابىرغا )

1

ئەرۋاھىنىڭ قولى ئىشىكنى چەكتى
ئۆيۈمدە ئاپئاق يالتىرىدى نۇر.
نۇر ماڭدى، ئولتۇردى، مۈگدىشىپ كەتتى
ئانا تىلدا سۆزلەش بەك ھوزۇر.
ئەرەب قولتۇقىنىڭ ئىسسىقىدا
تەرلەپ تۇرۇپ بولغانتىڭ مېھمان،
رومانىڭنى ئوقۇماقتىمەن
ئەرەب قولتۇقىدا يېگانە، پىنھان.

2

نىقابىڭ بىلەن كۆرۈپتىكەنمەن
كۆزەينەكىڭنىڭ سىرلىق كەينىدە
يالقۇن يۇتسا قېرى پەرىشتە.
ئۇ چاغدا بىز پويىزدا ئىدۇق
پويىز بېيجىڭغا ماڭغان،
بېيجىڭ سېمىز، ئاق شەھەر.
دەسسەپ سۆگەكتەك پەلەمپەيلەرنى

چىقتۇق سەددىچىنگە

كىتابتا سەھەر.

ئۇستۇۋىشىمىز كۆنىنىڭ قىنىدا

سىپىلىنىڭ ئىككى يېنىدا

ھونلارنىڭ ھارغان ئاتلىرى

دەرەخكە ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

ئەمدى سەن توپىغا ئايلانىدىڭ

توپاڭدا « ئانا يۇرت » ھىدى.

3

ۋاراقلايمەن ئانا يۇرتنى

ۋاراقلايدۇ ئەرۋاھىڭ مېنى

ئاق چاچلىرى يەلپۈنگەن دېڭىز.

دېڭىز ئاستى ئوردىسىدا قۇم،

قۇم كەينىدە قۇرغاق يۇرتۇم.

4

تاش ياغماقتا ئۇستۇمدىن

قاراڭلار غېرىب ئادەم بېلىققا

تاشتا قۇرۇۋاتقان قۇيرۇقى.

چايقالماقتا مەڭگۈلۈك روھلار

يورۇق، جىمجىت ئەرەب قولتۇقى.

## بىر تەڭگە چۈشتى دومىلاپ

بىر دىرھەم① چۈشتى جىرىڭلاپ
قولۇمدىن تاش پەلەمپەيگە ،
يوغىناپ، يورغىلاپ، جىمىرلاپ. . .

قول بىلەن پۇل ئارىسىدا
بىر ھازا، بىر ئۆمۈر، بىر دەۋر
باشلىنىش، ھاياجان ۋە سەۋر.
سۆتۈق بۇغراخان مازىرى،
لوندۇن پاي چېكى بازىرى. . .
كىچىككىنە بىر ئالتۇن تەڭگە
قەدىمى يەتكەن ھەممە يەرگە
شامالدەك يالتىراپ.

قوزغىلاي دېگەندە كېچىلىك پويىز
يەھۇدىي سودىگەر چىقتى ئالدىراپ.

بىر تەڭگە غايىبتىن چۈشكەن تەڭگە
ئادەملەر كىرەر يولۋاس رەڭگە
ئېتىلىپ،

① دىرھەم — ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ پۇلى.

تىتىلىپ،
سېتىلىپ،
پىشىپ يېتىلىپ...

سىرلىق چاقناپ تۇرار مۇزېيدا
جەسەت ئاغزىدىكى ئالتۇن تەڭگە.

دۇپپۇلدەر يۈرەك،
بىر تەڭگىنىڭ كەينىدە
رەڭمۇرەڭ سۈرئەت.



# كۆك يالتىراق

ئىشكنى ئاچتىم
كەلگ دېگىنىڭغا،
بېلىقتەك ھۆل كېتىۋاتىمەن
كېمە بىلەن.
كۆپكۆك سۇلار ئىسسىق يېقىندىن
تاش شەھەرنى سىيلايدۇ تىرەن
ئاۋازى لېۋەن.


ئىختىيارسىز قىزىل ئىز سۇدا
يىلتىزلىرىم قالدى كۆرۈنۈپ.
ئۆزىدىن ئايرىلغانلار
ئۆزگىدىن ئايرىلغانلار
قورال مەيدىسىگە تۇغرىلانغاندا.

مەن ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرگەن
يېشىل ياز قىزىل بويالغاندا.

ئىبرەت ئالدۇق، ۋەھىمىدە
كوچىدا قاناتسىز كۆك يالتىراق،

ئۆزۈم ياپرىقىدەك مەيۈس گىدىيە.
ياشاۋاتىمەن بىلىقتەك يۇمشاق
يىللار سۆزۈك مەن خىرە ـ شىرە.

دېڭىز بويىدا بىر يېشىل ئايال. . .
دېڭىز بويىدا بىر يېشىل ئايال ،
توشقۇزدى مېنى ياپرىقى بىلەن.
دېڭىز بويىدا
يوق باشقا ئامال
كۆك يالتىراقنى ئۇچۇرار شامال.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# سېپىت نوچى

— تارىخنىڭ تەكرار چاقچىقىغا

تالادا ئۇزۇن ياز
تاملاردا ئاق يالقۇن
بادام دوپپىنىڭ گۈلىدەك.
ھەي، قەشقەردىن چىققان نوچى
بېشىڭدا دوپپاڭ يوق، دوپپىدا بېشىڭ،
ئىشىكنى ئاچماي كىرىپ كېلىشىڭ
خۇش قىلدى مېنى توساتتىن
ئەسسالام ئىرۋاھ!

تۈنۈگۈن
دېڭىز بىلەن تاشلار ئارا كەچ،
ئانا تىل بىلەن ئۇيۇق ئارا بىز،
يول ئۇچۇرۇپ كەلگەن ئۇيغۇرۇم.
چاقنار ئالتۇن: تاش. ئادەم. ئېشەك
ئالتۇن ئەينىكىڭدە سۈندى نۇرۇم.

يازماقتىمەن
دۇبەي شەھىرىدە
چۈش ۋاقتىنى سوزۇپ تاسمىدەك.

ئازماقتىمەن ۋاقىت قەسرىدە
بورگىستەك ①گاھى.
يۈزسىز مىڭىپ كەلمەكتە ئۆلۈك
بىراق سەندىن نۇرلۇق چىرايى.

باشقا ئەسىردە
ئوق ئۆزدى يايىلارنىڭ ئەرۋاھى،
جان ئۆزدى سېپىت نوچى
قولىدا ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتى
ئۆزى ئەكەلگەن.
ھەر ئىككىسى بىر يەردىن كەلگەن،
تونۇمايدۇ خەت.
بىرسى ئوقۇيدۇ ئۆلۈمنى بىر رەت،
بىرسى ئوقۇيدۇ ئالتۇننى پەقەت.

تونۇش كوچىدا
بىر ئەسىردىن كېيىنكى روھلار
بىر ئەسىردىن كېيىنكى مەرگەن.

سۇ سۈنى يەيدۇ
ئادەم ئادەمنى
ۋاقىت ئادەمنى. . .

① بورگىس — ئارگېنتىنا يازغۇچىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# كۆيۈۋاتقان تىل

( ئەرەب شائىرى شەرق س ئەلمۇساغا )

قۇملار ئاقماقتا،
گۈل ياپرىقى قانات قاقماقتا ،
قىزلار جىمىمدە ئېرىمەكتە .
كوچىدا
دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان ياز.
تېنىمدە مەي بولغان ئۈزۈم
تىلىمدا شېئىر شەربىتى.
يۈگۈردۈم ئۈپۈقتىكى قېشىڭغا
غوزەكتىن ئالدىراپ چىققان پېتى.

ھاۋا نېمىدېگەن ئىسسىق،
يىراق سەن
پوپايكاڭنى كىيىپ
رەسىمگە چۈشتۈڭ،
ئاندىن مەن
224 ـ بەتنى ئېچىپ

سېنى كۆردۈم،
شېئىرلىرىڭ ئۇسساتتى مېنى،
ئىچتىم تۈركچە قەھۋە
دەملەپ بەردى دىپ سېنى..

قىزىڭ سۆزلەرنى ئوينىماقتا
توز قۇيرۇقىنى ئوينىغاندەك.
ئادىل ساھىلدا ئويلىماقتا
ئەركىنلىك ھەيكىلى دېڭىز بويىدا
مەشئەل تۇتۇپ ئويلىغاندەك.

ۋاشىنگتون
يۇمشاق بىتون،
يەپ رەڭمۇرەڭ ئادەملەرنى
بىر ئادەمدەك قويىدۇ ئاقلاپ.

پەخەس بول شائىر،
ئەرەبلەرنىڭ ئاپئاق سۆڭىكى
ئۇ يەر - بۇ يەردە تۇرىدۇ چاقناپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئەما

يىلتىزىم بىلەن بازارغا چىقىپ
ئۇن ـ تىنسىز قويسام بىر بېقىپ
لىمۇننىڭ رەڭگى چېكىدۇ ئازاب.
بېلىق ساتقۇچى ئۆز ئىشى بىلەن
سالام قىلىدۇ داستىكى بېلىق.
سېۋەتلەردە غەمكىن مېۋىلەر
توختىدىم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

باققال كۆرمەيدۇ مېنى،
مەن ئازاب پەرىشتىسى.
باققال كۆرمەيدۇ مېنى،
كۆرمەيدۇ كەلىمۇ باشقا كىشى.

بوۋاي
ئاسمىنىنى ئۇمماننىڭ
ئويلايدۇ خىيالىنىمۇ كۆك.

خېرىدار بانان ئالىدۇ
قارا رەڭلىك باناننى.
ئالىدۇ پوستى قىپقىزىل
قارا رەڭلىك ئاپېلسىننى،
سېۋىتىدىن ئەمانىڭ.

ئەما بوۋاي
قولى بىلەن كۆرەر مېۋىنى،
ئۈتنى، سۈنى، ھەممە نېمىنى.

بىز ئىشىكنى كۆرىمىز ئېنىق
خاتا كىرىپ قالىمىز ئەما.
گۇناھ نېمە؟ تۇرساقمۇ بىلىپ
تەن ئۈستىدە قولىمىز ئەما.

ھەسرەت بىلەن چىقتىم ئىچىمدىن،
دۇنيانىڭ چاقنىغان كۆز قارىچۇقى بىز.
زىدە بولغان چاغدىمۇ ھەتتا.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## بىركۈن تۈگىدى

تۈكلۈك قارا قول
يېمەكتە
ئالتۇن بېلىقنى
ئۇپۇقنىڭ ئۈستىلىدە.

قالدىم ئاپئاق سۆڭەكتەك،
قايتقۇم بار ئەسلىدە
دولقۇنلار ھۆل ئەسلىمە
مەن يۇرتۇمنى يوغاندا.

قىز ئورنىدىن تۇرغاندا
بوشىغان شەربەت شىشىسى
چىقاردى گۈگۈمنى پۈۋلەپ.
كافتىرىيا بىردىنلا قالدى چۆلدەرەپ،
گويا بۇندىكى ئادەملەرمۇ تەك
بىر دەۋر چۈشكۈنلۈكنى ئۆتكۈزگەندەك.

بۇ ۋاقىت جىمجىت گۈلدەك،
بۇ ۋاقىت تېنىمدە يىلپىز.

بۇ ۋاقىت قان توختىغاندەك
يىللار شارقىراتمىسى ئاستىدا.

بىر كۈن تۇگىدى
رەڭمۇرەڭ ئەينەكلەردە،
دېڭىزدىكى بىنالارنىڭ قارىسىدا،
قوللاردىن ئاق ئالتۇن ئاققان يەردە.

گۈگۈم چۈشمەكتە پەردە ـ پەردە،
تېرەم بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئارىسىدا،
ئېيتقۇسىز ھارغىنلىق.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# كوچىدىكى ئادەم ۋە ئۆيدىكى ئادەم

تاش ئۈستىدە تاش
سۆز ئۈستىدە سۆز
ئۆيدە ئاي تالادا كۈندۈز.
دىلدا يېشىللىق سۆزلەردە كۆز،
سۆزلەردە كۆز بەزى ـ بەزىدە.

ئائىلە
سۆيگۈ پەرىشتىسىنىڭ ئەتىرگۈللۈكى،
شەيتان مارايدۇ كېلىپ كۈنلۈكى.

ئەي خوتۇنۇم سۆيىمەن سېنى
يېڭى يالغۇنمەن ھەر كۈنى ساڭا.
خۇشبۇي چېچەكسەن كۈنلىرىمدىكى
خۇش ئاۋازىڭ، ياپرىقىڭ، روھىڭ
چوڭقۇر، قات ـ قات ئورىغان مېنى.

كوچىدىكى ئادەم
ئېگىز ـ پەس،
چىرايلىق ـ سەت،
توغرا ـ خاتا.

ماڭا كېرەك ئەمەس ھەقىقەت
مۇھەببەتنىڭ تۇزدەك قانتى
پەرۋاز قىلسا ئۆيۈمدە پەقەت.

يۇمران ئەينەك ئىچىدە سەن،
قاتتىق سۆزلىسەم، بوشراق قارىسام
مەن تۇپراقتا، تۇن كېچىدە سەن.

بالىمىز
خۇشال ـ خۇرام ئوينار گۈللۈكتە،
مېھىر بىلەن قاراپ قالىمىز،
ئىشق مېۋىسى چۇنكى بالىمىز.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى



# يۈلتۈزلارمۇ ئۆلىدۇ

(شېئىر ئوقۇغان ئەرەب قىزىغا)

كۆرمىدىم سېنى
ئەرەب تىلى ئېچىلغان
غۇنچىدەك لەۋلىرىڭنى.
ئاڭلىدىم شېئىرىڭنى،
ئايالىم سۆزلىگەچ
گورۇچ يۇيۇۋاتاتتى.

سۇدا تاڭ ئاتتى
تاشتەك قاتتىق.

«ئەرلەر قېنى؟»
تاشتەك قاتتىق
تەگدى شېئىرىڭ.

قوللىرىمغا قارىدىم شۇئان
ئايالىمنىڭكىدەك نازۇك، يۇمشاق،
ئاتامنىڭكىدەك ئورغاق تۇتمىغان
بوۋامنىڭكىدەك تۇتمىغان ياراق.

يۇمشاق مەن
تۇمۇر بىلەن تاش ئارىسىدا،
ھەتتا ئۆزۈمنىڭ قارشىسىدا،

قۇرتتەك
توپىدەك
قەغەزدەك.

ئەركەك پاشىمۇ تاپىدۇ بالا
يېشىل گۈگۈمدا چاقناپ ئەرلىكى،
بۈيۈك تۇيغۇلار قېنى مەندىكى؟

ۋۇجۇدۇمدا سۈكۈت ئىرى
خىتاب قىلار ئەرەب قىرى:
ئەرلەر قېنى؟

ئەرلەر ھاۋادا توپا ـ چاڭدەك،
ئەرلەر خورلۇقتا تۇرىدۇ تامدەك،
ئەرلەر يۇمشاق ئېرىگەن شامدەك.

ئەي ئاياللار تاشلاپ قويۇڭلار
شىر تۇغۇلغان كېچىگە بىزنى.
ئەي ئاياللار سولىشۇالماڭلار
پارقىرىغان شېشىگە بىزنى.

يۇلتۇزلارمۇ ئۆلىدۇ،
ئوتتۇرىسى ئاق
چۆرىسى سارغۇچ،
كۆك نۇر چېچىپ
يوپيۇمىلاق.

ئەرلەر ئۆلگەندە
رەڭسىز، يۇمشاق.

## شېئىر

شېئىر ئاغزىنى ئاچقاندا
ئوقۇيمەن ئادناننىڭ ① شېئىرىنى
ۋۇجۇدۇمدا يۈگۈرەر ئاق رەڭ.

ئۇزۇن قىينار چۈش ۋاقتى مېنى
ئېيۇل بىلەن قىلغىنىمدا جەڭ.

بازار
ئېرىپ چاپلىشىپ كەتكەن
تېرىمدىنمۇ ئىدىيەمگە بەك.
ئىسسىق مەندە قوزغار ۋەسۋەسە
ئەرمىلەرنىڭ شەيتىنىدەك.

كېتىۋېتىپ مەسچىتكە
ئويلاپ قالدىم
يۇلتۇزلارنىڭ ياشلىق دەۋرىنى،
يۇلتۇز توپى ياتقان قەبرىنى،
ئالەمدىكى.

① ئېتېل ئادنان: ( 1925 ـ يىلى) لىۋاندا تۇغۇلغان مەشھۇر ئەرەب شائىرەسى.

تەن شېخىدا غەمكىن بىر چېچەك
بىراق، كۈنلەر مەڭگۈلۈك ئەمەس.
شۇنچە نۇرغۇن شېرلار تۇپراقتا
ئاۋغۇستتا ئەسلەرمىز كىمنى؟

ئوقۇيمەن ئادناننىڭ شېئىرىنى،
ئاق رەڭلىك مەجنۇن ئۆتتى يېنىمدىن
تولدى بازار چۇقانغا بىردىن.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئوغلۇمنىڭ سېھرىي رېئالىزىمى

تال ـ تال كىرپىكلەر
ئاستىدا تالڭ.

— تايچاق دادا ماڭ
مەن مىنىپ. . .

گىلەمدىكى ئورماندا چاپماقتىمەن
ئوت يالقۇنىدەك گۈللەرنى ئېزىپ.
شادلىق مېۋىسىنى تاپماقتىمەن
ئوغلۇمنىڭ كۆڭلىرىدىن.

— دۆبەيدە دېگىز بار بالام،
— ئاۋا يەر دېگىزمۇ؟
ئوغلۇمغا ئايان نەرسە سۇ.

دەرەخلەر قېتىپ قالغان بولاقمىدۇ؟
ئەتىگەنكى يامغۇردىن كېيىن.

لاۋۇلدىغان بىرپارچە ئوت
ئۆيدىن ئۆيگە يۈگۈرەر تۈندە.

رەت قىلدى ئوغلۇم ئۈشتۈمتۇت:
— ماشىنا ئۆخلىماي تۇرۇپتۇ
دېرىزە تۈۋىدە. . .

ئوغلۇم بىزنىڭ دارىمىز،
رېئاللىقنىڭ يارا ئېغىزى
شەلۋەرەپ، يوغىناپ ئاققاندا.
چوقان سالار بالىمىز
قولىنى پاشا چاققاندا،
لوڭقىنى ئۇرۇپ چاققاندا.

ئوغلۇم ئامراق سۇ ئويناشقا
تۇتۇپ، ھۆللەپ، ئاق مارجان تۆكۈپ.
ئادەم شەھۋەتپەرەس دەپ ئويلاشقا
باشلىدى چوڭلار ئۆزىدىن چۆچۈپ.

مەن بۈيۈك بولالمىغۇدەكمەن،
خۇدا شەيتانغا ئوقۇدى لەنەت. . .

مەن بالامدىن
سېھرىي رېئالىزىمنى ئۆگەندىم پەقەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئەبۇزەبىگە بېرىشنىڭ ئۈچ يولى

1

ئىشكنى قۇلۇپلاپ
يالغۇز، تەلتۆكۈس...
تالا كۆكۈش
كۆز جىمجىت، غۇۋا.

غۇۋا خىيالغا چۆكۈپ
قاتار ـ قاتار خورمىلارنىڭ
نېزىلىرى ئاستىدىن ئۆتۈپ،
كىرىپ كېلىمىز ئەبۇزەبىگە.
قۇياش بىزنى كۈتۈۋالىدۇ
ئالتۇن بېلىقتەك قاسراقلار تۆكۈپ.

ھەممە ئىسسىق بېكەتتە.
تاۋۇز ساتقۇچى ئېرىمەكتە،
قۇشلارنىڭ تىلى كۆيدى،
تېرىمىزدە زۇمرەت سۇ ئۆلدى،
قايسى رەڭدە ياشايمىز ئەمدى؟

2

سۈتتىن چىقىپ
ترويا شەھىرىنىڭ سېپىلى بىلەن

دېڭىز دولقۇنى ئۇچراشقان يەردە
ئارقىمىزغا قايتساق ئەگەردە
سەدەپتەك ئاق.
سەدەپتەك ئاق شان ـ شەرىپىمىز
ئەگەر تارىخ قايتسا كەينىگە.

تەۋەككۇل قىلدۇق بىز بىراق
مەھرۇم بولۇشنىڭ يېڭى تەمىگە.

3

شېئىرىي يول بىلەن
بېرىش بارمىغانغا تەڭ،
ماڭدىم تەمتىرەپ ئىبۇزمىگە
ئۈستۈمدە يەنىلا بىر بوپا غەم.
يېڭىلگەنلەر يېڭىدۇ چوقۇم
قۇربانلار ئالار يېشىل رەڭ.

ئاتلىق ئادەم
كىردى دېڭىز ئاستىغا
سۆزلۈك كوچىلاردا تونۇش كىشىلەر،
ئۆلۈك پادىشاھنىڭ قاسىرىقى يەنە
كۆمۈشتەك پارقىراپ تۇرۇپتۇ ئەنە.

بىراق مەن قايتتىم
ھەمدە ئىشەندىم
ۋاقىت يولىغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئەرزىمەس يىللاردا

سائەت بەشتە
يولتۇزلار چاقنايدۇ بەس ـ بەستە.
مەزىنىنىڭ بولاقتەك ئاۋازى
ھاك تاملاردىن چىقار ئېتىلىپ،
قۇللىرىمدا سۇنىڭ پەرۋازى.

تېتىيمەن سەھەرنى ئاچچىق ئانار دەك،
چۈنكى بۇ چەت ئەل
يەنە بىر كۈن ياشىشىم كېرەك.

مەيدانىڭكى ئۆلۈك كۆك كەپتەر
ماشىنا ئەينىكىدە ئەكس ئېتىپ
تىشلار دۈۋىسىگە بولدى دېمىن.
ئېتىلىپ كەلگەندە چۈشتىن كېيىن
مونچاقتەك تەر قۇيۇلدى پېشانەمدىن.

ئەي، يايلاق ئىمپېرىيىسىنىڭ سەيياھى،
ئەي، مەڭگۈ تاشلارنىڭ تىرىك نەزىر بويۇمى،
ئەي، ئەرزىمەس يىللاردا ئۆزىنى شائىر دەپ ئاتىۋالغۇچى
تەرلىرىڭنى سۈرتۈۋال! . . .

ھارغىن كەچتە،
قىزىل يولتۇزلار چاقنار بەس ـ بەستە
تومۇرلىرىمدا.

# بۆدۈنە يېيىش

تېرىسىنى سىيلىدىم،
قوللىرىم ياز گۈگۈمىدا،
پارتلىغان تەن.
ئېچىرقاپ ئىسسىق دەرەخلەر
كۆندۈزگە چاپلىشىپ كەتكەن .

سىيلىدىم تېرىسىنى
شاختا قالغىنى
بۆدۈنە ئىسمى.
جىسمى —
مىس قازاندا
چالماقتا دۈمباق.

ئوتنىڭ قوشۇنى بىلەن سۇنىڭ قوشۇنى توختىدى بۆدۈنىدە.
مىڭ ئادەم بىر بۆدۈنىنى ئىشتىھا بىلەن يېگەندە
ئۆلۈغلار قىسسىسى روھىمىزدىكى ئاچلىقنى باسىدۇ.
بۆدۈنە يوقالمايدۇ، ئادەملەرمۇ.
بىراق بىز سۆڭەكلىرىمىزنى ئىزدەيمىز.
دەرەخلەر كېچىگە كىرىپ كەتكەن.
يۇلتۇزلار ئاسماندىكى ئىز.
بىز مەڭگۈلۈككە ئىشىنىمىز
ياتلارنىڭ شىلىمشىق ئارىسىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى ئادرىسى



# ئانا تىل

بىز ئالتۇنداك تۇغۇلدۇق
پارقىرىغان قوڭۇر تۇپراقتا.

چۇشتى جىرىڭلاپ
ئۇيغۇر پەرىشتىنىڭ ئاغزىدىن
مۇزىكىسى سىڭدى قۇلاقتا.

ئەي، ئانا تىل
سەرسان بولۇپ بىز
ئۇپۇقۇڭدىن كەتتۇق ئۇزاقتا.

كۆكنار گۈلى
دېڭىزنىڭ ھىدىنى ئەكېلىدۇ،
خىيال ئۇزاق نەملىنىدۇ.

رادىئونى ئېچىپ قويدۇم.

ھاۋادا
گەپ قىلىدۇ.

سالقىن باغلار
نېفىت، قوم تاغلار
رەڭگى ئۆزگەرگەن كىشىلەر توپى،
شەھەر ـ قىشلاقلار قاقشال جىم.

قەھۋە ئىچكەچ
يىغلىۋەتتىم.

دېڭىز دولقۇنى ئۆيگە كىردى.

# گۈش دۆكىنىدا

ئات يۈزلۈك قاسساپ
بېلىمەكتە پىچىقىنى
قاتتىق سەھەرگە.

شۇنداق، كالىنىڭ قېنى.

تىركەشكەن، چىلىك تۇرغان، پارچىلانغان
سۆڭەكلىنى،
تاشلاپ كېتىپتۇ ئەبەدىيلىك جان.

ھەممە ئىنسان
ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان.
جازا مەيدانىغا كېتىۋاتىدۇ
كېسىم ئېنىق، ۋاقتىلا پىنھان.

شۇنداق بۇ مېنىڭ جەسىتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



## بازاردىكى قەلئە

ماشىنا چاقى سويۇلماقتا تېز،
يوللارنىڭ قارامتۇل تېرىسىدىن،
قالدۇرماي ئىز.

قالدۇرماي ئىز ماڭىدۇ دېگىنىز،
كونا قەلئە ئۇنىڭ ئىشىكى
ئەگىپ ئاقار ئادەم دېڭىزى،

ئىسكىلىتىدەك تاشلاندۇق قەلئە
تاملار ھەرە چىشلىرىسىمان.
ئەينەك بىنالار بابىل مۇنارى
بازار قايناق غەپلەتتە ئىنسان.


ئۆزى تارىختا، ھازىردا تېنى
قەلئە ئىچىدە بىر يېشىل ئايال
تارقاتماقتا خۇش پۇرىقىنى.

ئېزىقتۇردى پەرىشتە مېنى ،
بۇ تەقدىرگە پۇتۇلگەن.
كۆتمىگەن قايغۇ
كۆتەر گۈل تۇتۇپ.

يەمەنلىك باققال ماگدى بۇرۇلۇپ
سېتىپ بولۇپ بانانلىرىنى،
كۈكۈم ئۇنىڭ يېنىدا.
ئاي سارغىيىپ پىشقان
خورما شېخىدىن،
يۈزلىرىمگە چۈشتى نۇر.

تەنها بىر ئۇيغۇر.
مەن قەلئەدە
قەلئە ئۆتمۈشتە.

بۇ ۋاقىتنىڭ ئويۇنى.



# ئاچچىقى كەلگەن قوغۇن

ئۆچتى پەيكارىم
رىم بۇرۇنقى رىم،
سۇ يەنىلا سۇ،
ئۆزگەرگىنى ئۇشتۇمتۇت تۇيغۇ.
ئادەم ئاجىزمۇ ياكى چۇمۇلە،
بىر سوتكا ئۇزۇنمۇ يا بىر دەقىقە،
يېڭى تېبىر كېرەك ئادەمگە.

يېرىلمىدىم قوغۇندەك
يا پىشمىدىم قوغۇندەك.

يۇلتۇز مېنىڭ ئورۇقۇم
مەڭگۈلۈكتە بىر تامچە ئادەم.
مەن قەيەردە جەھلىم تۇتقاندا
بىر تىنىقتا بار ۋە يوق ئالەم.

كۆرگىنىمىز چۈش،
بىلگىنىمىز نۆل،
يېڭى تېبىر كېرەك ھەممىگە.

# چۈش بولدى

بانان دەرىخىدە
چۈش بولدى،
بۇ خورازنىڭ قارارى
كۆتۈرۈلۈپ شاھانە تاجى.
قۇياش بىزنى سىيلاشتىن توختاپ
بېشىمىزغا مىختەك قادالدى.

مىڭلاپ ئادەم ئاشۇ ھالەتتە
ئاتىلىشقا كۆنۈك ئادەتتە.

مەن كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ
ئۆزىنى يوقاتقان ئادەمدەك
ئىزدەشكە باشلىدىم چۆچۈپ.
ئەلئىيىن شەھىرى تىرلىگەن چۆپ - چۆپ،
مېۋە بازىرى يېمەكتە ئۈزۈم
غايىب كوچىغا بۇرۇلدى يۈزۈم...

قۇرتتەك كىشىلەر توپى
غاجىماقتا شەھەرنى غېرىب.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىشتىن چۈشكەن قوزىدەك ئادىل
ئالدىراپدۇ ئۆيىگە ھېرىپ.
بىز ۋاقىتتا ئۆزۈپ يۈرىمىز
ئىلىنىمىز ھامان قارماققا.
مېڭىنىڭ كەينىدە ھېچنېمە يوق،
ئادەم كەينىدە ئالەم قوپقۇرۇق
قارىماققا.

چۈش بولدى سۇدا،
سۇزۇك ئازاب چىققتى ئېتىلىپ
ئېچىشىمغا جۈمەكنى.



# ئاڭلاش

قۇل سۆزى بەگكە يەتتى،
قوزغۇن سۆزى تەڭرىگە.
يۇقىرىدا تەڭرى ئاڭلىدى
تۆۋەندە ئادەم
—« ئىرق پۈتۈك »تىن

دەرەخلەر قايتتى،
ئاڭلىدىم،
كۆز پەسلى جىم.
ياشىدىم خىلۋەت تىڭشاپ كۈنلەرنى،
لەيلەپ چۈشمەكتە كۆزنىڭ يالغۇنى
قاقشال شاخلاردىن روھىمغا ئاستا.
شامال تۇپراقتا، ئاغزىمىز تاشتا،
جاراھەت قاپلىغان شەھەر ئاسمىنى،
يۇندا ئازگىلىدا ئاي ئېيتقان ناخشا.

مەسچىت گۈمبىزى
جىمجىتلىق سۆكۈتنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تاملاردا چاقماق ئىزى.
نامازدىن قايتقۇچى ئۈن ــ تىنسىز ھالدا
تىڭشايدۇ ئاللانىڭ تىۋىشىنى.
بېلىق كۆتەردى بېشىنى،
تېنىمىز سۇغا ئايلانغان
قېنىمىز ماگار،
يازار،
يوقىلار. .
گۈگۈمنىڭ قىزىلىقىدا كۈن.

چۆكتۈم سۈكۈتكە شەيئىلەر بىلەن
مەڭگۈلۈككە ئاڭلىنىش ئۈچۈن.
يۇقىرىدا تەگرى ئاڭلىدى
تۆۋەندە ئادەم.



# ئايالىمنىڭ قانىتى

قوياشسىمان تاجدا بېشى
11 ـ ئاي مەلىكىسى
23 چۆرىسى بىلەن
چىقتى قىشلىق ئوردىسىدىن.

تۇغۇلغان كۈن مۇراسىمى.

ئايالىم سەي قورۇماقتا
ئورىماقتا ئەتراپىنى
خۇشاللىقنىڭ كۆك نۇرلىرى.

سۆيگۈم سۈزۈك سۇ.
توشتى بۈگۈن ئۇ
بېلىق يېشىغا.

سۆيگۈم يېشىل تاغ.
كىردى بۈگۈن ئۇ
كېيىك يېشىغا.

سۆيگۈم ئېرەمباغ.
قاراپ ماڭدى ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



چېچەك يېشىغا.
بىر توپ گىلاستەك كېلىپ قېشىغا
مۇبارەكلەپ سۆيدۇم بېشىغا.

سۆيگۈم كېلەر سۆيگەنسېرى
كۆيگۈم كېلەر تومۇز يازدەك.
تۇرمۇشىنىڭ رەڭگى كۆپكۆك
ئۆيىمىزدە.
كۆيىمىزدە
ئاپتاپپەرەس ئاۋازى بار،
سۆزلەۋاتقان ئالتۇن كونگە.

11 ـ ئاي مەلىكىسى
يۆۋلىمەكتە ئىسسىق قىشنى
ياقايۇرتتىن، قۇم قەلئەدىن.

كەلمىدى مېھمان ھېچ يەردىن،
توغۇلغان كۈننى ئىككىمىز
ئۆتكۈزدۇق مىڭ بىر كېچىدە.

ئاياللىمنىڭ قانىتى
پەرۋاز قىلماقتا
شېئىر ئىچىدە.

# زودىن ئىپتارغىچە

بېلىق گېلىدا تۇرۇپ قالدى تالڭ.
داستىخان. ئاي. چۈشىمىز قوللار
زولۇق يەيمىز خۇشال ـ خورام.

يەڭگەن كىشى ئۆز نەپسىنى
ئېرىشكىنى ئىلاھىيلىق.
تۇرمۇش بۈيۈك پەرھىز بىلەن
ئەرزىمەستۇر ئەسلى چىنلىق.

چوڭقۇرلىدۇق سەزگۈمىزگە
پاكىز، يېنىك، يېڭى قىممەت.
يۈزلەنگىنى غەيىپ بىزگە
تەقۋادارلىق — نازۇ ـ نېمەت.

ئۈپۈقتىكى هارغىن مىللەت
ئىچى يورۇپ بولار تېتىك.

ئەمچەك سالماس بالىسىغا
كەچ كىرگىچە ئانا كېيىك.

ئاچلىق لەززىتىگە چۆمدۇق ھە دېپە
تەن بىلەن بوژغۇنلار ئارىسىدا
يۈيۈلۈۋاتقان روھىمىز سەدىپ.

ئىپتار قىلىشقا باشلىدۇق،
بىر تال خورما، سۇ بىر يۇتۇم
بېلىق ئاغزىغا كىردى گۇگۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى تور بېكىتى



# ئاخىرقى ئىمارەت

ئايلىنىپ چۈچەكلەردىكى ئەلگە
تۈگە قۇشنىڭ تۇخۇمىسىمان
كۆمۈلدى ئىسسىق ئەسلىمىلەرگە.

ئۇ دېڭىزنى پۈۋلەۋاتقاندا
خۇشاللانغان زۇمرەت خەلقتەك.

زەر قۇملاردىن ئاڭلىدىم
پادىشاھنىڭ تىلاۋىتىنى.

كىتابىمىنىڭ ئۇشبۇ بېتىنى
ئاچقان ھامان كۆرسەن
يۈرىكىمىنىڭ چوڭقۇر قېتىنى.

دەل شۇ يەردە قۇملۇقتا
بىر قىزىلگۈل ئېچىلغان
ئىمارات قوي ئۇنىڭ ئېتىنى،
شېئىر دەپ بىل خۇشبۇي ھېدىنى.

ئىزدىسەڭ ئەگەر
ئۇرۇمچىدە مەن،
يامغۇرلار ئېچىلغان
كېچىدە مەن،
چەك ئىشىكىمنى.

# قايتىش

بۇرۇنقى تۇرمۇش
باشلىنىدۇ يېڭىدىن.

سۆزۈك پەلەكتە ئەرەب قورغىنى،
سۆزۈك ئىسلىمە چۆلغايدۇ مېنى.
پۇرايمەن سەھەرلەردىن
ناشتىلىق قەھۋەنىڭ خۇشپۇرىقىنى.
چىقتىم شەھەرلەردىن
قايتقان قوشۇندەك،
ئاي ـ يۇلتۇزلار مەيۈس يەلپۈنەر
يۈرىكىم كەپتەر كەبى تەلپۈنەر
كۆك قۇملارغا تولغان بۇ ئاخشام.

چاك باسقان خورما شېخىدا
قىش ۋە يېشىل قىلىدۇ داۋام.

تېلېفوندا ئېيتىدۇ بالام:
توختاپ تۇر دادا
تاپانچام چۈشۈپ كەتتى ئېلىۋالاي. . .

بىز ئۆزاقتا دېرىزىدە ئاي،
دېرىزىدە، دەرەختە كۆك قار. . .

مەرى ئىسسىق جاي،
گەرچە قىش پەسلى
قوراللانغان سۆيۈقلۇق.

# توكلوكى كيچه

( 2002--2003 )

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# خانبالىقتا ئىككىنچى كېلىش

تىرىلىمىز ئىككىنچى قېتىم،
بەزى قارلار ئېرىگەن،
بەزى قانلار سوۋۇغان،
سېھىرلەندىم ئەگمە كۆۋرۈكتە
ھۆل، قۇرۇق، تونۇش، ناتونۇش.
چۆل ئىچىمىز، كەڭ كوچىلار چۆل،
ئايالنىڭ يۇمشاق دەرىخى
ئۆسەر مەخپىي، گۈزەل ھەممە ھۆل.
قاپلىغاندەك غېرىبلىق ئەرنى
ئۆلۈك ئاق قوش قاپلىغان يەرنى،
مۆكۈلۈق، پىنھان ئەسلىمىلەرنى.

قايتتى ئارتقا زامانلار، گۈللەر. . .
ھون ئاتلىرى توختىدى ئېگىز
شەھەر قوۋۇقى ئالدىدا.

ئەتىرگۈللەر چۆشمەكتە ئاستا . . .

دوستلار بىلەن ئۇچراشتۇق،
قايتقاندەك ھاياتقا
قايتتىم قىشتىن ئىككىنچى قېتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## كوچىدىكى ناغرا ئاۋازى

نۇرلار ئېقىپ تۇرغان بىر يارا
كۈن دەپ ئاتالغان.
تار ئۇچەيدەك كوچىلار ئارا
ھەزىم بولماي لۆمشۈيمىز ھامان.

سودا بىناسى ئالدىدا
ئىككى ئۇيغۇر چالماقتا ناغرا.
جەڭ ئاتلىرى ئەينەكتە ئۇزەر
بۇ پايانسىز سېمونت ئورمان،
خاقان تامدا، يەشىدا سۇ تاج
ۋۇجۇدىمىز چاڭقاشقا تولغان .

سىيلىماقتا يۇمشاق كەچقۇرۇن،
چاقنار ئاپئاق سۆڭەكلىرىمىز.
بىز
ئادەم ئاتىدىن قالغان يورۇق ئىز.

چىقتىم ئۆيدىن
ھەمدە ئۆزۈمدىن
مەنزىلىم تۇپراق.

# قىش دولقۇنى

قىشنىڭ چەكسىز، ئاپئاق دولقۇنى
سىمونتتا تالالاشماقتا جان،
تولۇق يەرلەر ۋە كۈندۈز ئەل بولغان.

بىراق
سۆۋەرەك تىركىشىدۇ،
قان رەڭدە يامىشىدۇ
قورالغا، تەخسىگە، كېچىگە.

يەيمىز، ئۇخلايمىز
ۋەھىمە ئىچىدە.

كۈچ تولغان ئەتىياز،
ئايال جەسەتلەر تىرىلدى
قىرلىق تاشلار ياتقۇزۇلغان كوچىدا.
سىرلىق، قۇرغاق تېگىش لەززىتى
سۆۋەرەكنىڭ جىسمى ئۇچىدا.

كۆڭلىمىز سوۋۇدى تۇرمۇشتىن،
چاقنىغاندا ھەسەنشىبرىك
جىمجىتلىق ئىچىدە.

ئەي، قارا كېچىدە
قارا تاش ئۈستىدە كېتىۋاتقان
قارا چۈمۈلىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى،
نەقەدەر بۈيۈكسەن، بىلگۈچى ئەڭ
نەقەدەر كىچىكمەن ھەم قوڭۇر رەڭ!

# ئۆلۈك بېلىقنىڭ قۇيرۇقىدا

سۇنىڭ ئەتىرگۈلى ئاق،
ئۇنىڭ قۇرغاق ئۆتمۈشىدە
نايناقلاپ، تولغىنىپ ئۇچار يالتىراق.

بالىلار ئويۇنچۇق كولىماقتا
سۇسىز كۆلنىڭ ئىچىدىن:
لاي چاقنار بوش شىشىدىن،
ئاي شەكىللىك كونا كەش،
نۇرسىز قارماق دەستىسى
ئەخلەتلەر ياسالغان پىل چىشىدىن
بالىلار ئۈچۈن.
مەنىلىك دەردلەرنى ئۇنتۇغاندا
قۇرۇقدىلىپ قالىمىز پۈتۈن،

ئوغلۇم كۆرۈپ قالدى كولاۋېتىپ
ئۆلۈك بېلىقنىڭ قۇيرۇقىنى،
بېلىقنىڭ ھەسرەتلىك يىللىرىدا.

ۋاقىت سۈزۈك نەرسە
كۆرۈپ تۇرىمىز ھەر غىسكىن ئىزنى،
كۆرۈپ تۇرىمىز بىر ـ بىرىمىزنى.

# بالام ۋە ئۇيغۇر تىلى

سۇدىن بۇرۇن سۆزلەيمىز قانداق؟
بار بول دېدى. ئاستا پۇۋلىدى،
ئاستىمىزدا قوڭۇر تۇپراق.

كۆككە كۆمۈشتەك
سانسىز قاسراق تۆكۈپ تون،
كۈن چىقتى.

كۈن چىقتى،
ئۇيىدى ئاپئاق، كۈندۈز قايماق،
بالام قايماقنى يالايدۇ.

بالام سۆزلەرنى ئاڭلايدۇ،
بالام سۆزلەرنى تاللايدۇ
سىيلاپ، پۇراپ، تېتىپ.

— دادا مەن نەچچە ياش؟
— تۆت ياش.
— دادا، چوڭ ئانام نەچچە ياش؟
— بەش ياش.
— دادا، كارئۇات نەچچە ياش؟
— ئالتە ياش.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى ئادرېسى



— دادا، يامغۇر نەچچە ياش؟
— يەتتە ياش.
— دادا، ھەسەل نەچچە ياش. . .

بىز
سۆزدىن سۆزگە قونۇۋاتقان
ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشايمىز.

بالام ھەسەلگە مىلاپ نان يەيدۇ،
بالام قوللىرىمنى قانات دەيدۇ.
بالام دەسسەپ سالدى
ئاپىسىنىڭ قۇيرۇقىغا،
دېڭىز قىزى ھەققىدىكى چۆچەكنى
پىچىرلاپ دەۋاتسام قۇلىقىغا
كۆزلىرى كېتىپ ئۇيقۇغا.

تويغا ماڭغان مۇشۈك.
ئاق ئات مىنگەن بىلگە خاقان.
ئېنەك قان، تىل ئۇمۇرتقا، ھال رەڭ غىرىبىلىق پۇرىقى
زىلچىدىكى ئوت رەڭدە شىر ئۇخلاپ ياتقان.

ئاستىمىزدا قوڭۇر تۇپراق
ئۈستىمىزدە كۆك ئاسمان،
جان تومۇردەك يېقىن سەن بىزگە
بىز ئېگىمىزگە.

# بېلىق تۇتقۇچىلار

ئۆلۈم بورنىمىزغا پۇراپ تۇرىدۇ.
سۆسۈن رەڭ چېچەكلەر سۇدىكى سايە
كۆل توختىغان، ھۆل بەدىنى ھەرىكەتتە.

قارىدىم ھەۋەستە،
پىلتىڭلاپ ماڭغان بېلىقتەك قىزلار
بېلىقچى ۋە سۇسىمان چېكرا.

ئۈچ ئورۇق ئەرۋاھ موخوركا چېكەر،
بوۋاي جىمجىت سۇغا كۆز تىكەر
قولىدا قارماق،
قات ـ قات قورۇق ، قاتمۇقات قاسراق،
ئۆزۈپ كېتەر بوۋاي بىر كۈنى.

ئىچمەكتىمىز ھەسرەتلىك سۈنى.

يېقىنلاشتىم
بېلىقنىڭ خۇش ھىدى تارقىلار جىم
نەم ۋە سىلىق قاراڭغۇلۇقتا،
ئېتىلىمىز يەمچۈككە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ئاق رەڭگە مەدھىيە

قارا شارقىراتما چۈشمەكتە
بارا ــ بارا،
كەچ بولدى مامكاپ يېنىدا.
تاشلار چوقۇلغان، سىلىقلانغان
قاۋاقخانا تېمىدا
ھارغىن شولىلار.

بويالدۇق مۇزدەك بېلىق قېنىدا،
ئۈپۈقىمىزدا ئۈيۈپ قالغان
ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قاراملىقى.
تىربىلدۇرەر ئەرلەرنى
ئۆلۈم بىلەن ئەمچەكنىڭ ھىدى.

مەسچىت گۈمبىزىدە ئاي چىققتى،
يازدىم بۇ شېئىرنى ئاي شەكلىلىك
قەغەزنى تارتماقتا ئوغلۇم كېلىپ.

بەزى رەڭلەرنى يۇتۇۋەتتۇق،
بەزى غىملەر ئۆيگە كەلگۈچە،
بەزى تەملەر كېچە ئاغزىدا.

ئاغزىڭدا گۈل
مەدھىيىلەيلى
بارچە مەدھىيىنگە لايىق زاتنى.

## ئۈجمە پىشتى

تېز سۈرئەتلىك يول
كىردى ئۈدۈل
ماي ئېيىنىڭ ئوتتۇرىغا،
قۇرۇق يېزىلار بىلەن.

ئۈجمە پىشتى
غېرىبلىقتەك.

پارقىراق ئۈرۈمچى كوچىسىدا
يوقلۇق لىباسى ئۈچىسىدا
هارۋا بىلەن ئۈجمە ساتقۇچى،
ئايلىنىپ چىقار كوچا ـ كويلارنى
يەرگە قىيسايغىچە راۋاق ئۈچى. . .

يىپەك يولىدىن ئۈپۈقىچە
ئۈجمە، پىلە، يىپەكتەك كېچە،
قەسىمي مىللەت، جىمجىتلىق، ھەرىكەت،
ئۈرغۈپ تۇرار چوڭقۇر بىر شەھۋەت.

دېرىزىدىن باقتىم،
كۆرگەنلىرىم دەقىقىلىك كۆرۈنۈش
ئالەمدە بار مەڭگۈلۈك ۋاقتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# يەكشەنبە كۈنىدىكى تالا

## ( چاتما )

### 1 . ئىشكتىن چىقىش

بوسۇغا داۋان
ئاتلايمىز تەستە
ئالمە، تۇز، بېلىق يۈرىقى.
كۆيدى يېشىل ياز بىر پەستە،
قومدىكى بېلىق ئوغلۇمنىڭ تورقى.
ھاۋادىكى ئاتەش نەپەستە
سەھەرنىڭ ئاق قۇيرۇقى
قىسىلىپ قالدى ئىشىككە.

### 2 . پوچتىخانىدا

شەبنەم ئەمەس چۆمدۈق تەرگە بىز.
باشقا بىر يۈز بىزنىڭ بەرگىمىز . . .
رەسمىيەت ئالدىدا
بىز بىز ئەمەس
مەلۇم بىر سان بىزنىڭ بەلگىمىز.
كائىناتنىڭ تىلى ھەرىكەتتە،

دىل ئەلچىسى بولمىش ھەر خەتتە
چاقناپ تۇرغان يۈلتۇز بەلكى بىز.

## 3 . تاش بېلىق

ئېگىز، ئىسسىق كۆك رەڭدىن قىلىتتى،
كۆمۈش دولقۇن تۇغۇلدى كۆلدە.
شامال نەمخۇش ئايال پۇرايدۇ،
سۇنىڭ تېنى قانماس بىر ھۆلدە.
سۇ تاشقا ئايلاندى،
تاش بېلىقنى يۇتتى،
سېھىرلەندۇق قىلارمىز نىدا.
ئوغلۇم ئويناۋېتىپ
تاش بېلىقنى تۇتتى
بېلىقنىڭ ھەسرەتلىك يىللىرىدا.

## 4 . كوچىدىكى تونۇش ئادەم

ئۇنتۇلغان ئىسمىنىڭ ئەسلىمىسىدە
شىر باشلىق ئادەم ئۆتتى ئىسمىسىز
كوچىدا ئاقار ۋاقىت قۇملىرى.

## 5 . سودىگەر

كۆيۈپ ئۆچەر
ئەتلەس قۇملىرى يىپەك يولىنىڭ،
ئۇزىرىشى ۋاقىت قولىنىڭ
ئاز قويماقتا چۈشتىن كېيىننى.
ئوقەتچى
شېكسپىرنىڭ دراملىرىدىن
چىقىپ كېلەر ساناپ تىيىننى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چاپلاشقىلى بىز گە يىلىمدەك.
ۋاللىدىغان دۇكىنىغا لىق
گۈزەل سۆزلەر ئۇچار چىۋىندەك.
موزاينىڭ ھەققى دەپ
ئېنەكىنىڭ سۈتىنىمۇ ئىچمىگۈچى
قۇرۇق سۆڭەكىمىزدىن ئالىدۇ نەپ.

ئاخىر يۈزلەندۇق تورمۇشقا
ئۆزىمىزنى ئالداپ تورۇشقا.

دۇخاۋىچى بىلمەيدۇ لېكىن
ئىسلىدە ھەسرەتلىك چۈشتىن كېيىن.

### 6 . ئېرىق بويىدا ماماكاپ

«م» ھەرپى مۈشۈك رەڭگىدە،
«ئا» ھەرپى ئاپئاق ئايدەك.
«م» ھەرپى مۈڭلۈق، مۇلايىم
«ك» ھەرپى كەڭ، كۆپكۆك جايدەك.
«ئا» ئايالنىڭ تېنىمۇ توزغاق؟
«پ» پىلىلدار پىنھان چىرايدەك.

م ئا م ك ئا پ

ئېرىق بويىدا ماماكاپ
جىمجىت ئويىدا ماماكاپ

كېيىۋاپتۇ ئاق كۆڭلەك
كىمنىڭ تويىدا مامكاپ
دۇنيا ئۈچىدۇ لەرزان
گۈگۈم چۈشىدۇ لەرزان
تورزۇماقتا ئاپالىم
تۈن بىر تال قارا مامكاپ. .

**7 . ئوغلۇم بىر تال چېچەكنى ئۈزۈۋالدى**

قاچان ئۈزۈلدۈق يىللاردا ھۆل ئىز،
قاچان سولاشتۇق قۇياش بىر تال گۈل.
ئۈزدى بالام ھەسرەتلىرىمنى
ئالتۇن نۇرغا ئۇرالدى كۆڭۈل.

**8 . تاسادىپىي سۆكۈت**

چىم ئۈستىدە گۈگۈم پەرۋازى
روجەكلەردە پىلىلدايدۇ نۇر.
دەرەخزاردا تەمبۇر ئاۋازى
تاشلار ئىرەر ئىرىگەن ئۇيغۇر.
يىرتىلماقتا شايىدەك سۆكۈت
ئاق تېرەكلەر روھلاردەك مەغرۇر.

ئۆلمەيدۇ ئادەم
توختايدۇ پەقەت
ئەبەدىيلىك سۆكۈتتە بىردەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# تېرىقچىلىق

يازدىم پىنھان مىسرالارنى تۇپراققا،
ساقلا زېمىن بىر تال نازۇك گۈل كەبى،
ياكى تۈننىڭ قورسىقىدا نۇر كەبى.

قازدىم تۇغماس دەۋرلەرنىڭ ئېگىنى
يىگىتلىكىم تىزگىن سىيرىپ چاپقاندا،
قاراملىقتىن ھاياتلىق يول تاپقاندا.

ئوينار كەتمەن، چاقنار تۇپراق، ئىز پىنھان
ئۈنۈپ چىققان يىگىت پىنھان قىز پىنھان
ئەرلەر ئۆلدى، يەرلەر ئۆلدى شەھەردە.

كۆزنى يازدىم خىلۋەت چوڭقۇر سۇغا مەن،
ئورمىنىڭدا ئويناقشىغان بۇغا مەن،
مۇڭگۈزۈمگە ئاس قوڭغۇراق ئەي ئىگەم.
چېپىپ ئۆتەي تىمتاس ئۆيلەر ئالدىدىن،
بالىلارنىڭ ئاق دولقۇندەك ئاۋازى
ئۇنتۇلۇپتۇ بۇ ئادەملەر يادىدىن.

شەھەرلەر تاش، يەرلەر ئاقۋاش ھوسۇلسىز،
بېلىجانلار ئۆلۈمى جىم ئۇسسۇلسىز،
تۇغۇلماقتا ماشىنىلار جاراڭلاپ.

مەن تېرىقچى سۆيىمەن چىن يېرىمنى،
مەن بىر راست ئەر، سەن مۇنبەت يەر، ئەي ئايال
قوبۇل قىلغىن ھارارەتلىك سىرىمنى.

# غەرب ئەپسانىسى

دېڭىزنىڭ مۇزدەك غېرىبلىقىغا
چۆكمەكتە ئادەمىيلىق ئاستا ـ ئاستا
مېتاللاردەك پارقىراپ  سوغۇق تېنى . . .
غەرب غەربتىن  ئەمەس باشقا.
باشقىچە ئاتىدۇق كۈننىڭ ئىلاھىنى
ھېلىھەم يوقلۇقنى ئۇلۇغلاپ شەرق
ئوخشار زاماندىكى بىر تىلسىماتقا.

ئەي گۈزەل ئادەمىيلىق، سۇ ئۈستىگە چىق!
قاچما مەندىن مەن بىر شەرقلىق.



# ئۆي ئاقلىتىش

ھاك ئازابلىق جىمجىت رەڭدە.

ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار بىلەن
ئۆتۈپ قالدۇق بىردەمدە.

ئاقلامچى چېلەكنى ئالدى،
قۇم قەغەز سۈركەلگەندە
خۇدۇكسىرايمىز خۇددى بىز تام.

تاملاردا سىر ئۆيۈپ قالىدۇ،
ئۆيۈپ قالار قورقۇنچلۇق ئاڭ،
چاچرىغان مېڭە قېتىقىسمان
يېنىمىزدىكى.

ئاق ئاتنىڭ يايلى
ھاكقا ئايلىنىپ
تاملاردىن چۈشمەكتە ئېقىپ.

تۇرمۇشتىن چىقىپ،
شېئىر يازغىلى ئولتۇرغىنىمدا
ئوغلۇم ئوينىغىلى چىقىپ كېتىپتۇ.

ئادەملەر غېرىبلىق تورىدا چاقنار،
هايات ئۆزگەرمەپتۇ، يارا قېتىپتۇ.

كوچىدا ئانا تىلىم
غەمكىن قايتىپ كىردى،
سۆزلەرنى يېدىم.

توختىدى تام
ئاق رەڭدىن.



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى



# ئايۋاندا ئاپتاپ

سۇ ئىچىدۇ ئاق
ئاغزىنى چاپلاپ هاك تاشلارغا،
ئاپتاپ شارقىراتما هاك تاشلارغا. . .
شەهەر ئەتراپى قاچماقتا قويۇق،
ئىچىمىزدە بىر قورقۇنچ بار
چۆل سۈزۈك، تار
تاشلار تاش قوۋۇق
يۇلغۇنلارنىڭ چېچىكىدە قان.

توختىدى باياۋان
يېشىل تۇغلۇق تېرەكلەر بىلەن.

ئوت ـ چۆپ بېسىپ كەتكەن بۇ ئايۋان،
دوستۇم ياقۇپ ئولتۇرۇپ تاشتا
موخۇر كىمىنى شورىماقتا،
شورىماقتا ئاچچىق يىللارنى . . .

كۆيمەكتە گۈگۈم،
كىردى دۇنيا قارا رەڭگە تېز،
بىل، بىر دۆۋە كۈل دىپ هەممىنى.
دېڭىزدىكى بىر تامچە سۇ بىز
قانداق مۇمكىن ئىزدەش تەگرىنى؟

سۇ ئىچسەممۇ لەززەتلىك، خۇشال،
چۈنكى چەكسىز ئۇنىڭ بەرگىنى.

# قار تۇغۇلدى

كۈنگە ئوخشاش تۇغۇلدۇڭ سەن يار
مېنى نۇرغا تۇشقۇزۇپ پار – پار.
پاك بوۋاقسەن بۈگۈنكى كۈنده
بوۋاقلاردەك تۇغۇلماقتا قار.

دەرەخلەر ئاق تونى پارقىراپ
مۈڭگۈزلىرى شاخلىغان بۇغا.
تۇغۇلماقتا گۈزەل ئاۋازلىق
جىلغىلاردا ئايلىنىپ سۇغا.

تۇغۇلدۇڭ سەن، تولدۇردۇڭ گۈلگە
ھاياتىمنىڭ بوشلۇقلىرىمنى.
شامىلىڭمەن چىمەنزاردىكى،
نەگە يۆلەي خۇشلۇقلىرىمنى.

تۇغۇلماقتا يېڭى بىر كۈيۈش
ئاق يالقۇندەك لەپىلدەيدۇ قار.
لېۋىم يېڭى ، يېڭى بىر سۆيۈش
نەپەس ئالسام سېنىڭ ھىدىڭ بار.

قۇشلار ئۇچار ئورمان شەھرىگە
ئاق كەپتىرىم ئۇچار ئەركىگە.

www.uyghurkitap.com



شەبنەمدىمۇ نازۇك سەن دىلبەر
تۇغۇلغاندەك گۈلنىڭ بەرگىگە.

كۆتەرگىنىم بىر قەدەھ كېچە
قەدەھ ئىچرە يۇلتۇزلار سانسىز.
يۈگۈرەيلى تەك ئۇپۇقىچە
سېنىڭ بىلەن ئۇچسەم ئارمانسىز.

پاكىز يۈگەك بۇ ئانا تۇپراق
تۇغۇلدى قار يۇمران ۋە ئاپئاق.
باغرىم ئەمدى سېنىڭ بۆشۈكۈڭ
ئۇخلا قوزام، مەن ساڭا ئامراق.



# دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر چوققۇرلۇقتا

( داستان)

1

قوم دېڭىزنىڭ ئىشىكىدە ئاي. . .
بۇ جاي
تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ چوڭقۇر
كۆك ئاستىدا جىمىرلار ئۇيغۇر.
كۈندۈزلەردە ئۈزۈمنىڭ ئىزى
كېچە ساپاق تۆكىلىدۇ دۇر.
تۆكلۈك كېچە،
ساڭگىلىغان نۇر
پەنجىرىدىن پەنجىرىلەرگە،
داۋۇزلارغا، دات زەنجىرلەرگە،
مەن يىقىلغان ئارقا يولدىكى
يۈندىس پاك، كەبىدەك يەرگە
قىش ئاق ئاتتەك تۇرسىمۇ كىشنەپ
چىلىق ـ چىلىق چۆمۈلدۈم تەرگە،
قەدەم بېسىپ قەدىمىي يەرگە.

2

ئالتۇن قاسراق تۆكمەكتە قۇياش
كىرەلمىدىم تېخى سەھەرگە.
قۇيرۇقىنى تىكلەپ شەھەرگە
ئىمارەتلەر سويلار دالىدا،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئامبىرى



ئەتلەس گۈگۈم چۈشۈش ئالدىدا.
مەرى ئىسسىق توپ ـ توپ ئادەمنى
چايناۋاتقان ماي يول ئاغزىدا،
ئۈشتۈمتۈتلا سەزدىم ئازابنى.
ۋۇجۇدىمىز قۇرۇق ئۈزۈمدەك
كىم ئۈنىڭدىن سىققاي شارابنى؟
سۈندى بىر جام قەدىمكى ئايدىلڭ
ئىچىۋەتتىم نۇرلۇق ئازابنى.
قازىخانا مەسچىت مۇنارى
جىمجىتلىقتا سۈتتەك ئاينۇرى.
شائىر ئۆلگەن سەينادىن ئۆتتۇم
ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى —
بىر توپ جۇجەم دەرىخى ئەمدى،
شاخلىرىدا قىزىل ئاينۇرى.
مەست تارىخچى قىيسىق ئىشىكتىن
كىرىپ كەتتى خۇشخۇي ۋە ئورۇق.
بىز بەزىدە مۇزدەك ئۈمىدسىز،
بىز بەزىدە سۈدەك شوخ، يورۇق.

3

چاي قۇيدى ئۆمەرجان،
ئاي پاتقۇچە مۇڭداشتۇق،
مۇڭىمىزدا ھۆل، ئىسسىق ۋەتەن.
تەن — ئوت كەتكەن دېڭىز،
دېڭىز تورپان،
سۇلىرى تاشقا ئايلانغان،
تاشلىرى باشقا ئايلانغان.

يېڭى قارلار قەدىم تۇپراقتا
ئېرىپ ئاپئاق بۇژغۇندەك قالغان.
دېڭىزنىڭ سەلتەنەتلىك يورۇشلىرى
ئەمەستۇر يالغان
كەڭ، پايانسىز زېمىنلاردىكى.
كارىزلار سەپ دېڭىزدىن قالغان،
تەكلەر كۆك توغ كۆرۈنمەس چېكى.

4

ئوچۇق
كۈن چىقىش قوۋۇق،
ئۆپۈق بىلەن ئۇيغۇر ئارىسىدا.

ئوچۇق
جەنۇبىي قوۋۇق،
قاغا جىگدە بىلەن نۇر ئارىسىدا.

ئوچۇق
شىمالىي قوۋۇق،
تەن بىلەن تۆمۈر ئارىسىدا.

ئوچۇق
كۈن پېتىش قوۋۇق،
بىر ئوق ئايالنىڭ يارىسىدا.

5

ئاي كالېندارى.
تېرەكتە ئاي،
تەكتە1 ـ ئاي،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ۋاقىت ساپاقلىرى چېچىلغان.
خىرە سېپىلدە تۈنىنىڭ كىرپىكى،
تامدىن قارا كۆزلەر ئېچىلغان.

ساقلىمايلى ئەتە سەھەرنى
ماشىناڭنى ھەيدە كېچىدە.
ئايلىنايلى تىرىك شەھەرنى
توپ ـ توپ ئۈنسىز گەرۋاھ ئىچىدە.

كېچىدىكى سۇ.
تىرىك يارغول
ئىچىدىكى سۇ،
جىمىرلار غۇۋا.

ئىنسان بىز،
بىر دەم ئاشكارا
مەڭگۈ پىنھان بىز،
مەڭگۈلۈككە قىلايلى دۇئا.

6

دېڭىز ئاستىدا ئۆيلەر تېمى لاي.
دېڭىز ئاستىدا مەرۋايىت ئۈزۈم.
دېڭىز ئاستىدا تىپىرلىغان جاي،
دېڭىز ئاستىدا قاشتېشى تۈزۈم.
دېڭىز ئاستىدا مۇقام ئاۋازى.
دېڭىز ئاستىدا كېۋەز تېرەر قىز.
دېڭىز ئاستىدا ناۋاي نان ياقار.
دېڭىز ئاستىدا كارىزلار سۈسىز.

دېڭىز ئاستىدا ئادۋوكات ئەنۋەر
كېلەر سۆزۈك ماشىنا ھەيدەپ.
ساقال يۇلۇپ يىغلار دەۋاگەر
قارىلىغۇچى سۆزلەر ئەزۋەيلەپ.
دېڭىز ئاستىدا مەشتە ئوت يانار،
ئاچ بالىلار ئاچار تۇۋاقنى.
دېڭىز ئاستىدا سودەك بىر ئايال
ئېمىتمەكتە ئۆلۈك بوۋاقنى.
دېڭىز ئاستىدا ئويغاق بىر ھايات،
مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى ياڭرار.
سۈزۈك يەردە شىلدىرلار شايى
مەھەللەردە قەدىمكى تاڭلار.
ماشىنىلىق كىردۇق ئۆتمۈشكە،
ئىتلار قاۋار، ئېشەكلەر ھاڭرار.
سېپىل ئوخشار ئۈزۈلگەن چۈشكە
تىمتاسلىقنى ئەرۋاھلار ئاڭلار.

بىر نۆۋكەرلىك قوۋۇقتىن ئۆتۈپ
بىز ئىدىقۇت شەھىرىنى كەزدۇق.
بىز ئادەمسىز ئۆيلەرنى كۆرۈپ
خاقانى يوق ئوردىغا كەلدۇق.
ئايلىنىپتۇ يارلىق تۇپراققا،
چالما مىڭ يىل بۇرۇنقى باشتەك.
شامال تاك ـ تاك چالار پەشتاقتا
ئۇستىخانلار چاقنار ئاق تاشتەك.
ئۆي ـ ئۆيلەردىن روھلار چاقىرار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شەھەر خەلقى روھ ھالىتىدە.
بازارچىلار سوزۇپ ۋارقىرار،
ھەممە مەۋجۇت يوق ھالىتىدە.
بوش قۇدۇقتا سۇنىڭ ئەرۋاھى
كومزەكنى توشتۇرماقتا قىز.
كەلدى بىر توپ قىلىچلىق يايى
ئوتتۇرىدا ئۇيغۇر شاھزادە
ئولتۇرىدۇ ئاق ئاتتا ئېگىز.
ئايغىرنى سۇغارغىچە ئۇ
تالاي ئەسىر ئۆتۈپ كەتتى تېز..

بىز ئادەمسىز كوچىغا كىردۇق،
ئۆلگەن خورازنىڭ بويىنىدا قۇياش.
قاۋاقخانىدا
ياپياش جەسەتلەر
قويىنىدا قۇياش.
قەبىلە باشلىقى چالار سۆڭەك نەي
ساقىلىدىن ساقىماقتا مەي.
قەدەھ سۇزۇك نەزىر سۇپىسى
باشسىز تەنلەر چۆرگىلەر ھەي ـ ھەي..

— يىگىت، يىگىت، ئالتۇن باش يىگىت،
قىز ـ جۇۋانلار ئاتتى قاش يىگىت،
ياۋاش كەلمە بولغىن شاش يىگىت،
يەتمىشتىمۇ بوۋاق ياش يىگىت،
شاراب دەرياسىدا تاش يىگىت...

ئۇسسۇلچى قىز ئوقۇيدۇ بېيىت:
مەيخانىدىن چىقتى مىڭ مېيىت. . .

چەكسىز كوچا ئادەمسىز جىمجىت،
يىقىلىپ، قوپۇپ كېلەر بىر مېيىت.

كەتتى سۆزلۈك،
سۆنىڭ ئەرۋاھى. . .
سۆنۈق كومزەك، غايىب بولغان قىز.
نامسىز كوچا، تامسىز لاي ھويلا
خاراب شەھەر، بىز ساقلانغان ئىز.

خاراب شەھەر
ھەر نەرسىسى كۆرۈنۈپ قالغان.
چاقناۋاتقان ئاپئاق سۆڭەكلەر
دەر: « بەدەندىن باشقىسى يالغان» .
كۆيۈۋاتقان كاھىن.
ئېگىز جىنس مۇنارى.
مۇراسىمدىكى ئايال پادىشاھ،
ئارقىسىدا ساناقسىز يارى.
تەن.
قۇياش كالپىندارى.
ئېنېرگىيە، ئۆلۈم، ئىلىم ـ پەن.
توشۇپ كەتتى ۋاقىت سۇۋارى،
ھەممە نەرسە تېز سۈرئەت بىلەن.
ئايال گويا قەپەستىكى سۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىشىكلەردىن ئوخچۇپ چىقار ئۇ،
ئوخچۇپ چىقار كەلگ زېمىندىن سۇ.
كۆز كۆرمىگەي، قۇلاق ئىشتمىگەي،
بىسىپ كەتتى دۇنيانى توپان.

بىراق
دېڭىزدىن 154 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا
ئامان ـ ئېسەن تۇرماقتا تۇرپان.

7

ئەي ياش دۇنيا،
سالام ئۇيغۇرغا،
كۆپنى كۆرگەن مويسىپىت مىللەت
كۆز ئالدىڭدا سۆرەلمە، ئاستا
ئۆلۈمگە سۇسلۇق ئەمەسقۇ ئىللەت؟

ھەي، ۋالىلداق ئەينەك شەھەرلەر
بىز قەدىمدىن قالغان توپا ئىز.
بىز بىلمىمىز ھالاكەت نېمە
ئالدىرىسالڭ كېتمۇمرگىمىن تېز.

تۇرپان يوپيورۇق
دۇنيادىكى كونا بىر جاي.
كەل، ئەي سەييياھ،
باشقا نەرسە يوق
توپا شەھەردە ھىلال ئاي.

# دېرىزە ئالدىدا: قەشقەر

ئۈستى ئوچۇق مۇزېي بۇ،
قەبرىسى بۇ تىرىك شەھەرنىڭ.

يول بويىدا ئاق تېرەكلەرنى
سىيلار سوغۇق قولى سەھەرنىڭ.

ناتونۇش مەرمەر ۋالىلدايدۇ.
يۈك ئەدىيالدەك ئېغىر ئەسلىمە
چۈشتى يەرگە، چۆمدۈم سوغ تەرگە...
بۆيۈك ئىكەن بارلىق ئەسلىدە.

يۈز يىللىق تاملارنىڭ يارىسىدا
شەھۋەت بىلەن پۇل ئارىسىدا
سۆينىڭ مەنىسى تاش،
ئۆلۈمنىڭ مەنىسى ياشاش.

قاغا تۇمشۇق بۇزۇلمىغان
بوسۇغىدا قىپقىزىل نۇر،
ئەينەكلەردە كۆرۈنمەيدۇ قان،
كوچىلاردا قەدىمكى ئۇيغۇر.

بىر ئىسكىلىت چۈشۈپ كارىۋاتتىن
دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ
زوقلانماقتا قايناق ھاياتتىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئۇسما

ئاسىيانىڭ يۈرىكىدە بىز،
قۇرغاقچىلىق ماڭار، پارقىرار
تېنىمىزدە قۇرۇماس نەم ئىز،
يوشۇرۇن ئاڭ تىرەن شارقىرار.

شارقىراپ
پارقىراپ
ئورخۇن دەرياسىدا ئاقماقتا ۋاقىت.
مەلىكىنىڭ چاچلىرى ئاقار،
ئۇسما قويۇپ قاشلىرىغا ئۇ
مىس كۆزگۈگە زوقلىنىپ باقار.
ئات يايلىدەك دولقۇنلايدۇ سۇ . . .
دولقۇنلايدۇ كىشىلەر توپى
ئۈزۈمچىنىڭ ئۈچەي ـ باغرىدا.
كىچىك بىر قىز ئۇسما ساتماقتا،
يايما يېيىپ كوچا ئاغزىدا.
ھەممە ھەلەك جان بېقىش بىلەن
يوق ئۆزگىرا قاراشقۇدەك چول،

سۈزۈك، گويچان ئۇيغۇر شائىرى
بۇ شېئىرغا ئالغىنىدا يول.
يۇزلەر ئاقار ئېرىپ ئەينەكتە،
ئاھ، باللار قېرىپ كەتمەكتە.
ۋاقىتتىكى ئىشىكسىز كوچا
ئالەمدىكى بىز تۇرغان يۇلتۇز.


يايمىنى بۇز
بازار باشقۇرغۇچىلار كەلدى!!!

قېچىۋاتقان كىشىلەر ئارا
تېرىۋالدىم بىر باغ ئوسمىنى،
كۆكۈم كۆپكۆك، ئاسفالت قارا.



# پىنھان سەھەر

زەڭگەر رەڭگە كىردى دەرەخلەر،
چاقنار، ئۆچەر كۆك بىزگە پىنھان.
قويىنۇڭدا گۈل
بويىنۇمدا قول، قولۇمدا سەھەر
تامدۇق، ئۇندۇق، ئىنسان ھەم پىنھان.



# ئۇيغۇر كوچىسى

بىر كوچا قالغان ،
قارا ياغاچ بىلەن دۇكانلار ئارا
ئەتىياز كەلمەكتە بارا ـ بارا. . .
قەدىملەر ئالدىراش، ياپراقلار تاش
لاي چىچەكلىرى چاپلاشقاق، قارا.

شېئىرلىرىمدا قىشنى ئۇزاتتىم،
ئۇزاتتى پول،
بىسىپ ئۆتىدۇ كۈندۈزنى تەنها
بىر پۇتى يوق تىلەمچى بالا.

قورۇۋاتقان ئەركەكلەر ئارا
ئىسسىق، هۆل كوچا.
شوخ چاچىبىغى جاندا بوتا كۆز
جاننى قويار ياندا بوتا كۆز.
مەڭزى چوغدەك كاكچايۇ ـ گىردە
قېتىقچى چىنىسىدە
قايماق تۇتقىنى ئۇيغۇرچە سۆز.
ئاياغ مايلايدۇ شاھ سۇپەت يىگىت،

www.uyghurkitap.com



چوتكىسى
شامالدا قېتىپ قالغان ئات يايلىدەك
قەدىم ئۇرخۇن بويلىرىدىكى.
كىتابپۇرۇش ئويلىرىدىكى
يىللار سان ـ ساناقسىز نۇر يوللىرىدەك
بەتلەردىن، چىرايلاردىن ئۇچەر لاپ ـ لاپ.

گۈگۈم چۈشتى بۇ مىسرانىڭ بېشىدا
مەن كۆيەرمەن قارا يالقۇنلاپ
قارا ياغاچ قېشىدا.



# ئەتىيازدىن كېيىن ئىشىك ئېچىش

1

دەل ـ دەرەخلەر چىققان كوچىغا،
ئەركىنلىككە كەڭ ئېچىلغان ئۆي.
ماڭار ئىسسىق يازنىڭ ئۇچىغا
تېنىم بىر شاخ، يوپيۇرماقتەك سۆي
سېنىڭ تېنىڭ گوخشار غۇنچىغا.

كوچىغا
ئېچىلغان ئىشىك،
ئەتىيازدىن كېيىن
ئېچىلماقتا ئايال پورەكلەپ
گۈل قېتىدەك كىيىملىرىدىن.
كېتىۋاتقان ئەرنىڭ ئۆلۈكى
قاراپ قالدى يېنىغا بىردىن
تىرىلگەندەك ئەتىر ھىدىدىن.

2

تالا تار،
كىرىۋالدىم ئۆيۈمگە دەرھال
تىرىلگىنى بىر چاڭگال لايدەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاندىن
چىقتى بۇ مىسرا
ئىشىك بىلەن دېرىزە ئارىسىدا
كۆتۈرۈلگەن ئەگىم ئايدەك.

تەن ئەينىكىدە ئايالنىڭ ئېيى.

3

سايدا ياتقان تاش بولسا
ئۆزىمىزنىڭ تېشى ئۇ.
پۈتلاشقىنى باش بولسا
ئەمەس توشقان بېشى ئۇ.

چېكىلمەكتە ياز
ھاياجان بىلەن.

4

مەن ئاچمايمەن
ھەسرىتىم ئىشىك.

# نان

« ئاچنىڭ كۆزى ئاشتا
تازنىڭ كۆزى چاچتا »
( ئۇيغۇر خەلق ماقالى)

جان كىرىۋاتقان توپىدىكى تەن
ئوتتەك يەرنىڭ ئەگمىسى بىلەن
لوقۇلداپ سوقماقتا. . .

تونۇر،
قاتماقتا
ئوتنىڭ ھاياجىنى
جەۋھىرى سۈنىڭ.
كۈنجۈت سەپكەن يۈزىدە ئۈنىڭ
گۈپۈلدەر تەملىك قۇتۇپ يۇلتۇزى.
قىز مەگزىدەك قىزارغان نانلار
نان ۋە جانان تۇرمۇشنىڭ تۇزى.


چىڭقىلغان مۇسكۇللار، كۈچلۈك قوللار
ئەيلەپ، بولدۇرۇپ، خېمىر قىلىپ
نانغا زوۋۇلا ئۈزەر دۇپدۇگىلەك.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن
چىققىنىدەك گۈزەل خېنىر قىز،
ئەيلەش، بولدۇرۇش، قىزىتىشلاردا
غىدىقلىنار ئىشتىھايىمىز.

بىراق بىز ئاچ، ئاچ قويغان ئادەم
روھىنى ۋە قورۇق تېنىنى.

ناۋاينىڭ گۈل قولى
تونۇتماقتا ئۇيغۇر نېنىنى.

دۇنيا گويا گۈللۈك داستىخان
قۇياش شولا چېچىپ تۇرغان نان.



# كېسىۋېتىلگەن سايە

تېلېفوننىڭ قوش كۆكرىكىدە
بىر ئەنسىرەش ئېچىلىپ تۇرغان.
ئىيۇن قوپال باشلانغان ئۇيۇن،
مۇنكىرمىكىن تېلېفون ئۇرغان.

دەل ـ دەرەخلەر سۆكۈتكە پېتىپ
ياز تېنىمنى قىلماقتا يارا.
نىشانلانغان كېپىكتەك چېپىپ
قۇتۇلۇش تەس،
قورشاۋدا تالا.
قېچىپ ـ قېچىپ كىشىلەر ئارا
كىرىۋالغان شېئىرىمغا مەن.

يېشىل ئايال مېنىڭ دەرىخىم
پەلەمپەيدىن چىقتى، توختىدى.
نۇر بەتلىنىپ تۇرغان ئوقمىدى؟
سىرلىق ئۆيگە بۇ دېرىزىدىن.

سۇ ئىچمەكتە ئۇ مەغرۇر قاراپ
گەز باغلىغان لېۋىمنى يالاپ
شائىرلىققا بېرىمەن جاۋاب.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مىڭ تىللا باش بىلگەننىڭ بېشى،
نادانىنىڭ يوق ئارتۇق تەشۋىشى.
كېسىلمەكتە تاملاردا سايە
ئورۇندۇقتا تارتىمەن يىلتىز.
روھىم چاقناپ تۇرغان قىلىچتەك
ئەينەكلەردە ۋەھىمىلىك ئىز.

چىققاندا مەن
ئايالىم بىلەن
قۇرۇۋاتاتتى مەشرىقتە ئىز،
نەزەر سالدىم يورۇق گۈزگۈمغا
تېرەكلەرنىڭ ئۈستىدە مىڭ قىز.



# ئابدۇللا ئارىپوۋا

شىبىشىرىگىنىڭ تىرەكزارىدا
تىرەك بويى ئۆرلىگەندە ئاي،
بىر كۆيۈك بار يۈرەك تارىدا
ئىچىشكۈم بار بىر پىيالە چاي.

مەن ھاۋادا ياشايمەن تەنھا
سەنمۇ يالغۇز ئادەملەر ئارا.
يىللار سۈرەر ئۇچەي - باغرىنى
سىنىڭ باغرىڭ ئەمەستەك يارا.

كەتتى بابۇر ئاق پىلغا مىنىپ
بىزگە پەقەت قالدى ناۋائى.
يۇلتۇزلار بار تۈن كىرپىكىدە
دىرىزەڭنى ئۇچۇق قوي گاھى.

ئەي ئاتىجان، كۆيۈپ قاپتۇق تەڭ
شىبىشىر دىگەن جالاپقا، ھەتتەڭ،
دۇنيا يەنە قالار قىز پېتى،
مەندىن ياشىسەن، ياش ئىكەن ئەتەڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# سۆزلىگۈم كېلىۋاتىدۇ

1

بۈگۈن ئۆيدە قاپتىمەن يالغۇز،
خىياللىرىم ئېچىلغان مامكاپ.
سۆزلىگۈم بار شامالدىنمۇ ئۇز
سۆزلىگۈم بار بولۇپ بىر كاپكاپ.
ئايال كىتاب ئاچاي باغرىڭنى
كىيىم ئىشكاپ ساقلىمىغىن سىر.
پىچەتلەڭلار مېنىڭ ئاغزىمنى
تىڭشاي بىردەم بارلىق ئەسلى بىر.

2

ھەسەلدەك تىتىيمىز
ئازاب دېگەن شۇ،
بەزىلەرگە مۇناسىۋەتسىز
بەزىلەرگە قان تىتىيدۇ سۇ،
سۆزلىگۈم كېلىۋاتىدۇ

3

شەھەرگە كىرگەن كۈچۈك
ئۈچ كۈندە ئىتقا ئايلىنار،
بۇ كۈنلەردە بولۇپ قالدىم شۇك،
بۇ كۈنلەردە سۆڭەكسىز ئەرلەر
سۇدەك ئۈستا يۇمشاق ياشاشقا،
تورمۇش دېگىز لەيلەيدۇ كۆپۈك
چۈك، ئۈن ــ تىنسىز ئايلىنىپ تاشقا. . .

## كېسەل ئىسسىم ۋە ساق ئىسسىم

نوگايدا ئىچىۋېتىپ سۇ
ئۇشتۇمتۇت ئاغرىپ قالدى ئۇ،
بالا.

ئەپكېلىندى دوختۇرخانىغا
كىرمىللا دېگەن ئىسىم بىلەن.

كىرپىكىدە سۇغاردى ئانا
ئۇنىڭ چىمدەك ئاجىز جىسمىنى
يۈتكىۋەتتى ئەسلى ئىسمىنى.
ئوپېراتسىيە قىلىنغاندىن كېيىن
مېڭىپ چىقتى بالا شوخ، تىمەن
ئابدۇللا دېگەن ئىسىم بىلەن.

كۆچىسە ئىسىم كۆچىدۇ كېسەل،
ئۇيغۇر دەرىخى ئاستىدا مانا
دۇئا قىلار ئاق چاچلىق ئانا.

## ئۆستەڭ بويىدا توختاپ

ئېقىپ كەتتىم خىياللارغا،
لاي سۇ ئاقار
سۆگەت سايىسىدا غاقىلدايدۇ غاز.
قۇم دانچىلىرى كۆزنى چاقار
سۇ ئاستىدا يەنە بىر ياز،
غەرق بولغان يەنە بىر خەلق.
بىز قېچىۋاتقان قىسقا كۈنلەردە
مەڭگۈلۈك نىمە قىلمايمىز پەرق.

بىراق
ئۆستەڭ سۈيى كەچىتىم ھېلىراق،
مەن شەھەردە ئۈزۈمدىن يىراق.
قارا سۇدەك ئاقار تىنىمىز
يورۇماقتا غازسىمان چىراق.

# قارىغاي ئورۇقى

قارىغايلىقتا كۆزى شامالنىڭ
گۈزەل، پىنھان، ئۈنسىز قارايدۇ،
يار رومالدىن مارايدۇ.

ئاق بۇژغۇنغا ئايلىنىپ تېزدىن
ھۆرلەر ئېقىپ چۈشەر ئېگىزدىن
ھۆل چېچىنى تاشلار تارايدۇ.

تاغ سۇلىرى
تاشتىن تاشقا
ئېقىپ چۈشەر
خىيال، تەشۋىش باشتىن باشقا.
بوشات قولۇڭنى،
سىيلاش ئۈچۈن ئوت — چۆپ، مۇخلارنى،
مۇزدەك قارىغاي ئورۇقىنى.
بوشات كۆزۈڭنى،
كۆرمىسۇن چىراغلارنىڭ يورۇقىنى.
بوشات ئېچىڭنى
توشۇپ كەتتى ئاۋاز، ئىدىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



قوپقۇرۇق كۆت، ئەك ئۇلۇغىنى.
كۆكنى ئىزدىسەڭ تاغلارغا چىق،
بۆكنى ئىزدىسەڭ تاغلارغا چىق،
بېشىڭدا بۇلۇت، ئايغىڭ تاش.
سۇلالىلەر كۆيەر مەغرىپتە
سۇ ئاستىغا پاتقاندا قۇياش،
جىلغىلار قان، سايلاردا ياش...

ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ
قارىغاي ئورۇقلىرىغا دەسسەپ
كىردىم ئايالنىڭ تېرىسىگە.



# جەنۇبتىن ئۇچقان چوغ

( چاتما )

## 1 . سەپەر

قېنى مەن،
شىمالنىڭ چىشىمىز شەھەرلىرىدە
يۇمشاپ، چاينىلىپ، ئېرىپ كەتكەن.
كىتاب، كومپيۇتېر، كۆگۈل زىدە
ئوخشاش ياشاۋېرىپ ھېرىپ كەتكەن.
ئىكران ئالدىدا بەش ياشلىق بالام
كۆللەرگە، دەرەخلەرگە ئەگىشىپ
كۆندىن كۆنگە قېرىپ كەتكەن.
ئىچىمىزدە سۆزلەش ئازابلىق
ئىچىمىزگە تىنىۋېرىش تەس،
غېربلىقتىن كەچتىم بولدى بەس،
قىلاي چوغدەك جەنۇبقا سەپەر.

## 2 . كىرىپ كەلدى پويىز كېچىگە

قاتار ـ قاتار ئۆلمىگەن تاغلار
قارا ـ قارا نەشپۈتلۈك باغلار
كىرەلمىدىم كورلا ئىچىگە.
چىققى شامال،
چىقمىدى ئۇيغۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ۋوگزال غېرىپ، ئىچىمدە يامغۇر
كېرىپ كەلدى پويىز كېچىگە.

كورلا
چۈشىمىز ئۇخلاۋاتاتتى.
تاڭ ئاتتى،
تېرەكلەرنىڭ كەينىدە
ئاقسۇ.

## 3 . ئاقسۇ

تومۇرلاردىن ئاققان سۇ
ئاق رەڭدە،
ئېرىق ـ ئۆستەڭدە،
بالىلار يۈيۈنماقتا قورقۇمسىز،
دالىلار چېگرا چۈشكەن يېشىل ئىز،
ئۆيلەردە ئوت كۆيەر تۇرخۇنسىز.

مۇنارلىرىغا كۈمۈش ئوردىنىڭ
تارىخ چەككەن نەقىشلەر ئېگىز.

خەنزۇ دېھقان
ئەگىم ئايدەك قىڭغىرىقى بىلەن
قىزىل تىلغان چاغدا تاۋۇزنى،
ئۇسسۇزلۇقۇم بولدۇقلار تېرەن
كىم توختاتسۇن بۇ پاراۋۇزنى.

رىلىس كېيىندىن يىغلايدۇ قاتار
پادىشاھى ئۆلگەن يولغۇنلار. . .

ئاقسۇ
دەرياسىدا قىزىل سۇ،
ئاسمىنىدا ئاقىدۇ سىماپ
تېرەكلەردە يېشىل سۇ.

### 4 . قۇم دەرۋازا

قۇم دەرۋازىغا كەلگەندە
ئوغلۇم بودرۇق بارماقلىرىنى
يۇلتۇزلارنىڭ كۆزىگە تىقىپ
قەشقەر گۈگۈمىغا چىقتى گۈل چېكىپ.

قەشقەر كونا تاملىقتىن چىقىپ
قېچىپ يۈرۈپ بىنالار ئارا
تاپالمايدۇ ئۆزىنى.

بالام ئاچتى كۆزىنى،
ھەممە نەرسە ئاقاتتى قۇمدەك
ھەممە ئادەم تارتىلغان ئۇندەك.

تاش بازىرىدا تاش يوق،
بىراق بىزنىڭ باردۇر ۋاقتىمىز
دەرۋازىسىز قۇم دەرۋازىدا.

ھەممىگە ئېرىشىپ باقمىز
ئايلانغاچقا كىچىك بالىغا.

## 5 . ئوردا ئالدى

قانغا بويالغان ئالتۇن تاج
دومىلاپ چۈشتى مەشرىقتىن يەرگە.

كۈن پاتقاندەك تۇيۇلماس
كوچىدا ماڭغان ھەربىر ئەرگە.

قىز ـ چوكانلار ئالدىراش
قولاقلىرى باغلانغان زەرگە.

پادىشاھ
قوغۇن تىلىپ ساتماقتا،
شاپاق بۆكى چۆمۈلۈپ تەرگە.

قېتىقچىنىڭ ئۇزۇن كىرپىكى
خانىشلىقتىن بېرىدۇ بەلگە.

چوچاقلىرى توپا شاھزادە
ئەركىنلىكنى ئۆگىتەر ئەلگە.

مەلىكە بىر ئېشەك ھارۋىدا
ھارۋا چاقى تەگمەس مەرمەرگە.

ئورغۇپ تۇرغان كۈچ ۋە مۇھەببەت
بىر جۇشقۇنلۇق بەرگەن شەھەرگە.

بىراق كىملەر ئۇردا ئالدى دەپ
ئىسمىم قويغان، قاچان بۇ يەرگە؟

## 6 . بازاردىكى دىۋىلەر

بويى تېرەكتەك،
ساقىلى چاڭگىدەك،
قوللىرى شاختەك.

ئوت كۆيۈۋاتقان غارغا
تونۇر دەپ ئات قويۇپ،
نان ياقىدۇ تاشتەك.

بازار باشقۇرغۇچىنى كۆرگەندە
يۈرىكى ماشتەك.

بىر ئۇيغۇر دىۋە،
دىۋە ئەمەس ناۋايكەن.

## 7 . پەيزىۋاتلىق قەلەمداش

بېكەتتە ئادەملەر
يولتۇزدەك.

كۆكۈمدىن چىقتى ئۇ
يۇلتۇزدەك.

ياتسىراش كۆتۈرۈلدى تېز
لەپپىدە.
ئادەم ئاتىنىڭ باللىرى بىز،
ئەسلىدە.

تاجى يوق خوراز
تەخسىدە،
ئاندىن كېلىمىزدا
تۇرۇپ قالدى غەم.

بىردەم
بىر ئەسىردىن كۆپ...
غەم.

شېئىرىدىكى قوغۇنلۇقتىن ئۇ
ئۈزدى بىر كۆكچى ناۋاتنى.
شەربەتكە ئايلانغان قانىمۇ ياكى سۇ
كۆرگەندەك بولدۇم پەيزىناۋاتنى.

## 8 . ئۆتەك

يېغىسار دەيدۇ،
تىرىكلەر ئاستىدا
ئۆلۈكلەر ئۈستىدە

بېشىنى يەيدۇ،
يول ئۈستىدە.

مازار ئېگىزدە،
پەستىكىسى ۋەيرانە ئۆي
ئايدەك قىزلار تۇندەك كېگىزدە.

قېتىق ئىچتىم،
ئۇزاق - ئۇزاق ئىچتىم كۈندۈزنى،
قاراڭغۇلۇق توشتى چىنىگە.

## 9 . يەكەنگە كىرىش

بېلىقنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ
قورسىقىنى چىقتۇق يېرىپ،
زەرەپشان دەرياسىنىڭ.

دەريا - دەريا ئادەم بىردەمدە
بىز يەكەنگە كىرگەندە.

دوپپىلار - كۆن
سۇدىن شولا تارتىپ چىققان.
ئېشەك هارۋا، ئات هارۋىدا
لەشكەرلەرمۇ ياكى دېھقان؟
بازار ئوخشار رىۋايەتكە.
نە - نەلەردە مۇگلۇق ئەزان
تاشلارنىمۇ ئېرىتىۋېتەر،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



قەلبلەر سۇ ئىبادەتكە.

شاھنامىدىن سۆزلەپ ۋايىز
ئۆتكەن شاھلارنى داڭلار،
خالايىق تۇيماي ئاڭلار —
چىۋىن ئۇچۇپ كىرسە ئاغزىغا.
ئاتلار كىشنەپ قىلىچلار ياڭرار
باش دومىلار سېپىل ئالدىغا.
قالدۇق سېپىل —
زامان ئۇپۇقىدا قالغان نۇر
يا قەدىمكى شېئىردۇر بىر قۇر،
مەنىسىنى بىلمەيمىز ھەتتاك...

كوچىلار كەڭ،
مەن يۇنۇس پەيغەمبەردەك
ئىزلىدىم پاناھ خەقلەر بىلەن تەڭ.

ياڭاق يوپۇرمىقى بىر ئىلىك توپا،
تالا قىزغۇچ، تىمتاسلىق گىلرەڭ،
كۆن پاتماقتا، دېرىزىدە جەڭ.

يەكەن — بىلىقتەك يەركەن،
ئىچ ـ باغرىدىن
ئۇيغۇر مىغىلداپ چۇۋۇلۇپ چىققان.

ئاي چىقماقتا كوچا ئاغزىدىن
ھەممە نەرسە گۈزەل ۋە پىنھان.

## 10 . ئالتۇنلۇق مەسچىتنىڭ ئىمامى

سەللىسىنىڭ بىر ئۇچىدا ئاي
سايە سالغاي يىلتىزىمىزغا،

دېگەن چاغدا مەسچىتكە ماڭاي
يولىمىزنى توسىدۇ شەيتان
ئۆزگىرىپلا پۇل ياكى قىزغا.

سەللىسىنىڭ بىر ئۇچىدا كۈن
ئالتۇن تارتساق ئاز، پەتىۋاسىچۇن.
ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ ئىمام
ئورۇن ئالدى يېڭىدىن
كىتابپۇرۇشىنىڭ سۇزۇك يېنىدىن.

كۈندۈز يېپىلدى،
كىتاب يېپىلدى،
يېپىلدى يۈزى
بىر ئادەمنىڭ.

مېيىتتىن يىراق تۇرساقمۇ گەرچە،
ئۆلۈم بىزگە بىر غېرىچ يەردە.
بەزىدە تىرىك ئۆلىمىز
يۈرەكلەر زەردە.

ئىمام قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇرىدۇ
بۇ شېئىرىم تۈگىگەن يەردە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## 11 . نۆل كىلومېتىر ①

تاغلىرىدا ئارسلان بار يۇرتىنىڭ
ئادەملىرى ئاسلان بولۇشقا
ئارىلىقى نۆل كىلومېتىر.

قاغىلىق
يوللىرى يىغىر،
يۈرىكى ئانار.
سايىسىدا دوك ياڭاقلارنىڭ
قىزلار باچكا قېنىدەك يانار.
ئەرلەر قىزىل پانۇس ئاستىدا
ئۆي ـ ۋاقىدىن، خوتۇندىن تانار.

بېلىقىنىڭ سۈزۈك ئىچ كىيىمى.
سۆكۈتىنىڭ بۈزۈلماس قىزلىقى.
لاتا پىچاقىنىڭ چاقنىغان بىسى.
چايخانىدىكى ۋەھىمە.
مېھرابلارنىڭ گۈزەل ئەگمىسى.
يوقاپ كەتكەن كىشى.
قۇياش قايناتقان بازار.
يۈرەكىنىڭ تېز ـ تېز دۈپۈلدىشى.
شەھۋەت بىلەن مەنسەپ.

① نۆل كىلومېتىر — قاغىلىقنىڭ شىنجاڭ ـ شىزاڭ تاشيولى بويىدىكى سايغا جايلاشقان قىزىل چىراغ رايونى.

غېرىبپ تىل ۋە مەكتەپ.
يوقاپ كەتكەن ئەر...

غۇنچىدەك قىزلار،
شەبنەملىرى تامار يۇلتۇزدەك
ئۆتكىنىدە يېنىگەدىن لىۋەن،
تۇرساڭ ئەگەر ئەرلىك تاج بىلەن.

مەن
ئۇھ تارتتىم ئېغىر.
قاغىلىقنىڭ يەرلىرى يېغىر.
قاغىلىقنىڭ ئەرلىرى نەدە؟
ئەتلەس شەپەق تارتقاندا پەردە.

كۇن يەكچەشمىدەك
غايىب بولدى ساي ئىچىدە.
ساي ئىچىدە يىگىتلەر قانسىز،
دادا پۇلسىز، باللار نانسىز.
پەيدا بولار كويقاپ كېچىدە
نۆل كىلومېتىر ئىچىدە.

## 12 . بىرىنچى ئوتتۇرا، 12 يېشىم

12 يېشىم
چىقىپ ئالمىلىق باغ ئىچىدىن
قۇش كۆزىدىن، سۆگەت چېچىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



جىگدىلىك يولدىن، سۆزۈك كېچىدىن
تارتىنغانچە كەلدى ئالدىمغا.
قوللىرىدىن يېتىلەپ ئۇنىڭ
سۆيۈپ قويدۇق، باستۇق باغرىمغا.
50 ياشلىق ئەي ئانا مەكتەپ
يىراقلاردا تۇردۇم كۆپ ئەسلەپ.

كىرگەندە دەسلەپ
12 يېشىم،
يوق ئىدى ئىشىم
ئوقۇشتىن باشقا.
ئاغرىمايتتى ئۇ چاغدا بېشىم
ۋەتەن، مىللەت ياكى ياشاشقا،
غەمسىز كۆنلەر قوينۇڭدا ئۆتكەن
ئوخشار ئىدى سۇدىكى تاشقا.

بىرىنچى ئوتتۇرا
سېدىلەرنىڭ سىماپ سايىسى
كىتابىمنىڭ بېتىدە قالغان.
ئۇستازلارنىڭ ئۈمىد- غايىسى
يۈرىكىمنىڭ قېتىدا قالغان.
يوغانغىنە كۆلۈك بار ئىدى،
ياپۇزلىرىڭ، گۈلۈڭ بار ئىدى،
قاتتىق نانىنى يەيتتىم چومۇرۇپ

رىغبەتلىرىڭ ماڭا يار ئىدى.

يىللار ئۆتتى مارجاندەك
چۈشتى يەرگە ئون ئىككى يېشىم.

ئىسىپ قوياي بوينۇڭغا ئانا
بۇ شېئىرىم، بۇ سېغىنىشىم.

## 13 . مۆشۈك

جىگدە قىزارغان.
جىمجىتلىق قاتقان.
هويلىدا زەنجىرلىك مۆشۈك،
بوينىدا قوڭغۇراق، پەنجىسى پاتقان
يەردىكى غازاڭنىڭ تومۇرلىرىغا،
يەردىكى گۈگۈمنىڭ قات ـ قات يۈزىگە.
هەممە نەرسە قاخشال ۋە مۇڭلۇق. .

هەممە نەرسە كىردى گۈگۈمگە،
كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە مەن يوق.

## 14 . تاشقا قايتىش

هاكقا ئوخشاش
ئېقىۋاتقان ئەسلىمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جەنۇب تاملىرىدىن،
يېشىل، ئاستا.

قايتىپ كەلدىم
ياشاشقا تاشتا.

ئۈرۈمچىنىڭ ئاغزىدا
ھاكتاش،
تۇرۇبا يولى،
ئاندا ـ ساندا سېرىق گۈللەر.
گويا چۆشتەك بىلىنىر
تال ـ باراڭلىق ئۇ كۈنلەر.

يۈزلەر ئېقىپ چۈشەر ئەينەكتىن
يۈز ـ كۆزلەردە كۆرۈنمەيدۇ قان.

چاي ئىچكەچ
تالاغا قارىدىم،
يامغۇر ياغماقتا ئاستا.

ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى،
چۈنكى بىز ياشايمىز تاشتا.

# ئۆچىنچى ئايغا كىرىش

توختىمىغان تەنلەر، تېرەكلەر
ماي يوللاردا قاغجىراش ئېگىز.
ئاستا ئۇنلەپ ئاقماقتا ئەگىز
لاي چۈشتىن كېيىن.
لاي چۈشتىن كېيىن
سۈزۈلمەكتىمىز مەنىسىزلىكتىن
بايقاپ قېلىپ بىر – بىرىمىزنى.

يېشىل قەبىلە ھېجىر تەشتەكتىن
چىقىپ كەلمەكتە، ئېقىپ كەلمەكتە.
بېيجىڭ قوۋۇرغىسى تاش شەھەر،
يورۇماقتا ئۈچەي – باغرىمىز
يەر دۈشىنىڭ ئاغزىدا سەھەر.

مەن نەم توپىغا ئامراق،
يېرىم كېچىدە مەن سېنى پۇراپ
ھۇزۇرلىنىمەن.
باللار لەگلەكنى قويۇپ بەردى،
يىپىمىزنى تارتار غايىب قول،
ئۈچىنچى ئايغا ئالماقتىمىز يول.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ENTER THE MARCH

*The bodies and poplars mowe on ,*
*on the asphalet dryness is high ,*
*snow is melting and flowing ,*
*and murmuring sweetly*
*It is a muddy afternoon .*
*It is a muddy afternoon ,*
*We grow transparent from emptynes*
*For suddenly we found each other .*
*The green tribe comes out and welling out*
*From  Flower – pot .*
*Beijing is a stone – rib city .*
*Down in the mouth of  lord of the earth*
*our guts glittering ,*
*nobody will feeling pity .*

*I love wet clay*
*at midnight*
*sniffing you and exciting .*
*The children are flying their kites*
*we are kites – an unknown hand takes our line*
*we entering the  March unhurriedly ,  as wine .*

## ئېنگلىزچە شېئىرىمغا ئىزاھات:

بىر كۈنى كومپيۇتېر تورىدا ئامېرىكىدىكى خەلقئارالىق شېئىرىيەت كۇتۇپخانىسىنىڭ تور بېتىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئىنگلىز تىلىدا شېئىر يازالايدىغان شائىرلار شېئىرىنى ئەۋەتىدىكەن. مەخسۇس كومىتېت باھالاش ئارقىلىق بۇ شېئىرلارنىڭ ئىچىدىن نادىرلىرىنى تاللاپ يىلدا بىر قېتىم مۇكاپاتلايدىكەن. مەنمۇ ئۆزۈمنى سىناپ باقماقچى بولدۇم.

مەن شۇ كۈنىلا ئۆزۈمنىڭ يېڭى يېزىلغان «ئۈچىنچى ئايغا كىرىش» ناملىق شېئىرىمنى ئىنگلىزچە ئۆرۈپ ئىنتېرنېت تورىدىن يوللىۋەتتىم. ئارىدىن توپتوغرا 24 كۈن ئۆتكەندە، يەنى 2002 ـ يىلى 14 ـ ئاپرېل ئامېرىكىدىن پوچتا ئارقىلىق ماڭا بىر پارچە خەت كەلدى. شېئىرىيەت جەمئىيىتىنىڭ باش مۇھەررىرى خوۋارد ئېلاي ئۆز قەلىمى بىلەن ئىمزا قويغان بۇ خەتتە مۇنداق سۆزلەر بار ئىدى: «ئادىل، شېئىرىڭىزنى ئەستايىدىل ئوقۇش ۋە تالاش ـ تارتىش قىلىش ئارقىلىق تاللاش كومىتېتىمىز خەلقئارالىق شېئىرىيەت مۇسابىقىسىنىڭ يېرىم ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىغا شېئىرىڭىزنى تاللىدۇق. چۈنكى بۇ شېئىردىن ئالاھىدە تالانتىڭىزنى ۋە سەنئەتكارلارغا خاس ئۆزگىچە تەسەۋۋۇرنى بايقىدۇق. بىز ھەريىلى مىڭلاپ شېئىرنى تاپشۇرۇۋالىمىز، ئۇنىڭ ئاز بىر قىسمىلا تاللىنىپ نەشر قىلىنىدۇ. بىز خۇشاللىق بىلەن سىزگە شۇنى يەتكۈزىمىزكى، ‹ئۈچىنچى ئايغا كىرىش› ناملىق بۇ شېئىرىڭىز ئۆز مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن خەلقئارالىق نەشر ئەپكارىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشتى. ئەمدى، سىزگە ئىلھام بولغان ھاياتىڭىزدىكى شېئىرنىڭ مەنىسى، بۇ شېئىرىڭىزنىڭ كەيـ

نىدىكى ھېكايە ياكى ئۆزىڭىزنىڭ شېئىرىيەت قارىشى ۋە ئۆزىڭىز ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنى بىزگە يەتكۈزسىڭىز. بۇ شېئىرنىڭ راستىنلا ئۆز ئىجادىيىتىڭىز ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئىشەنچلىك ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلىسىڭىز. ئەگەر خەت ئورۇش جەھەتتە خاتالىق بولسا ياكى گرامماتىكا جەھەتتە تۈزىتىشكە تېگىشلىك دەپ قارىسىڭىز ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تەھرىرلەپ ئەۋەتسىڭىز. . . »

مەن قاتتىق ھاياجانلاندىم. بۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى ھامان بىر كۈنى دۇنياغا تونۇتۇشتەك ئۇلۇغۋار ئارزۇيۇمنىڭ تۇرتكىسىدە توققۇز يىلدىن بېرى بوشاشماي ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشىمنىڭ دەسلەپكى نەتىجىسى ھەم 2000 ـ يىلدىن 2002 ـ يىلغىچە ئىنگلىز تىلى بىلەن ئەرەب تىلى تەڭ ئىشلىتىلىدىغان دۆلەت ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدە تۇرغان ۋاقتىمدىكى تىل مۇھىتى، پىداكارلىق بىلەن ئۆگىنىش ۋە شەيخ زاھىد كۇتۇپخانىسىدا بار بولغان ئىنگلىز تىلىدىكى بارلىق شېئىر توپلاملىرىنى ئاساسەن ئوقۇپ بولغانلىقىمنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

مەن باش مۇھەررىر خوۋارد ئېبلايىنىڭ تەلىپى بويىچە بۇ شېئىرىمنى يەنە بىر تەھرىرلەپ ئەۋەتىش ئۈچۈن شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدىكى كانادالىق ران جون ئەپەندىگە كۆرسەتتىم. ئۇ ئىككى يەردىكى گرامماتىكىلىق خاتالىقىمنى كۆرسىتىپ بەردى ۋە « ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىدە قەستەن گرامماتىكىلىق خاتالىققا يول قويۇشمۇ بىر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە دەپ قارىلىدۇ. ئەسلىدە بۇ شېئىرىڭىزدا چوڭ نۇقسان يوقكەن. شۇنداقتىمۇ مەن ئىنگلىز تىلىنىڭ گرامماتىكىسى بويىچە ئىككى قوشۇمچىنى تىركەپ قويدۇم» دېدى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە باش مۇھەررىر خوۋارد ئېبلايدىن يەنە بىر پارچە خەت كەلدى. ئۇ خېتىدە مۇنداق يازغانىدى: « قەدىرلىك ئادىل، مەن ھاياجان بىلەن سىزگە خۇش خەۋەر يەتكۈزمەكچى. سىز 33 شائىرنىڭ بىرى بولۇپ تاللىنىپ، ‹ شېئىرىيەتنىڭ ئاۋازى › دېگەن شېئىرلار

توپلىمىغا شېئىرىڭىزنى تاللىدۇق. بىزنىڭ تەھرىرلىرىمىز شېئىرىيەتنىڭ يۇقىرى ئۆلچىمى بىلەن تاللىغان بۇ توپلامغا شېئىرىڭىزنىڭ كىرگۈزۈلۈشى سىزنىڭ شېئىرىيەتتىكى تالانتىڭىزنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. بۇ شېئىرىڭىز ھەققىدىكى ئاپتورلۇق ئىسپاتىنى ۋە « شېئىرىيەتنىڭ ئاۋازى، ناملىق قاتتىق مۇقاۋىلىق توپلامغا شېئىرىڭىزنىڭ كىرگۈزۈلۈشىگە قوشۇلىدىغانلىقىڭىز ھەققىدىكى رۇخسەتنامىڭىزنى پوچتىدىن ئەۋەتىپ بەرسىڭىز. « شېئىرىيەتنىڭ ئاۋازى، ناملىق توپلامغا شېئىرى تاللانغان بىر شائىر بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن خەلقئارالىق شائىرلار جەمئىيىتىنىڭ ھەر يىلى ۋاشىنگتوندا ئۆتكۈزۈلىدىغان قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولدىڭىز. ئادىل، دوستلىرىڭىز، ئائىلىڭىز بۇ ئالاھىدە توپلامغا ئىسمىڭىز چىقىپ شېئىرىڭىزنىڭ كىرگۈزۈلگەنلىكىنى ئاڭلىسا جەزمەن خۇش بولۇپ كېتىدۇ...»

شۇنداق، بۇ خۇش خەۋەرگە ئۈمىدۋار، مېھرىبان خەلقىمىمۇ جەزمەن سۆيۈنىدۇ ھەم قان – تەرىم بىلەن يېزىپ چىقارغان بۇ شېئىرلار توپلىمىمنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق بولسىمۇ جەزمەن مېنى قوللايدۇ دەپ ئىشىنىمەن.

رەھمەت، ئاللا خالىسا بىر كۈنى بۇنىڭدىنمۇ زور خۇشخەۋەرلەر خەلقىمىزگە يەتكۈسى!

**سەمىمىي ئېھتىرام بىلەن:**

**ئادىل تۇنىياز**

**2003 – يىل 9 – ئاينىڭ 23 – كۈنى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى
مەسئۇل كوررېكتورى: زۇلەيخان ئەزىز
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مۇراددىل ئابىت
رەسسام: ھەمدۇللا ئابلىز

# چۈمبەلدىكى كۆز

## (شېئىرلار)

## ئادىل تۇنىياز

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى لۇڭيىدا باسمىچىلىق شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋقى: 16 قىستۇرما ۋارىقى 4
2003 - يىل 11 - ئاي 1 - نەشرى
2003 - يىل 11 ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3500
ISBN7—228—08255—9
باھاسى: 23.00 يۈەن

Adil Tuniyaz (1970 - ) was born in Karghilik, Kashgar. His childhood was spent in the village, among the peaceful country scenery and cluster of books. His father was a teacher who encouraged Adil to write poetry when he was very small. His first poem "*Transparent water*" was published in 1982. His first book of poems *If I Love You* was published in 1992 as he was studying at the Xinjiang University. This was followed by the collection of poems, *The Secret of a Single Poet* (1998), a book of critical essays with the title *The Nights of The Holy Land* (2003), and this one, *The Eyes Under the Veil*, his third book of poems.

Adil has a unique style in modern Uighur poetry. As you are reading his poems, you can hear the ancient voices of human beings from Central Asia , and the harmonious sounds between sand and men, oasis and cities. Also through his verses you can see bright beams of new life and death rising from the horizon of an old civilization.